


1985

# قەشقەر ئەدەبىياتى

1

Altun Oq

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىنى ئەبەيدۇللا مۇھەممەت لايىھىلىگەن

1 ـ بەتتىكى سۈرەتنى مىلك پى تارتقان



ئۈزۈم (سۈرەتنى چېيۇ لىن تارتقان)



ئات تاقلاش (ماي بوياق رەسىم) ئابدۇۋايىت سىزغان

# قەشقەر ئەدەبىياتى


1985 - يىل 1 - سان

**14 - يىل نەشرى**

(ئومۇمى 62 - سان)


AltunOq


قەشقەر ۋىلايەتلىك

ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

# بۇ ساندا


| | | | |
|---|---|---|---|
| كات | (ھىكايە) | ئابلىمىت ھاجى | 1 |
| مال ساتقۇچى قىز | (ھىكايە) | ئابلىمىت سابىر | 9 |
| سەيلەر پاچىمەسى | (پوۋېست) | ئەخەت تۇردى | 12 |
| ئايخاننىڭ خوشاللىقى | (ھىكايە) | ئېلىجان ئابىخان | 88 |
| «جاپاكەش» نىڭ قەلبى | (〃) | قاۋۇل ساۋۇر | 48 |
| يېڭى دىرېكتور | (〃) | تۇرۇپ ئوبۇل | 50 |
| دام ـ دام | (〃) | ئوبۇلھاشىم قاسىم | 92 |
| ئەجىبا | (〃) | يارمۇھەممەت تاھىر | 95 |
| گۇناھكار «سىز» | (〃) | ماھىگۈل پەخرىدىن | 58 |
| تاك خەۋەرچىسى | (〃) | تۇرسۇن زومۇدۇن | 60 |
| رومكا تۈۋىدىكى پاراڭ | (〃) | ئابلەت يۈسۈپ | 61 |
| «يۈك» | (〃) | ئابدىرېھىم ئابلىمىت | 64 |
| ئەبىنىڭ «خوشاللىقى» | (〃) | زۇنۇن تاھىر | 63 |
| ئىككى پارچە خەت | (نەسىر) | بۇلبۇل ئەكرەم | 98 |
| يېڭى يىل ئىلھامى | (نەسرى شېئىر) | ئەنۋەر ئىسمايىل | 102 |
| تونۇماس چېچەكلەر. — ئەھمەد زىيائى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا | (ماقالە) | ھاجى ئەخمەت | 16 |
| غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر | | ئەھمەد زىيائى | 24 |
| ئالىم (مومىن) ھەمرايېۋ ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى | (ماقالە) | ئابدىرېھىم سابىت | 27 |
| ئېغىر كۈنلەردە | (پوۋېست) | مومىن ھەمرايېۋ | 33 |
| رىزۋانگۈل | (داستان) | دىلبەر قېيۇم | 66 |
| ئىككى شېئىر | (ھەجۋى) | ئابلەت ئىسمايىل | 73 |
| ئىككى شېئىر | | مەمتىمىن ئەخمەت | 42 |
| پىلىنىڭ ئۆلۈمى | (مەسەل) | ئابدىرازاق ئەخمىدى | 45 |
| روبائىيلار | | ئابلا ئوسمان | 43 |
| ۋەتەن مۇھەببىتى | (مۇخەممەس) | مەھەممەت روزى | 72 |
| شېئىرلار | | مىجىت نىزامىدىن، ياسىنجان ئەمەت، خۇدابەردى ياقۇپ، توختى ھوشۇر، ئابدۇللا مۇھەممەت، ئابلىمىت سەمەت، ياسىن مۇسا، دىلبەر ھەبىبۇللا، ئاتاۋۇللا نىزام، ئابدۇللا ئېلى، خالىدە ئابلىز، ئىسرائىل ھوشۇر، ئەركىن ئەبەيدۇللا، گۈلچىمەن نىياز | |
| پەرھاد ـ شىرىن | | ئومەر باقى يەركەندى | 79 |
| رەنايى جاھان | | | 114 |
| بەختىيارنىڭ بەختى | (چۆچەك) | | 110 |
| ئەقىللىق شاھزادە بىلەن گوھەرە مەلىكە | (چۆچەك) | | 121 |
| باتۇر يىللارنىڭ ئەزىمەت كۈيچىسى | (ماقالە) | | 103 |
| ئومەر مۇھەممەدى شېئىرلىرىدىن | | | 107 |


بۇ ساندىكى قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئەبەيدۇللا مەھەممەت سىزغان، ھۆسنىخەتلەرنى جۇمە ئابدۇللا يازغان

# ئات

(ھېكايە)

ئابلىمىت ھاجى

1975 - يىلى قىش...

ئىككى كۈندىن بېرى توختىماي يېغىۋاتقان قار تېخىمۇ ئەۋجىدەپ، قۇيۇندەك پىقىراپ "پاختەكتەك، توغايدەك» چۈشمەكتە. يەر - زېمىن، دەل - دەرەخ، ئۆي - ئىمارەتلەر ئاپپاق "كىگىز»دىن ئۈستى-ئۈستىلەپ يېپىنچا يېپىۋالغان. ھاياتلىق غەپلەت ئۇيقىسىغا پېتىپ چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، ياكى توساتتىن نەپىسى بوغۇلۇپ تۇنجۇقۇپ قالغاندەك، ھەممە ياقتا بىر تىمتاسچىلىق ھۆكۈمران. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان كېچە - كېچىلەپ ھۇۋلاپ چىقىدىغان دادۇينىڭ دىسەكچىسى "ئالا بويناق»، مۇ ئۆۋۈسىنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ، بېشىنى قۇيرۇغىغا تىققىنىچە شۈمشىيىپ ياتاتتى. قار سوغۇقى ھەممىنى ئۆزخانىمانى ۋە ئارامگاھىغا بەنت قىلىۋەتكەن ئىدى.

مەن دادۇيدىن چىقتىم. پۇتۇمدا يوغان پىيما، ئۇچامدا ئۇزۇن جۇۋا، قولۇمدا تېيىنىدىغان بىر ھاسا، قۇلاقچامنى چۈمكۈرۈپ كىيىپ، يوتامغىچە قار كەچكەن ھالدا ئىلگىرى - ئىلگىرى قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتىمەن. ئاسمان بەخش قىلغان يۇمۇلاق، ئۈچ بۇرجەك، چاقىراق شەكىللىك قىش گۈللىرى ئۈستىبېشىمنى بىزەپ، ئاق شايىدىن تون كەيدۈرمەكتە. مەن بارغانسېرى قار بوۋايغا ئوخشاپ قالماقتىمەن. ھەي - ھەي!... تەبىئەتنىڭ مەمۇرچىلىق ۋە بەركەتتىن بىشارەت بەرگۈچى بۇ مۆجىزاتى- نەقەدەر گۈزەل - ھە؟! بۇ قار مەندەك بىر قارغا دىلى شەيدانىڭ مەيلىنى ھۆسنىگە تارتتى، كۆزلىرىم چەكسىز كەتكەن قار دېڭىزىغا قاراپ ھوزۇرلىنىشتىن مۇنەۋۋەر بولدى. ئەزەلدىن قارغا ھېرىسمەن كۆڭلۈمگە خوشۋاقلىق يۈزلەندى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئاستا غىڭشىپ، بىر شائىر يازغان مۇنۇ ناخشىنى ئېيتىشقا باشلىدىم:

www.uyghurkitap.com



مەن نېچۈن چۈمۈلمەي ئىلھامغا شۇئان،
ئاقىرىپ تۇرغاندا پامىر ئېتىكى.
مەن ئۈچۈن گۈلگە تەڭ مەڭزىمگە قونغان،
يۇمشاق قار ئۇچقۇنى ـ قىشنىڭ چېچىكى.

.......................................

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىلمەيمەن، مېڭىپ ـ مېڭىپ بىر مەھەللىگە كىلىپ توختۇدۇم ـ دە، باشقا جايلارغا قارىغاندا بىر ھەسسە قېلىن قار بىلەن قاپلانغان تانۇك كوچىنىڭ دوقمۇشىدا تۇرۇپ ئەتراپىمغا سەپ سالدىم. مەھەللىدە سوقما تاملاردىن قوپۇرۇلغان ئالتە ئۆيلۈك كىشى بولۇپ، مەھەللىنىڭ تارىخىغا گۇۋا بولغىدەك بىرەر تۈپ قىرى دەرەخمۇ كۆزگە چېلىقمايتتى. ھەر بىر ئۆينىڭ ئالدىدا تېخى قويۇلغىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان، ئادەمنىڭ يوتىسىدەك توملۇقتىكى بىر نەچچە تۈپتىن سۆۋادان تىرەك ئاپپاق قارغا چۆمۈلۈپ قىشلىق ئۇيقىسىنى ئۇخلاۋاتاتتى. ئۆيلەرنىڭ بەزىسىنىڭ ھويلىسىمۇ يوق، كىشى بوسوغىدىن پۇتىنى ئالسىلا يولغا چىقاتتى، بەزىلىرىنىڭ تاملىرى قىيشىپ كەتكەن، ھېلىلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. تاڭ ئاتقىلى خېلى ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، تېخى بىرەر ئۆينىڭ ئىشىگىمۇ ئېچىلمىغان ئىدى. كوچا جىمجىتلىق، ھەر كۈنى ئەتىگەندىلا ئۆۋىلىرىدىن چىقىپ، دان ئىزدىشىپ، توپ ـ توپى بىلەن ئۇچۇپ يۈرىيدىغان ئاق قۇچقاچلارمۇ كۆزگە كۆرۈنمەيتتى. بۇ ھال كۆڭلۈمگە بىر مىسكىنلىك بېغىشلاپ، قەلبىم جامىغا قۇيۇلغان بايا تىنىقى قار تەسىراتلىرىنى ئاللا قاياقلارغىدۇر ئۇچۇرۇپ كەتتى. مەن ئويلىماقتىمەن: كەپىلەرنىڭ ئىچىدىكى كىشىلەر نېمە كويىدىدۇ، قانداق ياشاۋاتقاندۇ؟!

ئالدىمدىن ـ مەھەللىنىڭ چېتىدىن كەلگەن توكۇلدىغان بىر ئاۋاز ئويۇمنى بۆلىۋەتتى.

مەن تانۇك كوچىدىكى قېلىن قارغا قاراپ ئاياغ باستىم ـ دە، مانا ـ مانا بېلىمگىچە قارغا چۆكۈپ قالدىم. مەن ئۆز ـ ئۆزەمگە: ماڭ، ئالدىڭغا ماڭ! سەن بۇ دادۇيگە ئۆز ئىختىيارلىغىڭ بىلەن بىر ياخشى ئىستەك ئۈچۈن كەلگەن ئەمەسمىدىڭ؟! شۇ ئىستەك يولىدا بۈگۈن قېلىن قارغا پىسەنت قىلماي تەكشۈرۈشكە چىقتىڭ، ماڭ! بۇ كەپىلەرگە بىرمۇ ـ بىر كىرىپ چىق! بۇ ھاياتلىق سەھنىلىرىدە خىلمۇ ـ خىل ئىشلارنى كۆرىسەن. قېنى، ماڭە، ماڭ... دىدىم.

مەھەللىنىڭ چېتىگە كەلگىنىمدە، ھويلا تاملىرى پۈتۈنلەي ئۆرۈلۈپ كېتىپ ۋەيرانلاشقان، شىمالى تېمى چاك ئاجراپ يىقىلاي دەپ قالغان بىر ئۆيگە كۆزۈم چۈشتى. ھېلىقى توكۇلدىغان ئاۋاز دەل مۇشۇ ئۆيدىن چىقىۋاتاتتى. مەن ئىشىكنى ئىچىپ ئۆيگە كىردىم.

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

غەرق تۈتۈنگە تولۇپ كەتكەنلىكتىن ھېچنەرسىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بۇ ئۆيدىن جاۋاپ ساداسى ئاڭلانمىدى. سىنچىلاپ قارىغىنىمدا، ئەشۇ قاراڭغۇچىلىقنىڭ ئىچىدە، ئوچاقنىڭ ئالدىدا بىر ئايال ئوت پۈدەپ ئولتۇراتتى. ئوچاقنىڭ ئالدى سامانىنىڭ كۆلگە تولۇپ كەتكەن، ئۇنىڭغا سېلىپ قويۇلغان بىر نەچچە تال قۇرۇق ئوتان بولسا، ئۆچەي دەپ قالغان سامان ئوتىنىڭ ئۈستىدە تېخىچە تۈتاشماي تۈتەپ تۇراتتى. چىقمىدىغان يەر تاپالماي ئۆيدە قايمۇقۇپ يۈرگەن ئاچچىق تۈتۈن مەن ئىچىۋەتكەن ئىشىكتىن قاپلىشىپ چىقىشقا باشلىدى. ئۆيەمۇ بىر ئاز يورىدى، مەن شۇ چاغدا ئۆينىڭ جەنۇبى تېمىغا ياقىلىپ قويۇلغان كاتنىڭ بىر

AltunOq

تەرىپىنى ئۆز تېنى بىلەن توسۇپ تۇرغان
بىر ئەر كىشىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ ئالدىدا ـ
يەردە بىر نەچچە تال قۇرۇق ئوتان تۇ ـ
راتتى. ئۆينىڭ كۈن پېتىشتىكى تام تەرىپىدە
بىر ئەسكى يوتقان ئىچىدە كۆزلىرىنى پارقى ـ
رىتىپ ئىككى بالا ياتاتتى. مەن ئىشىكنى يې ـ
پىۋېتىپ، ئىككىلىنىپ تۇرمايلا، ئۆينىڭ تۆر
تەرىپىگە ـ ئوچاقنىڭ ئالدىغا سېلىنغان بىر
ئەسكى تېرىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇردۇم.
ئايال تېخىچە يەردىن بېشىنى كۆتەرمەي، ئوت
پۈدەش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئەر بولسا، بىر
ئەندىشە ئىچىدە قورقۇپ تۇرىۋاتقان كىشى ـ
دەك، بارغانسېرى كاتتا چاپلىشىپ، تۇرغان
ئورنىدا قىمىرلىماي تۇراتتى. باللار مەن ـ
دىن يىتىقاشقان بولۇشى مۇمكىن، ئەمدى يوت ـ
قاننىڭ ئىچىگە پۈركىنىشىۋالغان ئىدى ئو ـ
چاقتىكى ئوت تېخىچە تۇتەپ تۇرماقتا...

مەن يانچۇغۇمدىن سەرەڭگىنى ئېلىپ ياق ـ
تىم ـ دە، ئوتنى تۇتاشتۇرۇۋەتتىم. قۇرۇق
ئوتان گۈرۈلدەپ كۆيۈشكە باشلىدى. قىپ ـ
قىزىل ئوت گۈللىرى ساما سېلىشىپ، بۇ ئا ـ
ئىلىگە قانداقتۇر بىر ئىللىق هايات بېغىش ـ
لىغاندەك بولدى. مەن قولۇمنى ئوتقا قاخلاپ
ئىسسىنىۋېلىپ، تېخىچە زۇۋان سۈرمەي كاتتا
چاپلىشىپ تۇرغان ئەر كىشىگە قاراپ:

ـــ قېنى بۇرادەر، كېلىڭ، ئوت سۇنۇڭ!
نىمە ئۈچۈن كاتتا چاپلىشىپ تۇرىسىز؟ مې ـ
نىڭ ئۆيۈڭلەرگە كىرگىنىمگە
خاپا بولۇپ قالدىڭىزمۇ ـ يە؟ ئوتنىڭ
ئالدىغا كېلىڭ! ۋاي ـ ۋۇي، بۇ ئوت نىمە
دىگەن چىرايلىق ـ هە؟! ـ دىدىم.

ئۇ، گويا كاتتا مىخلىنىپ قالغاندەك، چاپ ـ
لىشىپ تۇرۇپ:

ـــ بولدى ـ بولدى، كادىرىمىز، توڭمۇدۇم،
مۇشۇ يەردە تۇرىۋېرەي، ـ دىدى.

مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ، قەلبىنى ئې ـ
رىتمەكچى بولۇپ، چىرايىمغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ
چاقچاق قىلدىم:

ـــ ئۆيىڭىزگە سالام بېرىپ مېهمان كىرسە
ئەلەيىك ئالمايسىز، ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىل ـ
مايسىز، مېهمان ئۆزىنى ئۆزى مېهمان قىلىپ،
يەنە سىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلسا، ئول ـ
تۇرمايسىز، قىزىق بۇرادەر ئىكەنسىزغۇ؟! ئو ـ
چاقنىڭ ئالدىغا كېلىڭ!

ـــ ئوخشاش، كادىرىمىز... ئوخشاش.

ـــ ئوخشاش بولغىنى نىمىسى؟ مېهمان ئۆ ـ
زىنى سىزگە ئۆز هىس قىلىپ، تەكەللۇپسىز ـ
لا تۆردىن ئورۇن ئالغان يەردە، سىزنىڭ
ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇشىڭىز يوللۇق ئىشمۇ؟

ـــ خىجىل قىلمىسىلا، كادىرىمىز.

ـــ هازىر سىز ئەمەس، مەن خىجىل بولى ـ
ۋاتىمەن... هېچبولمىسا، چېكىدىغانسىز؟ بې ـ
رەر تاتىمىدىن چېكىشىۋالمامدۇق؟ كېلىڭ!

ئۇ ئىلاجسىز ۋە قورۇنغان هالدا ئوچاق ـ
نىڭ ئالدىغا كەلدى. لېكىن، پات ـ پات ئار ـ
قىسىغا ـ كاتتا قاراپ قوياتتى. كۆڭلۈمدە
بىر گۇمان تۇغۇلدى ـ دە، كۆزۈمنىڭ قۇي ـ
رۇغىدا كاتتا قارىدىم ۋە ئاجايىپ بىر هال ـ
نى كۆرۈپ، يۈرۈگۈم جىغغىدە قىلىپ كەتتى.
مەن ئۇنىڭ كاتتا نىمە ئۈچۈن شۇنچە مەھ ـ
كەم چاپلىشىۋالغانلىقىنى ئەمدى بىلدىم. لې ـ
كىن، ئۆزەمنى تۇتىۋېلىپ، كاتتىن كۆزۈمنى
ئۈزۈپ، ئەر ـ ئايال ئىككىسىگە
كۈلۈمسىرەپ تىكىلدىم. ئايالنىڭ تاغاق سې ـ
لىنمىغىنىغا خېلى بولغانلىقتىن، ئاق چاچلىرى
پاخپىيىپ كەتكەن بېشىدا بىر نەچچە يېرى
يىرتىلىپ كەتكەن، رەڭگى ئۆڭەپ جۇلالىسى
قالمىغان بىر تورومال، ئۈچىسىدا كۆك كاجى ـ
دا تىكىلگەن، ئۇزۇن يەل كىيىلگەنلىكتىن
مايلىشىپ، كىرلىشىپ كەتكەن، يەك ئۈچلىرى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاياغ پەۋىزلىرى يىرتىلىپ، مازلىرى كۆرۈ-
نۈپ قالغان چاپان بار ئىدى. پىشانە ۋە كۆز
جىيەكلىرىنى ئاپتاپتا قۇرۇپ قالغان پەتىنگا ن-
دەك قورۇقلار باسقان بولۇپ،
بىر قاراشتىلا ئەللىك ياشلاردا
باردەك قىلاتتى. ئەرنىگمۇ كىيىم - كېچەك-
لىرى جەرىدە، رەڭگى سۇلغۇن، تېنى ئورۇق
ئىدى. يېشى بولسا ئەللىك بەشنىڭ قارىسى-
نى ئالغاندەك تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا قەغەز،
تاماكۇ تۇتتۇم،ئۇ ئوتاندەك بىر ئورام تا-
ماكۇ ئورىۋالغاندىن كېيىن، كەينى - كەينى-
دىن شوراشقا باشلىدى. ئاچچىق تۇتۇن تۇر-
خۇندىن چىقىۋاتقان ئىسقا ئوخشاش ئۇنىڭ
ئاغزىدىن ئەمەس، بۇرۇن تۆشۈكلىرىدىن
چىقماقتا ئىدى.

— خوش، بۇرادەر، ئېيتىڭا، ئىسمىڭىزنى
كىم دەپ سورايمىز؟

ئۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن جاۋاپ بەردى:

— پازىلجان دىسىلە بولىدۇ، كادىرىمىز.

— ھە، پازىلجان دەڭ، نەچچە ياشقا كىر-
دىڭىز؟

ئۇ ماڭا تىكىلگىنىچە، بىردەم جىم بولۇپ
قالدى. كېيىن خوشياقمىغاندەك، نامەلۇم بىر
ھېجىيىش بىلەن:

— كۆرگەن كۈنلىرىمىزدىن قارىغاندا مىڭ
ياشقا كىرگەندەك تۇرىمەن. ئەمما، راستىنى
ئېيتقاندا،خۇدا بۇيرىسا، بۇ يىل كۆزكەلسە ئوت-
تۇز بەش ياشقا كىرىمەن.

— ئوتتۇز بەش ياشقا دىدىڭىزمۇ؟

ئۇ مېنىڭ قايتا سورىغانلىقىمدىن ئىشەن-
مىگەنلىگىمنى پەم ئېتىۋالدى بولغاي، دىدى:

— شۇنداق، ئوتتۇز بەش ياشقا كىرى-
مەن. سىز بۇ ئەپتىمگە قاراپ ئىشەنمەيۋا-
تامسىز؟ سىزنىڭچە، مۇشۇ تۇرۇقۇمدا ئاتمىش
ياشقا كىرگەندەك تۇرامدىمەن؟ راس، ئات-
مىش ياشقا كىرگەندەك تۇرىمەن ھەي!...

ئۇ گېپىنىڭ ئايىغىنى يۇتىۋەتتى - دە،
يېرىمى كۆيۈپ كولۇڭغا چۈشۈپ قالغان ئو-
تانلارنى بىر - بىرلەپ ئېلىپ ئوتنى ئوڭلاپ
قويدى. مەن سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۇش مەق-
سىدىدە، ھىسياتىمنى يوشۇرۇپ:

— سىزنى ئۇنچىۋالا قېرى چاغلىمايمەن.
مەنمۇ ئوتتۇز - ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسى-
داكۆرگەن ئىدىم، - دىدىم.

— ماقۇل، مەن شۇنچە ياشقا كىرگەن بو-
لاي، ئېيتىڭا ئەمدى، ماۋۇ ئايالىم قانچە ياشقا
كىرگەندەك تۇرىدۇ؟ - دىدى ئۇ.

ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى سۆھبەت دەرۋا-
زىسى ئەمدى رەسمى ئېچىلغان ئىدى. شۇڭا
مەن ئۇنىڭغا تەبەسسۇم بىلەن قاراپ:

— مېنىڭچە، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ئۆتتۇز
ياشلاردا باردەك قىلىدۇ، - دىدىم.

— كۆڭلىڭىزدىكىنى دەڭ!

— كۆڭلۈمدىكىسى شۇ...

— ياق، سىز كۆڭۈل ئاياۋاتىسىز. ھازىر كىم-
مۇ مېنى ئوتتۇز بەش ياش، ئايالىمنى ئوت-
تۇز ياش دەيدۇ؟ ئىككىمىز مۇشۇ تۇرقىمىز-
دا بوۋاي - موماي غائوخشىمامدۇق؟ ھەي!...

ئۇ تاماكىنى قاتتىق بىر شورىدى - دە،
يەنە جىم بولۇپ قالدى. ئايىلى بولسا، يەر-
دىن ئۈستۈن قارىماستىن، بېشىنى ساڭگىلىتىپ
ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان ئىدى.

— ھە، بۇرادەر، ئايىلىڭىزنىڭ يېشى توغ-
رىسىدىكى مۆلچەرىم توغرىمۇ - يوق؟ - سورى-
دىم مەن.

ئۇ بىر ئاز سۈكۈتتىن كېيىن، ئايىلىغا
قاراپ:

— ھەي تاجىگۈل، ئۆزەڭ دەپبا قىقىنە، نەچچە
ياشقا كىرگەنسەن؟ - دىدى.

ئايال يەردىن بېشىنى كۆتەرمەي تۇرۇپ

جاۋاپ بەردى:

— دادام: ئوتتۇز ياشقا كىردىڭ، داۋاتقانغۇ!

ئېچىنارلىق ئىش دېگەن ماناشۇ. مەن ئوقۇغان قايسى بىر كىتاپتا: ئادەمنىڭ ئەللىك ياش ۋاقتى — قۇياشنىڭ تىكلەشكەن ۋاقتىغا ئوخشايدۇ. قۇياش تىكلەشكەندە، يەر-جاھانغا ئۆتتەك تەپتى بىلەن نۇر چاچىدۇ. ئادەممۇ ئەللىك يېشىدا كامالەتكە يېتىدۇ، دەپتىكەن. باياتىن مەن ئەللىك، ئەللىك بەش ياش ھېساپلىغان بۇ كىشىلەر تېخى ئاران ئوتتۇز، ئوتتۇز بەش ياشتا ئىكەن. ئەپسۇسكى، بۇلارنىڭ چىرايلىرىدا قېرىلىقنىڭ ئالامەتلىرى رۇشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ”ھەي يوقسۇزلۇق، سەن مىسكىنلىك بىلەن بوينىڭنى قىسىپ تۇرۇپ، قاپلاندەك يىگىتلەرنىڭ قەددىنى يادەك ئېگىپ، ئالمىدەك قىزلارنىڭ رەڭگىنى سولاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ جىمى ئارزۇلىرىنى دەپسەندە قىلغۇچى ئوغرىسەن — دە!» مەن شۇنداق ئويلىماقتا ئىدىم.

شۇ چاغدا يوتقاندا ياتقان بالىلاردىن بىرى:

— ئانا، نان... ئانا، قوسۇغۇم ئېچىپ كەتتى! — دەپ توۋلىدى.

ئەمما، بالىنىڭ تەلىۋى جاۋاپسىز قالدى. جاۋاپسىز قالدىلا ئەمەس، نانىنىڭ ئورنىغا — بۇ بالىلارغا ئاتا-ئانا بولغۇچى — بۇ ئىككى ئىنساننىڭ يۈرىگىدىن چىققان ئېغىر بىر خۇرسىنىش ئاھى ئاتا قىلىنغان ئىدى. نان تەلىۋى بىلەن خورسىنىش ئاھى ئارىغا جىمجىتلىق بەخش ئەتتى.

مەن بۇ پۇرسەتتە ئۆيگە كۆز تىكتىم. ئەنە ئۇ يەردە كىچىك بىر ياغاچ تەگلىدە، لىققىدە قەلەم قىلىپ توغرالغان، ئۈستىگە ئۇششاق چانالغان سامساق سېپىلگەن تۇرۇپسەي تۇراتتى. بىر يېنىدىن ئازراق ئېلىنغانلىغىدىن قارىغاندا، پۇشۇرۇلغان بولسا كېرەك.

— ئۇ تۇرۇپنى نېمە قىلىسىلەر؟ — سورىدىم مەن.

پازىلجان ماڭا لاپپىدە قاراپ، ئاۋال پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى، كېيىن ھەسرەت بىلەن ئېغىر تىنىپ:

— يەيمىز، — دېدى.

— يەيمىز ؟!

— ھەئە، يەيمىز... كادىرىمىز، يەيمىز...

— ئاشىڭلار، تۈگەپ كەتكەنمۇ؟

— نىكەم.

— نېمىشقا دادۇيگە ئېيتمىدىڭلار ؟

— ئېيتماي تۇرامدۇق، ئېيتساق ئاشنىڭ ئورنىغا دەشنام يەيمىز. نورماڭنى نېمىشقا يەتكۈزمەيسەن، دەپ ئازار بېرىدۇ. نورمىنى يەتكۈزەيلى دېسەك، بېرىدىغىنى-كۈنىگە ھەلىقى ئون ئىككى سەر پاتاق قوناق، ياكى تېرىق... ئۇنىڭ ئۈستىگە، ”بىرىشى ئۈچ تەڭگە، ئېلىشى بەش تەڭگە» دېگەندەك، ئىشنىڭ ئېغىرلىغىنى دېمەملا؟ ھەي!...

ئارىنى ئېغىر سۈكۈت باستى. قەلبلەر ئېچىنىش ۋە غەم تىرنىغىدا تىلىنماقتا ئىدى.

— قالايدىغىنىڭلارمۇ يوق ئوخشىمامدۇ؟ — دېدىم مەن ئارىدىكى سۈكۈتكە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن.

— شۇنداق.

— شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كاتىنى يېرىۋەتتىڭلارمۇ؟

ئۇ، گويا جېنى گېلىغا قاپلىشىپ قالغاندەك تاتارغىنىچە، تۈپرىگىنى يۇتۇشقا باشلىدى. ئۈژمە ياغىچىدىن ياسالغان، گىرۋەك ۋە رايىكىلىرى گۈزەل نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن، ئاستى تەرىپى چاقماق شەكلىدىكى پەنجىرلىك،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بەش ئېغىزلىق بۇ كاتتا، ئۇيغۇر ياغاچچىلىق سەنئىتى نامايەن قىلىنغان ئىدى.

— ئېيتىڭا، ئۇنى يېرىشقا قانداقمۇ قولىڭىز بارغاندۇ؟

ئۇ سۈكۈتتە ئىدى.

— ئېيتمامسىز؟

ئۇ يىغلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىرجۈپ كۆزىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان مۇنچاقتەك يېشى كولۇكدىكى ئىسسىق كۈلنىڭ ئۈستىدە پاژىلداپ تۇراتتى.

— ئۇ سىزگە ئاتا مىراس بولغىدى؟

— تاماكىلىرىنى بىر چەكتۈرسىلە!— دېدى ئۇ توختىماي ئېقىۋاتقان كۆز يېشىنى يېڭى بىلەن ئېيتىۋېتىپ. مەن ئۇنىڭغا تاماكا بەردىم، ئۇ بىر تال تاماكا ئوراپ تۇتاشتۇرۇپ، ئاچچىق شورىدى. ئۇ گويا يۈرىكىنى چىرمىۋالغان دەرت ئەلەمنى مۇشۇ تۈتۈن بىلەن بولغۇقتۇرۇپ تۈگىتىۋەتمەكچى بولغاندەك، كەينى-كەينىدىن شورايتتى. مەن ئۇنىڭدىن جاۋاپ ئېلىش ئۈمىدىدە ئېغىز تىنماي، زوۋان سۈرمەي ئولتۇراتتىم. ئۇمۇ جىم ئولتۇرماقتا ئىدى.

— گەپ قىلمامسىز؟— مەن ئۇنى جاۋاپ بېرىشكە قىستىدىم.

ئۇ يەنىلا گەپ قىلمايتتى، مىشىلداپ يىغلىغىنىنى يىغلىغان ئىدى.

شۇ چاغدا بايا تىنىدىن بىرى بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە، گويا تىلسىز بۇتتەك ئولتۇرغان ئايال ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ:

— شۇنداق، ئۇ بىزگە ئاتا مىراس ئىدى،— دېدى.

ئايالنىڭ ئاغزىدىن تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك چىققان بۇ سۆز پازىلجاننى مەدەتلەندۈرگەن ئىدى.

— شۇنداق، ئۇ ماڭا ئاتا مىراس ئىدى. ئاتامغىمۇ ئاتا مىراس ئىدى. بۈگۈن بولسا، ئۆيدە يەيدىغانغا تېخى يوق، قالايدىغانغا تېخى... ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئاش تۈكۈلمەي ئۆمۈچۈكلەرگە ماكان بولۇپ قالغىنىغا ھەلەم بولدى... بۇ سوغاقتا ئۆلۈپ قالساق بولماس! يېرىۋەتتىم. زىمىستاندىن سالامەت چىقىۋالساق بولمىدىمۇ؟!

— بىراق،— دېدىم مەن،— ئاتا مىراس ھاياتىمىزنىڭ مىۋىسى، سائادىتىمىز — ئاتىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن تەۋەرۈكى، خاتىرىسى. ئۇنى كۆز قارچۇقىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ، ساقلىشىمىز كېرەك ئىدى-دە!

— ھەي!... كادىرىمىز، ئۇغۇ شۇنداق ئىدى. ئەپسۇس...

— ھە، نېمە ئەپسۇس؟

— ئەپسۇس، شۇ، ئەپسۇس...

— ماقۇل، ئەپسۇسمۇ، بولسۇن، كېيىنچە يەنە لازىم بولىشىنى ئويلىمىدىڭىزمۇ؟

— كونىلار: «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دېگەن ئەمەسمۇ؟

پازىلجان جىم بولۇپ قالدى. مەن چوڭقۇر بىر ئېچىنىش ئىچىدە ئۇنىڭغا تىكىلدىم. قانداقتۇر بىر ھەسرەت ۋە دەرت — ئەلەم ئۇنى شۇمۇپ يەپ، بارغانسىرى بىر مىسكىنلىك ئىچىگە پېتىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. ئايىلى، بولسا، ئوچاق ئالدىدا مۈكچەيگىنىچە، قورۇنغان ھالدا جىم ئولتۇراتتى. يوتقان ئىچىدە ياتقان ئىككى نارسىدە بالىمۇ ئاتا — ئانىسىنىڭ دەردىگە ھەمتاۋاق بولىدىغاندەك، كۆزلىرىنى پاقىرىتىشقىنىچە شۈك يېتىشاتتى. مەن بىر تال تاماكا ئوراپ، تۇتاشتۇرۇپ پازىلجانغا تۇتتۇم. ئۇ تاماكىنى بىر شورىۋالغاندىن كېيىن، كۆزىنى ماڭا تىكىپ:

— كاتنى يېرىۋەتتىم، كادىرىمىز، يېرىۋەت-

تىم. رەھمەتلىك دادام كىچىرەر... — دىدى.

قارىسام، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن لۆمۈلدەپ ياش ئاقماقتا ئىدى. ئەمدى مەن سۈكۈت قىلدىم. تالادا قار، ئۆي سوغۇق، قەلبىم مۇزلاپ بارماقتا...

× × ×

1984 — يىل، كۈز...

قەلبىمدە يېزىنىڭ كۈزلۈك مەنزىرىسىنى سەيلە قىلىش ھەۋىسى قوزغالدى. ناشتا قىلىۋېلىپ، ۋېلىسىپىتىمنى مىندىم — دە، ئەشۇ بىر چاغلاردا خىزمەت ئىشلىگەن يېزىغا قاراپ يول ئالدىم. كۈن ئوچۇق، ھاۋا ساپ، ئاخشام ئازراق يامغۇر ياققانلىغى ئۈچۈن، يوللار تەكشى سۈپۈرۈلگەندەك پاكىزە، چاڭ-توزاڭدىن خالى ئىدى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئاسمانپەلەك بوي تارتقان سۆۋادان تېرەكلەرنىڭ ياپراقلىرى لەرزان شامالدا شىلدىرلىماقتا. كۆزلىرىم گاھ سېرىق ئالتۇندەك قوناقلارغا، گاھ يېشىل دېڭىزدەك بەسەي ۋە سەۋزىلىكلەرگە تىكىلمەكتە. ھەممە ياق رەڭدار: سېرىق، يېشىل، يەنە ئاللاقانداق رەڭلەر گىرەلىشىپ كەتكەن بىر گىلەمگە ئوخشايتتى. مەن خىزمەت بىلەن تۇرغان ھېلىقى يىللاردا بۇ يېزا نىمە دىگەن ۋەيرانە، مىسكىن ئىدى — ھە؟! ئەمدى بولسا، پۈتۈنلەي يېڭىچە... ئەنە ھەر تەرەپتە، ئېتىز-قىرلاردا تېرىش، يىغىش ئىشى بىلەن ئالدىراش مەشغۇل بولىۋاتقان كىشىلەر. ئۇپۇقتا ئۇلار ئېيتقان ناخشا ساداسى:

پاھ، بۈگۈن بولدى يېزام ئەجەپ ئاۋات،
خۇشاللىقتا چۆمدى بۇ قەدىم "گۈلباغ".
دىخان ئەركىن، دەۋران يېڭى، ھەممە ئازات،
ئىشلەيمىز بىز، ئەمدى ئىشلەپ چاينايمىز ياغ.
ئېسىمىزدىن كەتمىدى ھېچ توققۇز يىلنىڭ،
ئالدىدىكى قاباھەتلىك، مۇدھىش چاغلار.
زەرداپ بولۇپ مىسكىنلىكتىن دىخان دىلى،
ھوقۇش چىللاپ، خازان بولغان گۈلشەن باغلار.

مەن چەكسىز ھاياجان ئىچىدە ئەتراپقا زوق ئەيلەپ كېتىۋاتىمەن. كۆزۈمدە گۈزەل كۈز مەنزىرىسىنىڭ جىلۋىسى، قەلبىمدە شاتلىق ھېسسىيات، پىكرىمدە تۈنۈگۈن ۋە بۈگۈنكى تارىخ، تىلىمدا شېرىن سۆزلەر...

— بۇ يېزا ئەمدى نىمە دىگەن گۈزەل ھە؟!

ئاغزىمدىن ئىختىيارسىز ۋە ئاۋازلىق ھالدا مۇشۇ سۆز چىقىپ كەتتى.

— شۇنى دەڭ، خۇددى تويغا ئوخشايدۇ.

ھەيرانلىق ئىچىدە بوينۇمنى بۇراپ ئارقامغا قارىدىم.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

ماڭا سالام بەرگەن كىشىگە سىنچىلاپ تىكىلدىم. بۇ، پازىلجان ئىدى. ئۇ، شۇنداق پازىلجان ئىدىكى، پۈتۈنلەي يېڭى... ئۇ «توز» ماركىلىق ۋېلىسىپىتنىڭ بىرنى مىنگەن بولۇپ، ئۇچىسىغا زىخىرەڭ دىلۇندا شىم-چاپان، بېشىغا تور بادام دوپپا، پۇتىغا قارا خۇرۇم بەتىنكە كىيىۋالغان ئىدى. ئۆزىمۇ سەمىرىپ، ئاقىرىپ، ياشىرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

— ۋۇي، پازىلجانمۇ سىز؟

— شۇنداق، كادىرىمىز، بۇ، مەن... يا ئاللا، كادىرىمىز، ئۆلمىسەك دىدار كۆرۈشىدىكەنمىز-ھە؟! قانداق، سالامەت تۇردىڭىزمۇ؟ ئۆي ئىچى تىنچلىقمۇ؟!

— خۇداغا شۈكرى، ھەممىمىز سالامەت. ھە، پازىلجان، ئۆزىڭىز چۇ؟ قۇشتانجىم ۋە بالىلار قانداقراق تۇردى؟

— خۇداغا شۈكرى، خېلى ياخشى تۇردى.

يائاللا كادىرىمىز، شۇنچە يىللاردىن بېرى بىر - بىرىمىز بىلەن كۆرۈشەلمىدۇق. يا سىلە يوقلاپ چىقمىدىلا، ياكى بىز كىرەلمىدۇق.

— شۇنداق، ھەر قايسىمىز ئۆز ئىشىمىز بىلەن بولۇپ...

بىز پاراڭلاشقاچ مەھەللىگە كىلىپ قالغان ئىدۇق. ۋاھ، ئۆتكەندىكى ۋەيرانە مەھەللە ئەمدى ئاۋاتلىشىپ، تونىغۇسىز بولۇپ كەتكەن ئىدى. كوچا رەتلىنىپ، ئىككى قاسنىغىدا ئازادە ئۆيلەر چۈشكەن، ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا ئېرىق ئېلىنىپ، بىر رەت تېرەك، بىر رەت سۆگەت قويۇلغان، تىرەكلەر ئاسمانغا بوي تارتىپ، سۆگەتلەر ئەتراپىغا شاخ تاشلاپ، كۆڭ چۈشمەيدىغان بوستانلىق ھاسىل قىلغان ئىدى.

پازىلجان ئالدىمدىراق مېڭىپ، ۋېلسىپىتتىن چۈشتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، مەنمۇ ۋېلسىپىتتىن چۈشتۈم.

— بىزنىڭ ئۆيىمىز مۇشۇ، كادىرىمىز، — دىدى ئۇ، ئاندىن دەرۋازىنى ئېچىپ، — ياقۇپجان! — دەپ تولۋالىدى.

ھويلىدىن ئون ئۈچ ياشلار چامىسىدىكى چىرايلىق بىر بالا يۈگۈرەپ چىقتى.

— ماۋۇ ۋېلسىپىتلەرنى ھويلىغا ئەكىرگىن! قىنى كادىرىمىز، ئۆيگە كىرسىلە!

مەن دەرۋازىدىن پۇتۇمنى ئېلىپلا، ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدىم. ھېلىقى بىر چاغدىكى غېرىبانە كەپىنىڭ ئىزىمۇ قالمىغان ئىدى. شىمالدىن جەنۇپقا تارتىپ، كۈن چىقىشقا قارىتىپ سېلىنغان پىشايۋانلىق ئۆي، سىرتىدىن قارىغاندا خېلىلا سەنئەتلىك ئىدى. ھويلىنى بىر ئالدان تال بارىڭىدا ئېسىلىپ تۇرغان ئۈزۈملەر كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى. پىشايۋاننىڭ بىر تەرىپىدە تاغار - تاغاردا ئاشلىق تىكلەپ قويۇلغان ئىدى، يەنە بىر تەرىپىدە پۇتەي دەپ قالغان بىر كاتىنىڭ ئالدىدا بىر ياغاچچى نەقىش ئىشلەۋاتاتتى. قارىغاندا، بۇ كات 7 ئېغىزلىق بولۇپ، شۇنچىلىك نەپىس ئىشلەنگەن ئىدىكى، بۇنىڭغا چېكىلگەن نەقىشلەرمۇ ئۆزگىچە ئىدى.

— ئەمدى يەنە كات لازىم بولۇپتۇ - دە، پازىلجان، — دىدىم مەن كاتنى كۆزۈمدىن كۆچۈرۈپ بولۇپ.

— شۇنداق... مەن بىر چاغدا ئۆزلىرىگە: «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دىگەن ئەمەسمىدىم. ئەمدى كات بولمىسا بولمىدى... كۆرۈپ تۇرۇپلا، كات بولمىسا، ئۇ تاغارلاردىكى ئاشلىقنى نەگە سىغدۇرىمىز؟

— شۇنداق...

— ئۇندىن باشقا، رەھمەتلىك دادامنىڭ روھىمۇ خوش بولۇپ قالسۇن، ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرغان مىراسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قوياي... سىلە دەپپاقسىلا كادىرىمىز، بوپتىمۇ؟

— بوپتۇ، ناھايىتى ياخشى بوپتۇ.

— كادىرىمىز، بىز ئەسلىدە ئۇنداق بىچىقىم، لاكات، يىغلاڭغۇلاردىن ئەمەس ئىدۇق. شۇ چاغ بىزنى...

— قانىتى بوغۇشلانغان كەپتەرنى قويۇۋەتسە، ھەممە نەرسىگە ئېرىشەلەيدۇ ئەمەسمۇ؟!

— رەھمەت، ئاغزىلىرىغا ناۋات، كادىرىمىز. قېنى مەرھەمەت، ئۆيگە قەدەم تەشرىپ قىلسىلا!

مەن بوسۇغىدىن پۇتۇمنى ئېلىپ، كەڭ، ئازادە ئۆينى كۆرۈپ ھاياجانلاندىم.

— ھەي، بالىنىڭ ئانىسى، قېنى سىلە؟

— مانا مەن، باغدا...

— بۇياققا چىقىڭلار، ئۆيگە مېھمان كەلدى.

ھايالشمايلا تاجىگۈل كىرىپ كەلدى. ئۇ بۇرۇنقى تاجىگۈلگە زادىلا ئوخشىمايتتى. لىۋەن، چىرايلىق بىر چوكان ماڭا قاراپ تەبەسسۇم قىلاتتى، سالام بېرەتتى.

— ئەسسالام!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

ئۇ مېنىڭ ئاستىمغا يۇمشاق كۆرپە سالدى. بۇ ئالما ئۇرۇغى دۇخاۋا كۆرپە ئىدى.

1984 - يىل، ياز.

# مال ساتقۇچى قىز

(ھىكايە)

ئابلىمىت سابىر

ئۇ ناھايىتى چىچەن قىز ئىدى. زىلۋا بويىغا ماس قىلىپ ئاپپاق ئىش كىيىمى كەيگەن بۇ قىز كۈن بويى شەھەرنىڭ يىلان ئىزىدەك سوزۇلۇپ كەتكەن كوچىلىرىدا قول ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ مال ساتاتتى.

ھارۋىغا قىزىل لەپە تارتىلغان، ئېسىپ قويۇلغان بالىلار پوسمىسى، كىچىك ناسكىلار، رەڭلىك مارجان، چاقماق ياغلىق ۋە ياقۇت كۆزلۈك مىدالىيونلار ھارۋا ئۈستىنى زىننەتلەپ قويغاندەك كۆركەم كۆرۈنەتتى. ھارۋا ئۈستىگە كىتەكلىك جازا قويۇلغان بولۇپ، ئېسىل تۈگمىلەر، سۈت كەمپىت ۋە بالىلار ئويۇنچۇقىدىن تارتىپ، قىزلارغا لازىملىق يۆتەل ھەم چىش ئاغرىقىنىڭ دورىسىغىچە ھەممىسى رەتلىك قويۇلغان. ئۇ خۇددى ئومۇملاشقان كىچىككىنە سودا دۇككىنىغا ئوخشايتتى.

قىز كۆمۈش رەڭلىك قوڭغۇراقنى جاراڭلىتىش بىلەن، ئەڭ ئەۋۋەل مەھەللىلەردىكى بالىلار ھويلىلاردىن يۈگۈرەپ چىقىپ، ئاتىسى بەرگەن بىر مو پۇلغا كەمپىت ياكى گاز شارى سېتىۋالاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ياشلار، ئاياللار ۋە قېرىلار يېتىشىپ كېلىشەتتى. بىر دەمدىلا ھارۋىنىڭ ئەتراپى كىچىك بازارغا ئايلىنىپ كېتەتتى.

— قىزىم، ھازىر قىزلار چۈچۈلۈق رومالغا ھەۋەس قىلىشتى، تېگى قارا، ناۋاترەڭ گۈللۈكلىرىدىن بىر-ئىككىنى ئالغاچ كەلسەڭ،- دەيتتى ئانىلاردىن بىرى.

— قىزىم، يېقىندا خوشنىمىز توي قىلىدىكەن، ئۆزى ئەرزان، سۈپەتلىك رەختلەر بولسا، بىر كىيىملىك ئالغاچ كەل.

— قىزىم، يوتقان تىكىشكە يىڭنە يوق، كەلەر قېتىم چوڭ يىڭنىدىن بىر تو ئالغاچ كەل،- دەيتتى مۇمايلاردىن بىرى ئۇنىڭغا نوقۇپ.

قىز قىزىل تاشلىق خاتىرىسىنى ئېلىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يېزىۋالاتتى-دە، كېلەر قېتىم كەلگىنىدە ئىشىك ئالدىدا توختاپ، بۇيرىغان نەرسىلەرنى ئىگىسىگە تەككۈزەتتى. شۇڭا ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ قىزنى كىشىلەر ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ قېلىشتى.



ئۇ مەھەللىلەردىن ئۆتكەندە، كىشىلەر بىرەر پىيالە سوغۇق چاي ئىچىۋېلىشنى ئېيتاتتى، ساقلاپ قويغان قۇيماق ياكى گۆش نانلىرىنى ئېلىپ چىقىپ ئۇنىڭغا سۇناتتى. ئۇششاق باللار بولسا، ھارۋىنى ئىتتىرىپ كوچا دوقمىشى ۋە كۆۋرۈكلەردىن ئۆتكۈزۈپ بېرىشەتتى.

بىراق، باغلىق كوچىدىكى تەنھا ياشاپ كېلىۋاتقان سارىخان ئاچا كەكرە يۇتقاندەك سەپرامىجەز ئايال ئىدى. ئۇ يىل بويى توخاكتىن گىدەك ھويلىسىدىن سىرتقا چىقمايتتى. باھار ۋە كۈزنىڭ سېرىق ئاپتىۋى تۈڭلۈكىدىن ئەگىپ ئۆتسىمۇ، ئۆگزىگە چىقىپ، ئاجىز تېنىنى قاقلاپ، يېشىللىققا تولغان گۈزەل دۇنيادىن لەززەتلىنىپ ئولتۇرۇشىمۇ كەمدىن-كەم بولاتتى. توي - تۆكۈنگە بارماسلىقى، ۋاراڭ - چۇرۇڭنى خالىماسلىقى بىلەن مەھەللىدىكىلەردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى.

شۇڭا، قوڭغىراقنىڭ زىل ئاۋازى ئۇنىڭ جىمجىت تەبىئىتىگە ياقمايتتى. ”ئۇ قىزنى بۇ يەرگە كىممۇ باشلاپ كەلگەندۇ، ئالماس ماتانى قانچە زورلىسىمۇ ئالمايدۇ. تويىنى قىلىپ، ئالتۇندەك چىرايى بىلەن بىر ئەرنىڭ نېنىنى يېسە بولمامدۇ»، دەپ، غودۇڭشىيتتى ئۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيىگە كىرىپ كېتىۋېتىپ.

— قىزىم، قوڭغىرىقىڭنى ئۇرماي كەلسەڭچۇ. كىشىنىڭ قۇلاق مېڭىسىنى يەپلا كېتىدىكەنسەن، — دېدى ئۇ بىر كۈنى ئىشىكتىن چىقىپ.

— كەچۈرۈڭ موما، كىشىلەرنىڭ مېنى ”قوڭغىراقلىق قىز» دېگىنى بىكار ئەمەس، قوڭغىراقنى ئۇرمىسام كىشىلەر مېنىڭ بۇ مەھەللىگە كەلگىنىمنى بىلمەيدۇ، — دېدى قىز سەدەپتەك چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈمسىرەپ.

— ئانداقتا، ساڭا كوچا بېشىدىكى بوشلۇقتا بىر دۇكان سېلىپ بەرسە بولغىدەك.

— موما، سىز مېنىڭ بۇ دۇككىنىمنى ياراتمايدىكەنسىز-دە! — دېدى قىز كۆزلىرىنى چاقنىتىپ، — مېنىڭ خېرىدارلىرىم ناھايىتى كۆپ. بۇ ھارۋۇنى چوڭ ماگىزىنغىمۇ تېگىشمەيمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن، موماي قايتا ئۇنى چۇقىمىدى. ئۇنىڭغا قوڭغىراقنىڭ ئاۋازى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا تەقدىر پېشانىسىگە پۈتۈپ قويغان ئازاپتەك تۇيۇلاتتى. مال ساتقۇچى قىز كوچىدا پەيدا بولىشى بىلەن، ئادىتى بويىچە غودۇڭشىيتتى ياكى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆي ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى. ئەندى ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن باشقا چارە يوق ئىدى.

زىمىستان قىش ئۆتۈپ، تەبىئەت يېشىنىپ يېشىل تونغا پۈركەنگەن باھار كۈنلىرى يېتىپ كەلدى. مومايىنى كۈنىرى قېرىلىق بېسىپ، بەللىرى مۈكچىيىپ، ئاق سانچىلغان چاچلىرى سىداملىشىشقا باشلىدى. شۇڭا، كان ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان ئوغلى ئۇنى ئۆز ئۆيىگە يۆتكەپ كەتتى.

ئۇ يەر شەھەرنىڭ چېتىدە بولۇپ، ئىشىك ئالدى بۆك - باراقسان دەرەخلىك ئىدى. ئېرىقتىكى سۈزۈك سۇ تۆگەن نوردىن سەكرەپ چۈشۈپ، مارجاندەك چاچراپ تۇراتتى. سالقىن ھاۋا كىشىنىڭ كۆكسىگە گۈپپۇلدەپ ئۇرۇلاتتى. موماي ئۆز ئۆيىدىكى تەنھا تۇرمۇشىدىن پۇشايمان يېدى. چۈنكى، ئۇ شەھەرنىڭ شاۋقۇنلۇق تۇرمۇشىدىنمۇ، مال ساتقۇچىنىڭ قوڭغىراق ئاۋازىدىنمۇ قۇتۇلغانلىقىنى ھېس قىلىپ، خوشاللانماقتا ئىدى.

بىراق، ئىش ئۇنداق بولمىدى. ئىككى كۈن ئۆتكەندە موماي ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن ئېرىق بويىغا چىقىۋېدى، سۆگەتلىكنىڭ ئاب-

رىسىدىن قوڭغىراق ئاۋازى ئاڭلاندى. قىز بۈگۈن بۇ يەرگە يېڭىدىن كەلگەن زىغىر گۈللۈك يىپەك رەخ بىلەن گۈل تەشتەكلىرىلىرىگە سالىدىغان گۈل ئوغۇتى ئالغاچ كەلگەن ئىدى.

— ئۇ قوڭغىراقچى كەينىمدىن ئەگىشىپ بۇ يەرگىمۇ كەپتۇ-دە، تېخى ئۇنىڭدىن قۇتۇلالماپتىمەن،— دېدى چىكىنىسىگە ئۇرۇپ.

— ئاپا، ئۇ بىزنىڭ كونا چۆپچىكىمىز، ناھايىتى ياخشى قىز. مەن كەيگەن ھېلقى دۇخاۋا كۆينەك بارغۇ، ئۇنىڭ رەختىنى ئەشۇ قىز ئەپكېلىپ بەرگەن، — دېدى كىلىنى مۇمايغا چۈشەندۈرۈپ.

— ئۇنىڭ ياخشىلىقى قۇرۇپ كەتسۇن! — دېدى موماي تەرىنى تۈرۈپ، — 3 يىلدىن بېرى ئۇنىڭ قوڭغىرىقىنىڭ ئاۋازى خۇيمۇ زېرىكتۈرىۋەتتىغۇ، كۆچۈم يەتسە ئاللىقاچان قوغلىۋېتەتتىم.

— ئاڭلىشىمچە، ئۇ، شەھەردىكى چوڭ ماگىزىندا ئۇلگىلىك مال ساتقۇچىمىش، رەسىمىنى گېزىتكىمۇ بېسىپتۇ، ھەر ئايدا مۇئاشىدىن باشقا 30 سوم مۇكاپات ئالىمىش.

باھار ئۆتۈپ يەل - يېمىش تۈكمە بولغان ياز ئايلىرى يېتىپكەلدى. شەھەر كوچىلىرى ئامۇت، ئۈرۈك، توغاچلارغا تولدى. ئۇنىڭ يېزىدىكى چوڭ قىزى مومايىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە ياز پەيزىنى سۈرىشى ئۈچۈن ئاكىسىدىن تالىشىپ مومايىنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. بۇ يەر مومايىنىڭ شەھەردىكى قەدىمى ئۆيىدىن خېلىلا يىراق بولۇپ، شەھەرنىڭ ئىگىز مۇنارلىرى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— قىزىم، بۇ يەرگە ھېلقى قوڭغىراقچى قىز مال ساتقىلى كەلمەيدىغاندۇ،— دېدى ئۇ دەسلەپكى كۈنىلا داستىخاندا ئولتۇرۇپ.

— ياق، ئارىلىقى 3 كىلومېتىر ئەمەسمۇ، ئارىلىقنى يىراق كۆرمىگەندىمۇ، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ دۆڭگە قاراپ ھارۋىنى ئىشتىرىپ چىقىش ئەلۋەتتە قىيىن. شۇڭا چىقالمايدۇ،— دېدى قىزى.

مومايىنىڭ كۆڭلى ئېمىن تاپقان ئىدى. بىراق، بىر ھەپتە ئۆتە - ئۆتمەيلا ئىش يەنە تەتۈرىسىچە بولدى. مال ساتقۇچى قىز ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، 1 - بولۇپ بۇ يەرگە مال سېتىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى.

— بېشىڭنى يىگۇر، شەيتان، مۇنداق-دە، ئۇ مېنىڭ بىلەن قىرىشىدىكەندە!...

مۇماي تىزىغا تىرىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. غەزەپتىن لەۋلىرى تىترەيتتى. ئۇ ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ، قىزغا بىر نەرسە دېمەكچى بولۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئاچچىق ئوتى يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى ئىختىيارسىز ھارۋا ئۈستىدىكى يالتىراپ تۇرغان قوڭۇر رەڭلىك ھاسىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئەنە شۇنداق ھاسا سېتىۋېلىشنى ئۇزۇندىن بېرى ئويلاپ كېلىۋاتاتتى.

— راستىنلا سەن بىلەن ئۇرۇشماقچى ئىدىم،— دېدى مۇماي ھاسىنى قولىغا ئېلىپ كۆرگەندىن كېيىن،— بىراق، تەلىيىڭ ئوڭ كەلدى.

— مۇما، مۇما، بۇ ھاسىلارنى ئاتايىن بۇيرۇپ يىراقتىن ئەپكەلدۇردۇق. قانداق، خوش بولدۇڭلارمۇ؟— دېدى چاقچاق قىلغاندەك.

— ياخشى قىپسىلە،— دېدى مۇماي،— كېلەر قېتىم چىققاندا 7 - كالاچتىن بىرنى ئالغاچ چىققىن، كالىچىم كونىراپ قاپتۇ.

— بولىدۇ، چوقۇم ئالغاچ كېلىمەن.

موماي ھاسىنىڭ پۇلىنى قىزغا بېرىۋەتتى-دە، ئارقىسىغا يېنىۋېتىپ توختاپ قالدى.

— قىزىم، خوش بولاي، بۇنىدىن كېيىن چىقساڭ مۇشۇ ھويلا ئالدىغا كەلگەندە، قوڭغىرىقىڭنى ئۇرماي ئۆتكىن.

— مۇما، خاتىرجەم بولۇڭ!

قىز ھارۋىسىنى ئىشتىرىپ، مۇماي بىلەن خوشلىشىپ مېڭىپ كەتتى.

مۇماي ھويلىغا كىرىپ، بىدىش تېگىدىكى ئۈپىدا ئولتۇرىۋاتاتتى، ئۆينىڭ ئارقىسىدىن قوڭغىراق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— جىرىڭ، جىرىڭ، جىرىڭ...!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# سەبىلدىر پاجىئەسى

(پوۋېست)



ئەخەت تۇردى

«... قايغۇلۇق ھېسسىياتىم بىلەن قايغۇلۇق بىر ۋەقەنى ھىكايە قىلاي.»

(شېكسپىر)

دوستۇم، سىز بۇ يەردىن ئۆتكىنىڭىزدە، دەريانىڭ تىك قىرغىقىدا يالغۇز تۇرغان بىر قەۋرىنى كۆرىسىز. بۇ قەۋرىگە ھېچقانداق خاتىرە تاشلار ئورنىتىلمىغان، پەقەت ئۇنىڭ ئەتراپى خۇشپۇراق ئوت - چۆپلەر بىلەن پۈركەلگەن، ئۇنىڭ باش تەرىپىدە بىر تۈپ ھالرەڭ گۈلشاخالدا يەلپۈنۈپ تۇرىدۇ. مەۋج ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان ھەيۋەتلىك ئۇلۇغ ساي دەرياسى گويا ئۆلگۈچىگە نالە قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ، ئەندىلا ئونبەش ياشقا كىرگەن بىر سەبى قىز مۇشۇ يەردە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن. ئۇ ياشلىق باھارىنىڭ شېرىن چۈشلىرى، گۈلدەك ھۆسنى - جامالى، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئۇۋالچىلىقى بىلەن بۇ دۇنيادىن ۋىدالاشتى، ئەمما ئۇ چەكسىز سېغىنىش بىلەن قايغۇ ئەلەمنى ئۆزىنىڭ يۇرتداشلىرىغا، بىر دىن - بىر سۆيۈملۈك جۇيتىغا، شۇنداقلا، ئۇنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەر بىر ئاقكۆڭۈل كىشىگە قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ يەرگە كۆمۈلگىنىگە بىر يىل 2 ئاي بولدى، ئۇنىڭ رەنا سۆيەت گۈزەل تېنى تۇپراققا ئايلىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ تاڭ شەبنىمىدەك غۇنچە گۈلى ۋاقىتسىز تۈزۈلدى، ئۇنىڭ كىرسىز سەبى قەلبى بىمەھەل يەنچىلدى... بۇ پاجىئەنىڭ جاۋاپكارلىرى ئەينى ۋاقىتتا قانۇن ئورۇنلىرى تە -

رىپىمدىن تېگىشلىك جازاغا تارتىلغان
بولسىمۇ، لېكىن، قىزنىڭ پاجىئەلىك
ئۆلۈمى ھازىرغىچە كىشلەرنىڭ يۈرەك تارـ
نى چەكمەكتە، تونۇش يولۇچىلار مۇشۇ يەرـ
دىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭغا ئىچىنغان ھالدا
”ئۇھ“ تارتىپ، چوڭقۇر ئويغا چۆمۈدۇ…

دوستۇم سىزچۇ؟ ئەگەر شۇ غېرىپ قەۋرىـ
نى كۆرۈشنى خالىسىڭىز، يۈرۈڭ، مەن بىلەن
بىللە مېڭىڭ، مەن سىزگە ئۇنىڭ ئىچىنى ئېـ
چىپ كۆرسىتەي!…

## 1

باھار كەتتى، ھەممە تىلىك ياز ئايلىرى ئۆـ
زىنىڭ ئوتلۇق مېھرى بىلەن تەبىئەتنى تېخىـ
مۇ جانلاندۇرىۋەتتى. مايسەن ئۆرۈكلەر پىـ
شىپ، چىلگە توغاچىنىڭ مەگزى قىزىرىشقا باشـ
لىغاندا، قارىۋاغ يېزىسى بىلەن كۆكقىر
يېزىسىدىكى ئىككى ئائىلە ئوتتۇرىسىدا ھېچـ
قانداق داغ-دۇغىسى يوق، ئاددىلا بىر تويمەـ
رىكىسى بولۇپ ئۆتتى. بۇ — ”رەۋىخانجالـ
داق“ دەپ ئاتىلىدىغان بىر نوقەنچى ئايالـ
نىڭ ئەلچىلىگىدە، قارىۋاغ يېزىسىدىكى ساـ
يىم ئاخۇن بىلەن كۆكقىر يېزىسىدىكى قاسىم
ئاخۇننىڭ ئۆز ئارا قايچا قۇدا بولۇپ
ھەم ئوغۇل ئۆيلىگەن، ھەم قىز چىقارغان تويمەـ
رىكىسى ئىدى.

سايىم ئاخۇننىڭ 29 ياشلىق ئوغلى جامال
قاسىم ئاخۇننىڭ تېخى ئونبەش ياشقا توشـ
مىغان، ئېگىزلىگى 97 سانتىمېتىر، ئېغىرلىغى
37 كىلوگىرام كېلىدىغان قىزى سانىيەنى؛ قاـ
سىم ئاخۇننىڭ 30 ياشلىق ئوغلى شاۋاز ساـ
يىم ئاخۇننىڭ ئەندى 14 ياشقا كىرگەن، ئېـ
گىزلىگى 88 سانتىمېتىر، ئېغىرلىغى 32 كىلوـ
گىرام كېلىدىغان قىزى گۈلقىزنى دىنى رەسـ
مىيەتلەر بويىچىلا ئەمرىلىرىگە ئېلىشتى. ھەر
ئىككى ئائىلە ئۆز يېزىسىدىكى ئاقساقاللارغىلا
ئاش تارتىپ، ئاددىلا نىكاھ پاتىھەسى بىـ
لەن ئۆتكۈزۈلگەن بۇ تويدىن رازى
ئىدى. ئازغىنا راسكارلىق بىلەن ئوغلىنى
ئۆيلەپ، قىزىنى چىقىرىۋالغان سايىم
ئاخۇننىڭ يۈزى خوشاللىقتىن
خۇددى پۇتىدىكى شالۇۋۇر مەيسىنىڭ قونـ
جىدەك پۈرلۈشۈپ كەتتى. قاسىم ئاخۇن بولـ
سا، ھېچقانداق ھەشەم - دەرەمسىز توي قىـ
لىۋالغىنىغا، بولۇپمۇ، قىز تاپالماي يۈرگەن
بۆرە كۆز، تەلۋە چىراي، دېۋەك ئوغلى شاـ
ۋازغا سەدەپ قېپىدىن يېڭىلا چىققان ياقۇتـ
تەك بىر قىزنى ئېلىپ بەرگىنىگە خوشال ئىـ
دى… لېكىن تۇرمۇش ھامان كىشلەرنىڭ
ئىرادىسىگە بويسۇنمايدۇ. ئۇلارنىڭ خوشاللىـ
غى پەقەت بىرنەچچە كۈنلۈك كۆڭۈل ئاۋۇـ
تۇشلا بولۇپ قالدى. گۈلقىز ئازنىلاپ كېـ
لىشكىمۇ كۆيەستىن، توي بولۇپ 3 - كۈنىلا
قايتىپ كەلدى ۋە شۇ كەلگەنچە يېتىۋالدى.
گۈلقىزنى ئېرىدىن ياماننلاپ كەلدى، دىـ
يىشكە بولمايتتى. چۈنكى، ئۇ شۇ كۈنلەردە
ئەردىن ياماننلاشنىڭ نىمە ئىكەنلىگىنىمۇ بىلـ
مەيتتى، ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشى خۇددى ئېسىـ
دە يوق بىر يەرگە بېرىپ قېلىپ، ئۇ يەردە
ئاللىقانداق ئەجۈجى - مەجۈجلەرگە ئۇچراپ،
ئۆلگىدەك قورقۇپ، ئەندى ئۆمۈرۋايەت ئۇ
يەرگە قەدەم باسماسلىققا قەسەم ئىچكەن
بىرسىنىڭ قايتىپ كېلىشىگە ئوخشايتتى. ئۇ
ھەقىقەتەن قورقۇپ كەتكەن، يالغۇز قورقۇپلا

www.uyghurkitap.com



ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشنىڭ بۇنداق غەلىتە رەھىمسىزلىگىدىن نەپرەتلەنگەن، بىزار بولغان ئىدى.

ئۇ تويى بولۇپ كۆككىر يېزىسىغا كۆچۈرۈلۈپ، ئېرى شاۋازنى كۆرگەچكە بولغان ئارىلىقتىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى پەقەت تەڭتۇشلىرى بىلەن بىللە ئويىنىغان «مۇكۇ-مۇكۇلەك» ئويۇنىدەكلا تەسەۋۋۇر قىلغان ئىدى. لېكىن كەچتە يەڭگىلىرى ئايرىم ھوجرىدا شاۋاز بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ قويغاندىلا، ئۇ بىر ئاز ئېسىغا كەلگەندەك بولۇپ، يۈرىكى قاتتىق دۈپۈلدىدى. شاۋاز ئۇنىڭغا قوغۇشۇندەك كۆلرەڭ كۆزلىرىنى مىقتەك تىككەندە بولسا، ئۇ شۇنداق تاتاردىكى، مەڭزىدىكى شالاڭ سەپكۈنلەرمۇ ئاقىرىپ كەتتى. شاۋاز كەمشۈك ئىدى، قاچان قارىسا، جوغىسى يوق ئورۇقتەك ھىجاق كۆرۈنەتتى. بۇنى ئاز دېگەندەك، بۇرنىنىڭ ئۈستىدە خۇددى قايناپ چىققان جىگدە يىلىمىدەك داچەن پۇل چوڭلۇغىدا تاجى مەڭ بار ئىدى. بۇ ئۇنى تېخىمۇ سۈرلۈك ھەم بەت بەشىرە كۆرسىتەتتى. مانا، بۇ كۆرۈمسىز، سوغ چىراي بىلەن كېلەڭسىز، دېۋەڭ گەۋدە گۈلقىزنى بارغانسېرى قىستاپ كەلدى، گۈلقىز زۇۋان سۈرەلمەي، دەھشەتكە چۈشتى. ۋەھىمە ھەم سوغ تىترەك ئۇنىڭ تومۇرلىرىدىكى قانلىرىنى مۇزدەك سوۋۇتىۋەتتى. ئۇ قېچىپ كەتكەنمۇ بولاتتى، لېكىن ئۇنىڭ سۆڭەكلىرى ئېرىپ كەتكەندەك، پۇتلىرى ئىگىلىپ لاكاسلاپ قالدى...

گۈلقىز ئۆزىگە دوزاقتەك بىلىنگەن بۇ ھوجرىدا پەقەت ئىككى كۈنلا چىدىدى. ئۇنىڭ شاۋازنى كۆرۈشكە كۆزى، سۆزلەشكە تىلى يوق ئىدى. نېمە ئۈچۈنكى، غەيرى بىر ئۆچمەنلىك ئۇنىڭ ھەر بىر ھۈجەيرىلىرىگىچە سىڭىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە شاۋاز ئېرى ئەمەس، بەلكى ياشلىق گۈلىنى ۋاقىتسىز پايخان قىلغان ياۋا توڭگۇز، يۈرەك ھارارىتىنى ئوغۇرلاپ قاچقان ئادەم سۈپەت دىۋە ئىدى. شۇڭا ئۇ 3-كۈنى ئەتىگەندىلا شاۋازنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ قېچىپ كەتتى.

گۈلقىزنىڭ قېچىپ كېلىشى ئانىسى گۈلسۈمخان بىلەن دادىسى سايىم ئاخۇننى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. ئۇلار كۆڭۈللۈك ئۆتكەن تويى ئىشىنىڭ ئاخىرىغىچە كۆڭۈللۈك ھەم قۇتلۇق بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن قىرىشقاندەك گۈلقىز ئۇلارنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقمىدى. كۆڭلى غەش بولغان سايىم ئاخۇن گۈلسۈمخانغا تاپا-تەنە قىلدى، گۈلسۈمخان بولسا گۈلقىزنى قايتىپ كېتىشكە قىستىدى.

— قىزىم، گەپ ئاڭلىغىن، — دېدى ئۇ نەسىھەت قىلىپ، — نىكاغا يېپ دېگەن شۇ، پېشانەڭگە شاۋازجان پۈتۈلۈپتىكەن، ئاستا-ئاستا كۆنۈپ كېتىسەن، خۇدايىم نىكانىڭ ئىسسىقچىلىغىنى بېرىدۇ...

— ئانا، جېنىم ئانا، مەن ... مەن ئەمدى ئۇ يەرگە بارمايمەن! ...

گۈلقىزنىڭ دەسلەپ بۇرۇن كۆمىچەكلىرى تارتىشىپ لېپىلدىدى. كېيىن قاپقارا يوغان كۆزلىرىدىن مۆل-مۆل ياش قۇيۇلدى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى، بۇ ئارىلىقتا قاسىم ئاخۇن رەۋىخان جالداقنى ئىككى قېتىم كىرگۈزدى، رەۋىخان جالداقنىڭ چاپاق باسقان كۆزلىرىنى مىتىلدىتىپ تۇرۇپ: «بالام، ھە ئە دېگەن ياخشى جاۋاپ، جىگەر-بېغىر ياخشى كاۋاپ» دېگەن سۆزلىرى گۈلقىزغا تەسىر قىلىش تۈگۈل، بەلكى ئۇنىڭ ئوغۇسىنى قايناتتى. كېيىن گۈلسۈمخانمۇ ئىزىغا قاتتىق تېگەلمىدى، چۈنكى گۈلقىزنىڭ كۈندىن-كۈنگە سارغىيىپ كېتىۋاتقان بۇغداي چىرايى، ياش ئارىلاش يىلتىپ تۇرغان نۇرسىز كۆزلىرى

ئانا قەلبىنى مۇجۇيتتى…

5 — كۈنى ئىش ئەپلەشمەي قالدى، جۇمە نامىزىدىن كېيىن، سايىم ئاخۇن بىلەن قاسىم ئاخۇن ئىككى يېزا ئارىلىغىدىكى ئازنە مىچىتتە دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— قۇدام، ئادەم ئۆزى ئۇچۇن قايغۇرمىسا ئاسماندىمۇ، يەرمۇ راۋا كۆرمەيدۇ، — دېدى قاسىم ئاخۇن سىپاگەرچىلىك بىلەن گەپنى ئەگىتىپ، — تويىنىڭ نەغمە-ناۋاسى بېسىلماي تۇرۇپلا گۈلقىزخان كېتىۋاپتۇ، بۇنداق قىلسا ئەھلى جامائەت ئالدىدا سىلىگىمۇ، بىزگىمۇ سەت بولار…

سايىم ئاخۇن دەرھال كۆڭۈل ياسىدى:

— شۇنداق، شۇنداق، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، بالا كىچىك…

— كىچىك بولسا چوڭ بولىدۇ، نادان بولسا ئۇق بولىدۇ، — دېدى قاسىم ئاخۇن گەپنى بۆلۈپ، — مەن بۇ تويىنى ئىككى پەرزەنتنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشى دەپ قىلغان…

— ئىنشائاللا، ھېلىھەم دېگەنلىرى بولىدۇ…

شۇكۈنى سايىم ئاخۇن ئۆيگە كېلىپلا، گۈلسۈمخان بىلەن ئۇزاق سۆزلەشتى.

— قىزىڭنىڭ نەزىرى چۈشمىسە ئىشەك بازىرىغىمۇ دەللال بولغىلى بولمايدۇ، خوتۇن، — دېدى ئۇ ئاخىرىدا، — قىزىمىزنى قاسىم ئاخۇنىڭ راستىنلا بالا قىلىۋالغىسى بار ئىكەن، ئۇنىڭغا ئاقىۋەتلىك بىرەيلى، گۈلقىز كەتسۇن!

گۈلسۈمخان زەئىپ ئاۋازدا ئۇن قاتتى:

— مەنمۇ شۇنداق دېدىم، لېكىن ئۇنىڭ زادىلا رايى يوق، كۆڭلى چۈشمىگەن ئوخشايدۇ…

— رايىغا قارىما! — دېدى سايىم ئاخۇن گەپنى كېسىپ، — ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى يىگىتنى قېلىپتا قۇيدۇرۇپ، كاسىپقا بۇيرۇتۇپ تاپامتۇق؟ بىز قايچا قۇدىلىغىمىزنى ئۇنتۇپ قالمىساق بولىدۇ، ئەگەر ئۇنى ۋاقتىدا ئەۋەتمىسەك، جامالنىڭ تۇرمۇشىغا دەخلى يەتمەمدۇ؟! قارىغىنا، سانىيە بىلەن ئىككىسى قانداق ئەپلىشىپ كەتتى؟

راست، قايچا قۇدىلىقنىڭ بۇ قانىتىدىكى جامال بىلەن سانىيە ئوبدانلا ئەپلىشىپ قالغان ئىدى. گۈلسۈمخان ئۇلارنى كۆرمەكچى بولغانىدەك، شوخ كۈلكە ئاۋازى چىقىۋاتقان ياندىكى ھوجرىغا بويىناپ قاراپ قويدى. ئۇ كىچىككىنە كېلىنىنىڭ ئوچۇق كۆڭۈللۈكى بىلەن بۇ ئۆيگە تېزلا سىڭىشىپ كەتكەنلىكىدىن خوشال ئىدى.

كەچقۇرۇن رەۋىخان چالداق يەنە كىردى، ئۇ خۇددى ۋىتىۋالاقنىڭ ئۆپكىسىنى يەڭگەندەك، ئاغزى بېسىقماي بىر تالاي ۋالاقشىپ گۈلقىزنى قۇشلىدى، گۈلسۈمخانمۇ ئۇنىڭغا يان بېرىپ، قىزىنى قايتىشقا قىستىدى. گۈلقىز ئۇن-تىنسىز ئۆكسۈپ يىغلايتتى، لېكىن ئۇنىڭ يىغىسى سايىم ئاخۇن بىلەن گۈلسۈمخاننى ئېرىتەلمىدى، ئۇلار تۈن يېرىمىغىچە گۈلقىزنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ تاپا-تەنە، تىل-قاغىش ياغدۇردى، ئاخىرىدا، سايىم ئاخۇن ئاچچىغىدا پايلىماي ئىككى تەستەك بىلەن گۈلقىزنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتتى. تاڭ ئاتقاندا، ئۇلار گۈلقىزنى رەۋىخان چالداققا بويىنىدىن باغلىغاندەكلا قوشۇپ بەردى. گۈلسۈمخان خۇددى بۆرە چاڭگىلىدىكى قوزىدەك تىترەپ تارتىشىپ، يىغا زارە بىلەن كېتىۋاتقان قىزىغا قاراپ، بىردىنلا كۆڭلى يېرىم بولدى…

(داۋامى بار)

# تۇزىماس چېچەكلەر

— ئەھمەد زىيائى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا

هاجى ئەخمەت



ئابدىخالىق ئۇيغۇر ۋە تەۋپىق قاتارلىق جەڭگىۋار ئىنقىلابچى شائىرلىرىمىز باشلاپ بەرگەن يېڭى دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، قۇمۇل دىخانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرىدە يۈز بەرگەن ئاپرىل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، يېڭىچە گۈللىنىش ۋە يۈكسىلىش دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، بىر قىسىم مۇنەۋۋەر يازغۇچى-شائىرلارنى مەيدانغا كەلتۈردى. پىشقەدەم شائىر، يازغۇچى، دىراما تورگ ۋە ئەدەبىياتشۇناس ئەھمەد زىيائى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەنە شۇ دەۋرىدە يېتىشىپ چىققان ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىدىن بىرى.

ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان يىرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت مابەينىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ھەم مەرىپەت پەرۋەرلىك ئىدىيىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان «تۇزىماس چېچەكلەر» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ۋە «رابىيە-سەئىدىن» ناملىق شېئىرىي رومانىنى، «لاداخ يولىدا كارۋان»، «ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە» قاتارلىق نەسرى ئەسەرلەرنى؛ «قاراكۆزلەر، نۇرلۇق ھايات»، «رابىيە - سەئىدىن» قاتارلىق دىراممىلارنى؛ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ خىسلەت ۋە سەنئەت ئۇنچىلىرى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، «تارىخى مىراس "قۇتادغۇبىلىك" توغرىسىدا مۇھاكىمە ۋە بايان» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۇلاردا خەلق ئاممىسىنىڭ ھەقىقى يۈرەك ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق، ئەدەبىيات گۈلزارىمىزدا مەڭگۈ خۇشپۇراق چېچىپ تۇرىدىغان، دەۋرنىڭ جۇدۇن - چاپقۇنلىرى سولدۇرالمايدىغان، رەڭگا - رەڭ تۇزىماس چېچەكلەرنى ئېچىلدۇردى. مەدىنىيەت تارىخىمىزدىكى پارلاق نامايەندە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمى يەشمىسىنى نەشرگە تەييارلىدى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەپ راۋاجلىنىشىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشتى.

## 1

ئەھمەد زىيائى 1913 - يىلى قەشقەرنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى خانئېرىق يېزىسىدا دېخانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر مەرىپەتلىك ئائىلىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ ئاتىسى مولاخۇن ھاجىم ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر مۇدەررىسى، مەرىپەتپەرۋەر شائىرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ياشلىق چاغلىرىدا مەككە ۋە مەدىنىدە ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن شۇ زامان ئىلمىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى بويىچە يۇقۇرى سەۋىيىگە يېتىشكەن، ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەنىدىن كېيىن، ئۆز خىراجىتى بىلەن 40 ھوجرىلىق بىر كاتتا مەدرىسە بىنا قىلدۇرۇپ، مىڭلىغان تالىپلارنى تەربىيىلەپ چىققارغان. ئۇنىڭ شەخسى كۇتۇپخانىسىدا دىن، پەلسەپە، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، تىبابەت، ئاسترونومىيە ئىلمىغا دائىر 10 مىڭ جىلددىن ئارتۇق كىتاپ قويۇلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا تۈركىيە، مىسىر، ئىران، ئافغانىستان قاتارلىق ئەللەردە نەشر قىلىنىدىغان گېزىت - ژورناللارمۇ ئۈزۈلمەستىن كېلىپ تۇراتتى. ئەھمەت زىيائى ئەنە شۇ كىتاپلار دۆۋىسى ئىچىدە ئۆسۈپ چوڭ بولدى. ئۇ كىچىكىدىنلا ئىلىم - پەنگە ئىشتىياق باغلاپ، ئاتىسىنىڭ قولىدا ئوقۇشقا باشلىدى. مولاخۇن ھاجىم ئۆزى «خۇمۇلى» تەخەللۇسى بىلەن شېئىر يېزىپ تۇرغاندىن باشقا، ئۆز تالىپلىرى ئارىسىدىمۇ ھەر يىلى بىر قېتىم ئەدەبىيات مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى شېئىر يېزىشقا سالاتتى. بۇ ھال ئەھمەت زىيائىنىڭ كىچىكىدىنلا شېئىرىيەتكە بولغان قىزىقىشىنى ئويغۇتۇپ، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ شائىرلىق يولىنى تاللىۋېلىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ ناۋائىي، فۇزۇلى، خوجا ھاپىز شىرازى، ھۆۋەيدا قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى بىلەن تونۇشۇپ، شۇ قاتاردا ئاتىسىنىڭ:

"ھەرسەھەر بولغاچ كۆكۈلگە خۇش كېلۇر دىدارى گۈل،
لېكىن ئاشىق كۆڭلىنى ئۆرتەر ھەر سەھەر گۈلنارى گۈل.

ھەر نىچۇك گۈل ۋەسفىنى قىلماققا رەيىم يوق مېنىڭ،
بىر گۈلى ۋەسفىن قىلايكىم ھەممىگە سەردارى گۈل." — دېگەن مىسرالار

بىلەن باشلانغان «گۈل ۋەسفىدە» قاتارلىق شېئىرلىرىنى يادلاپ يۈرۈپ، ئۆزىمۇ شېئىر يېزىشقا كىرىشتى.

30 - يىللارنىڭ باشلىنىشى بىلەن تەڭ مولاخۇن ھاجىم يېڭى زامان ئۇيغۇر مائارىپىنى يارىتىش يولىدا كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتقان يېڭىلىق تەرەپدارلىرىغا ئاكتىپ ماسلىشىپ، ئوقۇش مېتودى ۋە مەزمۇنىدا بىر قاتار ئىلغار ئىسلاھاتچىلىق ھەركەتلىرىنى ئېلىپ باردى. 3 مىڭ سۆزلۈك «ئەرەپچە - ئۇيغۇرچە لوغەت» تۈزۈپ، ئەرەپ تىلىدىكى «سەرپ - نەھۋە» كىتاۋىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ، دەرسلىكلەرنىڭ يېڭىچە پەننى سالمىقىنى ئاشۇردى. ئەھمەت زىيائى ئۆتكۈر زېھنى ۋە تىرىشچانلىق شىجائىتى بىلەن ئانا تىلى ۋە باشقا تۈركى تىللارنى، شۇنداقلا ئەرەپ، فارس تىللىرى ۋە ئۇلارنىڭ قانۇن - قائىدىلىرىنى پۇختا ئىگەللەپ، بۇ تىللاردىكى دىنى ۋە ئەدەبىي مىراسلارنى مۇتالىئە قىلىپ، زامانداشلىرى ئارىسىدا تونۇلدى.

1935 ـ يىلى سىياسى ۋەزىيەتنىڭ تەلتۆكۈس بىلەن مولـلاخۇن ھاجىمنىڭ دەرسى تاقىلىپ، ئوقۇش توختىدى. ئەھمەت زىيائى شۇ يىلى 11 ـ ئايدا قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدىكى «يېڭى ھايات گېزىتى» گە ئورۇنلىشىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ گېزىتچىلىك پائالىيىتىگە قەدەم قويدى ۋە ئۆز ئەسەرلىرىنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىشقا باشلىدى. 1937 ـ يىلى «يېڭى ھايات گېزىتى» نى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، نامىنى «قەشقەر شىنجاڭ گېزىتى» گە ئۆزگەرتتى. بۇ گېزىتنىڭ تىراژى ئەينى يىللاردا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ سەھىپىلىرى رەڭدار، مەزمۇنى مول ۋە يېڭى ئىدى. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت نۇرغۇن بىلىملەر تونۇشتۇرۇلغاندىن باشقا، سىياسى ۋە ئىلمىي ماقالىلەر، ئەدەبىي ئەسەرلەر ئېلان قىلىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېڭىنى ئويغۇتۇش، نادانلىق ۋە جاھالەتكە قارشى قوزغۇلۇپ كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش رولىنى ئوينىدى.

گېزىتتە ئەشۇ قىلىنغان ئىلغار پىكىرلەر ۋە دېموكراتىيە ـ ئەركىنلىك سادالىرى ئەكسىيەتچى دائىرىلەرنىڭ قارشىلىقىنى قوزغاپ، 1938 ـ يىلنىڭ ئاخىرلىرىدا گېزىت بولاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىدى ۋە قۇتلۇق ھاجى شەۋقى تۈرمىگە تاشلاندى. ئەنە شۇنداق بىر شارائىتتا، گېزىتنىڭ بارلىق مەسئۇلىيىتى ئەھمەت زىيائىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىپ، 1943 ـ يىلنىڭ باشلىرىغا قەدەر مەسئۇل مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى بېجىردى. شۇ يىلنىڭ 4 ـ ئېيىدا ئەھمەت زىيائى شىڭشىسەي ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن نەزەربەنت قىلىنىپ، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ بېرىلىش بىلەن كۆزگە يېقىنراق تۇتۇش ئۈچۈن، «شىنجاڭ گېزىتى» گە ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە 1944 ـ يىل 3 ـ ئايغا قەدەر مەزكۇر گېزىتنىڭ ئەدەبىيات بېتىدە ئىشلىدى. تولۇق بىر يىلغىچە توشمايدىغان ئەنە شۇ قىسقىغىنا بىر مەزگىل ئىچىدە ئۇ «رابىيە ـ سەئىدىن» ئوپېراسىنى، «مۇھەببەت ۋە ھايات» قاتارلىق كۆپلىگەن شېئىرلارنى يېزىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلدۇرۇپ، ئەدەبىيات ساھەسىدە چوڭ تەسىر قوزغىدى. لېكىن، شائىرنىڭ ئەركىن پىكىرلىرى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ خەلقىنى قوللۇقتا تۇتۇش، زىخ ئاستىدا تۇتۇش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش سىياسىتىگە مۇخالىپ كەلگەنلىكىدىن، ئۇ 1944 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا قولغا ئېلىنىپ، 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە تۈرمە ھاياتىنى باشتىن كۆچۈردى. ئەركىنلىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇ، قەشقەرگە قايتىپ، سودا كارۋانلىرى بىلەن بىرگە لاداخقا چىقىپ كەتتى. 1947 ـ يىلى ئەتىيازدا قايتىپ كېلىپ، بېشىم مۇناسىۋىتى بىلەن «قەشقەر گېزىتى» نىڭ مەسئۇللىقىغا بېكىتىلدى. ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئېلىپ بېرىلغان سىياسى تېنچىتىش نەتىجىسىدە، گېزىت نەشر قىلىنىشتىن توختىدى. قەشقەر ۋالىيسى ئابدىكېرىم خان مەخسۇمنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن «ئاڭ گېزىتى» نەشر قىلىنىپ ئەھمەد زىيائى گېزىتنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىدى. بېشىم بۇزۇلغاندىن كېيىن، بىر تۈركۈم ئىلغار زىيالىلار، جۈملىدىن تۇرغۇن ئالماس باشلىق شائىرلارنىڭ قولغا ئېلىنىشى بىلەن بىر مەزگىل «ئاڭ گېزىتى» نەشردىن توختاپ، كېيىنچە يەنە «قەشقەر گېزىتى» دېگەن نامدا نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. ئەھمەد زىيائى 1952 ـ يىلغا قەدەر يەنىلا شۇ گېزىتنىڭ مەسئۇللىقىنى ئۆتىدى. بىر مەزگىل خىزمەتتىن توختىتىلغاندىن كېيىن، ئۇ 1957 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ، 1960 ـ يىلغا قەدەر مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بۆلۈمىدە ئىشلىدى. شائىرنىڭ

شۇندىن كېيىنكى 20 يىللىق ھاياتى ئىنتايىن ئەگرى - توقاي ۋە ئېغىر شارائىت ئىچىدە ئۆتتى. 1980- يىل 4- ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر شۇ ئورۇندا ئەدەبىي ۋە ئىلمىي تەتقىقات پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللۇپ كەلمەكتە.

## 2

ئەھمەد زىيائى 1923- يىللىرى 10 ياش ۋاختىدىن تارتىپ شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن، 13 يېشىدا «گۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستانىنى پارس تىلىدا يېزىپ، ساۋاقداشلىرىنى ھەيران قالدۇرغان. لېكىن، شائىرنىڭ ئەسەرلىرى «يېڭى ھايات» گېزىتىدە ئىشلەشكە باشلىغان 1935- يىللىرىدىن باشلاپ مەتبۇئات يۈزىدە ئېلان قىلىنىش بىلەن، ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت مەيدانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ سانايى نەفىسەنىڭ پائالىيەتلىرىگە يېقىندىن ياردەمدە بولۇپ، 1938- يىلى خەلق ئاممىسىنىڭ باشتىن كۆچۈرگەن جاپا-مۇشەققەتلىرى ۋە "6 بۈيۈك سىياسەت"، نىڭ غەلىبىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «قارا كۈنلەر، نۇرلۇق ھايات» ناملىق دىراممىنى يازدى، ئارقىدىنلا خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى مەدھىيىلىنىپ، ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ ئەپتى - بەشىرىسى پاش قىلىنغان قويۇق ھەجۋى پۇراققا ئىگە سىياسى پىيسسىيە «ۋاڭ جىڭۋى» نى يېزىپ چىقتى. بۇ دىراماتىك ئەسەرلەر قەشقەر سەھنىلىرىدە كۆپ قېتىم ئوينۇلۇش بىلەن، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

1939- يىلدىن باشلاپ ئۇ پىروزا ئىجادىيىتىگە قەدەم قويۇپ، «رابىيە - سەئىدىن» ناملىق رومانىنى يېزىشقا كىرىشتى. ئەپسۇسكى، يازغۇچى ئۆز ئەسەرىنى ئەمدىلا يېرىملاشتۇرغاندا قولغا ئېلىنىپ، تۈرمە دائىرىلىرى تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىۋېلىندى.

1943-1944- يىللىرى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئىشلىگەن مەزگىلدە شائىر ئىجادىي غەيرىتىنى ئۇرغۇتۇپ، «رابىيە - سەئىدىن» ئوپېراسىنى (1943)، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ خىسلەت ۋە سەنئەت ئۇنچىلىرى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىنى، «تاڭ (قەن) پاجىئەسى» ناملىق ھېكايە ھەم «ياش يازغۇچىلارغا ياردەم» ئىستونىدا كۆپلىگەن مۇھاكىمە ۋە ئەدەبىي ئوبزورلارنى ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئارىسىدا قابىلىيەتلىك شائىر، دىراماتورگ ۋە ئەدەبىياتشۇناس سۈپىتىدە تونۇلدى. «رابىيە - سەئىدىن» ئوپېراسى شۇ چاغدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر سەھنە ئەسەرلىرى قاتارىدا ئۇرۇمچى ۋە قەشقەر سەھنىلىرىدە كۆپ قېتىم ئوينۇلۇش بىلەن، تاماشىبىنلارغا بەدىئىي زوق ۋە ئىلھام بېغىشلىدى.

1947- يىلى «قەشقەر گېزىتى» مەتبەسىدە ئەھمەد زىيائىنىڭ «توزدىماس چېچەكلەر»، «لاداخ يولىدا كارۋان»، «ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە» قاتارلىق 3 پارچە كىتاۋىنىڭ ئارقا-ئارقىدىن بېسىلىپ چىقىشى ئەدەبىيات مۇنبىرىنى زىل - زىلىگە كەلتۈرگەن چوڭ ھادىسە بولدى.

«لاداخ يولىدا كارۋان» - ساياھەت خاتىرىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا يازغۇچىنىڭ لاداخ سەپىرىدە بېشىدىن كۆچۈرگەن كەچۈرمۇشلىرى، كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرى، جۇغراپىيىلىك مەلۇماتلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئوبرازلىق تىل بىلەن چۈڭقۇر لىرىك ھىسسىيات خۇددى نار توگىنىڭ بويىنىغا ئېسىلغان كۆلدۈرمىنىڭ يىراقتىن ئاڭلانغان يېقىملىق ئاۋازىدەك، ئەسەرگە مۇڭلۇق تۈس بېرىپ،

بەدىئى كۆچىنى ئاشۇرغان. شۇڭا، بۇ ئەسەر 40- يىللاردىكى ئۇيغۇر نەسرىي ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

«ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە» - سىياسى پوبلىستىكا خاراكتېرىدىكى ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپ - تورنىڭ ۋەتەننىڭ ئازاتلىقى، مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، ھەقىقى دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى پىكىر ۋە مۇھاكىمىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«توزىماس چېچەكلەر» - شائىرنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن توپلام بولۇپ، ئاخىرى - غا «رابىيە - سەئىدىن» ئوپېراسى كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتىنى بىر قىتىملىق سوھبەت - تىمىزدە ئاپتور ئۆزى ئېيتقاندەك، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى زۇلمەتلىك دەۋردە يېزىلىپ، جەمىيەتكە تارقىلىش بىلەن خەلق ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىيالىغانلىقىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. «توزىماس چېچەكلەر» گە كىرگۈزۈلگەن شېئىرلارنىڭ تېمادائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى چوڭقۇر، شەكلى رەڭمۇ-رەڭدۇر. ئۇنىڭدىكى بىر قىسىم شېئىرلاردا شائىرنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسى رۇشەن ئىپادىسىنى تاپقان :

بەخت ساماسىنىڭ قوياشى ، يۇلتۇزىدۇر مەرىپەت ،
قاپقارا تۈرمۇش تۈنىنىڭ كۈندۈزىدۇر مەرىپەت .
....................................................................
خارۇ-زارقالغان ئېلىڭنى ئەي زىيالىي ، ياخشى بىل ،
مۆتىبەر بىر ئەل قىلىپ ياشناتقۇسىدۇر تەربىيەت .

( «تەربىيەت» )

يەنە بىر قىسىم شېئىرلاردا شائىرنىڭ زوراۋانلىق ئالدىدا باش ئەگمەيدىغان ، ھەق-ئادالەتنى ئۇلۇغلايدىغان، خەلق ئۈچۈن قۇربان بېرىشتىن ئايانمايدىغان جەڭگىۋار ئىرادىسى بىلەن جۇشقۇن يۈرەك ساداسى جاراڭلايدۇ :

تىلەرمەن ئايرىما دەپ ئەمگەكىمدىن ھەرزامان يارەب ،
نىسىپ بولغاي ياشاش دائىم تېنىمدە باركى جان يارەب .

قانائەت تاغىدىن بۇ ھىممىتىم سۇمرۇغى جاي ئالسۇن ،
بەلەن بۇ ھىممىتىم ئالدىدا پەستۇر ئاسمان ، يارەپ .

تەكەببۇر گەر زالالەتتىن ئىبارەت بولمىسا ئەردى ،
بويۇن ئەگمەس ئىدىم ئۇ بولسىمۇ شاھى جاھان، يارەب.

ھەقىقەتنى سۆيەر باغرىم، سۆكەر ئۇ بىھەقىقەتنى،
ئەگەر ناھەقچى بولغاندا كىرەكمەس بەگ ۋەخان، يارەب.

غېرىپ كۆڭلۈم ھەمىشە دەرتتە مەزلۇم ئاھى - زارىدىن،
يېتىملەر زارىغا يەتمەس كىشىلەردىن يىغان، يارەپ.

ئەگەرچە ئىززىتى - نەپسىمنى ھەرگىز ئەتمىگەيمەن خار،
يېتىم، ئاجىز، غېرىپلەر يۇت توپاسى ئۇشبۇ جان، يارەب.

زىياﺋﻰ باغرى دەرت بىلەن ئىزىلگەن تورپە شائىردۇر،
ياماﻧﻼر قەستىدىن بىچارە بولسىدى ئامان، يارەب.

(«غەزەل»)

يەنە بىر قىسىم شېئىرلاردا شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسى گەۋ-دىلەندۈرۈلگەن:

يۇرت - ئەل ئۈچۈن تارتقان ئازاپنى،
شاھلىق تەختىگە قىياس ئەتكۈلۈك.

خەلق يولىدىكى بىر مىنۇت قايغۇ،
مىڭ يىللىق راھەت ئۈچۈن يەتكۈلۈك.
..........................................
ئەلنىڭ بەختىنى كۆزلەپ ئەي زىيا،
يىغلىسا يىغلاپ، كۈلسە كۈلگۈلۈك.

(«غەزەل»)

يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرىدا شائىر تىغ ئۈچىنى ئەزگۈچى ھۆكۈمرانلارغا بىۋاستە قارىتىپ، ئۇلارنىڭ زالىملىق ۋە قانخورلۇق ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغان:

ئىچكىنىڭ زالىم قىزىل مەي، ئۇيلا كىمنىڭ قانىدۇر؟
يىگىنىڭ قايسى غېرىپ-بىچارىلارنىڭ نانىدۇر.
..........................................
بەزمىگاھ ئىچرە ساز ئاۋازىنى مۇڭلۇق دىمە،
تۆل خوتۇن بىرلە يېتىملار باغرىنىڭ ئەپغانىدۇر.

(«غەزەل»)

توپلامغا كىرگۈزۈلگەن يەنە بىر قىسىم شېئىرلار مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، شائىر ئۇنىڭدا پاك مۇھەببەت، سەمىمىلىك، ساداقەت، ۋاپا ھەم دىيانەتنى ئۇلۇغلايدۇ، يۈرەك ھېسسىياتىنى ئوبرازلىق، گۈزەل ئوخشۇتۇش ۋە سۈپەتلەش ۋاستىلىرى بىلەن ئىزھار قىلىدۇ:

يېڭى ئاي نەشئىلى، ئەمما نىگار قاشىغا ئوخشارمۇ؟
چىمەندە يەلپۈنۈپ سۈنبۈل قارا ساچىغا ئوخشارمۇ؟
..........................................
ئېچىلغان لالەيۇ رەنا قىزىل مەن دەپ بولۇر مەغرۇر،
نىگارىمنىڭ نەفىس، زىبا سۈزۈك لىۋىغا ئوخشارمۇ؟

نەسىمى سۈبھى دەم گۈل غۇنچىسى قىلمىش تەبەسسۇملار،
لېكىن بۇنداق تەبەسسۇم دىلبىرىم ئاغزىغا ئوخشارمۇ؟

(«ئوخشارمۇ»)

ئەھمەد زىيائى شېئىرلىرىدىكى ئەنە شۇنداق يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت كۆپلىگەن شائىر ۋە يازغۇچىلارنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، بىلال ئەزىزى قاتارلىق شائىرلار ئەينى يىللاردىلا زىيائى غەزىلىگە مۇخەممەس توقۇغان، ن . ئېركى قاتارلىق شائىرلار ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا تەقلىد قىلىپ بىر قىسىم ئەسەرلەرنى يېزىشقان ئىدى .

« توزىماس چېچەكلەر » گە كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ نادىر ئۈلگىلىرى سۈپىتىدە ھازىرمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقاتماستىن ، خەلق ئاغزىدا ياد ئوقۇلۇپ كەلمەكتە. بۇ كىتابىنىڭ يېقىندا چەتئەللەردە نەشىر قىلىنىشى يۇقىرىقى پىكىرىمىزنى تېخىمۇ تولۇق ئاساسقا ئىگە قىلىدۇ.

## 3

50 - يىللاردىن باشلاپ شائىرنىڭ ھايات يولىدا دۇچ كەلگەن ئەگرى - توقايلىق ۋە دىشۋارچىلىقلار ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ پات - پات ئۈزۈلۈپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولدى.

ئەھمەد زىيائى 1953-1955-يىللىرى ئارىلىقىدا ئۆزىنىڭ ئېغىر شارائىت ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىغا قارىماستىن، قەشقەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ۋالىيسى سەيپۇللايۇپنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يېگانە ئەسىرى «تۈركى تىللار دىۋانى»نى تەرجىمە قىلىشقا كىرىشىپ، ئىككى يېرىم يىل جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈش نەتىجىسىدە بۇ ئىشنى غەلىبىلىك تاماملىدى. تەرجىمىدە «تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ مىسىردا بېسىلغان نۇسخىسى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، بىر بەتكە ئەسلى نۇسخىسى كۆچۈرۈلۈپ، يەنە بىر بەتكە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى بېرىلگەن ئىدى. ئەپسۇسكى، 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە شائىرنىڭ قان-تەرى سىڭگەن بۇ شاھ ئەسەرنىڭ قولىيازما تەرجىمىسى ئىز - دېرەكسىز يوقۇلۇپ كەتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ئىشلىگەن 1957 - 1960 - يىللىرى ئارىلىقىدا ئەھمەد زىيائى يەنە ئەدەبىي - ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ ، نىزارىنىڭ « رابىيە - سەئدىن » ، موللا شاكىرنىڭ « زەپەرنامە » داستان -

لىرىنى نەشرگە تەييارلاپ، كىتاپخانىلارنى كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ نادىر ئۆلگىلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. « سايرا » ، « نەي ساداسى » قاتارلىق شېئىرلارنى يازدى.

ئۇ 1957 - يىلى 7-ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر 1 - قۇرۇلتىيىدا ئىلمى دوكلات بېرىپ،« ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا » ناملىق ئىلمى ماقالىسىدا ناۋايى ، لوتفى ، سەككاكى ... قاتارلىق ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرىنى تونۇشتۇردى ۋە ئۇنى « شىنجاڭ گېزىتى » دە ئېلان قىلدى. ئۇ يەنە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ شاھ ئەسەرى « قۇتادغۇ بىلىك » نىڭ دەسلەپكى 10 باپ نەسرى يەشمىسىنى ئىشلەپ چىقتى.

1958 - 1959 - يىللىرى ئارىلىقىدا شائىر « رابىيە-سەئىدىن» ناملىق داستانىنى يېزىشقا كىرىشىپ ، 12 بابىنى تاماملىغان ئىدى، لېكىن يېزىلىپ تاماملانمىغان بۇ ئەسەر كېيىنكى يىللاردا شائىر بىلەن بىللە پالاكەتچىلىككە ئۇچرىدى. 20 يىل داۋاملاشقان سەرسانچىلىقتىن كېيىن، ياشانغان شائىر قايتا يورۇقلۇققا ئېرىشىپ، ئەڭ ئاخىرقى كۈچ ۋە زېھنى قۇۋۋىتىنى يىغىپ، يەنە ئەدەبى-ئىلمى پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا كىرىشتى. 1980 - يىلدىن كېيىنكى بىر نەچچە يىل مابەينىدە شائىرنىڭ ياراتقان مول ئەمگەك مېۋىلىرى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. مۇشۇ يىللار ئىچىدە ئۇ باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ « قۇتادغۇبىلىك » نىڭ نەزمى يەشمىسىنى نەشرگە تەييارلىدى؛ « كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ قەدىمىلىكى ۋە ئۇنىڭ چەت تىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش جەريانى» ، « تارىخى مىراس "قۇتادغۇبىلىك توغرىسىدا"، مۇھاكىمە ۋە بايان» قاتارلىق ئىلمى ئەسەرلىرىنى يازدى؛ « رەۋزە توست سافا » ( دوستلار گۈلىستانى) ، « بۈيۈك ھون ئىمپىراتۇرلىغى تارىخى » ، « ئىسلام پەلسەپە تارىخى » ، « قۇتادغۇ بىلىك ئىنجۇمەلىرى»،«'قۇتادغۇ بىلىك ' ئىندېكىس » قاتارلىق كىتاپلارنى پارىس تىلى ۋە تۈركچىدىن تەرجىمە قىلدى .

ئەھمەد زىيائى 1984 - يىلى 5 - ئايدىن باشلاپ « رابىيە-سەئىدىن » ناملىق شېئىرى رومانىنى يېزىشقا كىرىشكەن ئىدى. يېرىم يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 51 باپتىن قۇرۇلغان، 10 مىڭ مىسرادىن ئارتۇقراق ھەجىمدىكى بۇ ئەسەرنى يېزىپ تاماملىدى . ئۇنىڭدا 19 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى قەشقەر يېڭىشەھەرگە قاراشلىق كۆكچى يېزىسى سۇبىھانا ناللا كەنتىدە بولۇپ ئۆتكەن بىر تارىخى ۋەقە ئاساسى ماتېرىيال قىلىنىپ ، سەئىدىن بىلەن رابىيەدىن ئىبارەت ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسى تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق، 19 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر يېزىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائى رېئاللىقى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدىكى بۇ يىرىك شېئىرى ئەسەر مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 30 يىللىقىغا سوغا قىلىنىدىغان بىر تۈركۈم كىتاپلار قاتارىدا نەشرگە تەييارلانماقتا.

ئەھمەد زىيائى 1984 - يىل 10 - ئايدا« رابىيە سەئىدىن » ئەسەرىدىكى قىسمەن بوشلۇقنى تولدۇرۇش مەقسىدىدە ،قەشقەرگە كېلىپ، سۇبھانا ناللا كەنتىگە بېرىپ رابىيە - سەئىدىنىنىڭ قەۋرىسىنى زىيارەت قىلدى ۋە شۇ يەرلىك پىشقەدەملەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ، كېرەكلىك ماتېرىياللارنى ئىگەللەپ قايتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ژورنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا شائىرنىڭ « رابىيە - سەئىدىن» ئەسەرىگە كىرگۈزۈلگەن غەزەل ۋە مۇخەممەسلەردىن بىر قىسمىنى تونۇشتۇرىدۇق.

# غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر

ئەھمەد زىيائى

## غەزەللەر

### I

گۈزەل قىز كۆڭلىنى باستى ئۆزى بىلمەيدىغان بىر غەم،
ۋۇجۇدى گۈلشىنىنى چەيلىدى قىلدى تامام بەرھەم.

ئېلىپ بىر زەئپىرانى تۈس، سولاشتى ئەرغىۋانى يۈز،
مۇھەببەت يۈكىنىڭ ئاستىدا بولدى سەرۋ قەددى خەم.

ئېقىپ نەرگەس كۆزىدىن گۈل يۈزىگە قەترە - قەترە ياش،
قىزىل گۈل بەرگىگە ئانداغكى چۈشتى دانەئى شەبنەم.

دىلىدە ئوت، كۆزىدە ياش ۋە لېكىن شۇ ئاجايىپكىم،
بۇ ئوتنىڭ يالقۇنى ئارتتى، قۇيۇلغان سىرى كۆزىدىن نەم.

گىچەك زۇلفىغە ئوخشاش كۆڭلىغە مىڭ - مىڭ تۈگۈن چۈشتى،
قەيەردە بىر تېبىبىكىم ئەيلىسە دىل دەردىگە مەرھەم...

بولۇر ھەر دەرتكە بىر دەرمان ۋە لېكىن ئىشىق دەردىگە،
مەشۇقتىن باشقا ئەمچىدىن ئۇنىڭغا بولمىغاي بىر ئەم.

يېتەمدۇ يار ۋەسلىگە، كىتەمدۇ ياكى ئەرماندا،
مۇھەببەت ئەھلىگە بۇ سىر ئىرور سىرلەر ئارا موبھەم.

### II

مېنى خوش تالئىم سۆيگۈك ئارا بۇ كويغا سالغانمۇ،
سېلىپ سۆيگۈگىنى كۆڭلۈمغا، ئۇنىڭغا يار بولغانمۇ.

سەبى كۆڭلۈم ئاجايىپ ئىزتىراپ ئىچرە كۆيەر دائىم،
كۆڭۈل كۆزگۈسىدە ئەكسىڭ جۇلاسى راستمۇ-يالغانمۇ.

بۇ قاشمۇ، ياپېڭى ئاي، ياپراق بەرگى ۋە ياكى يا،
مېنىڭ بۇ ياش دىلىمنى ئاتقىلى بەللەپ قويۇلغانمۇ.

ئىرور كىرپىكلىرىڭنىڭ ھەر بىرى بىر ئوق ھىلەك قىلغۇچ،
ئېتىلغاندا بۇ ئوقلار، ئاشىقىڭ ئۇندىن قۇتۇلغانمۇ.

قىلورسەن بىر قاراش بىرلە كۆڭۈللەرنى ئۆزۈڭگە سەبىر،
بۇ كۆزمۇ ياكى نەرگەسمۇ، يا تاڭ ۋاقتىدا چولپانمۇ.

يۈزۈڭ بىر ئايمۇ ياكى كۈن، ئېچىلغان يا سەھەردە گۈل،
گۈزەللىك گۈلشىنى ئىچرە سىنىڭدەك گۈل ئېچىلغانمۇ.

قىزىل ياقۇت لېبىڭ يا لەئل، قىزىللىقلەر نەدۇر ئوندا،
مەگەر ئاشىقلىرىڭنىڭ قانلىرى بىرلە بويالغانمۇ.

نەفىس خۇش لەبلىرىڭ ئىچرە، تىشىڭ ئۇ نەدگەن ئاپپاق،
نەدۇر ئۇ؟ تىشمۇ، يائۇنجى ۋە ياكى دۇررى غىلتانمۇ.

كۆرۈپ ئاغزىڭنى، كۆڭلۈم تارتتى ھەسرەت ئىچىدە فەرياد،
ئىرۇرمۇ پىستە يانوقتە ۋە يا غۇنچە ئېچىلغانمۇ.

نەدۇر ئۇ ساچمۇ يا ئەنبەر ۋە ياكىم يەلپۈنەر سۇنبۇل،
كۆڭۈل قۇشنى ئاۋلاشقا تۇزاق قىلىنىپ يارالغانمۇ.

ئەجىپ نازۇك بەدەنسەن، سەرۋى قەددىڭگە جاھان ھەيران،
فەرىشتەدۇرمۇ سەن ياكى فەرىدمۇ، ياكى ئىنسانمۇ.

III

مۇھەببەت نۇرى دىل ئاينەسىدە ئەكس قىلغاندا،
ئەقىل-ئىدراك پۈتۈنلەي تۇيغۇدىن خالى قالۇر ئۇندا.

قولىدىن ئىختىيارىنىڭ تىزگىنى كەتكەي چىقىپ ئاخىر،
خىيالىنىڭ ئاغىمىقىنى باشقۇرالماي تازا چاپقاندا.

ماگار يولىنى كۆرمەكتىن قالۇر ئەقىل ئۆزى ئاجىز...
ئىچۇككىم خىرە بولغاي كۆز قوياش نۇرىغا باققاندا.

ئىشىقنىڭ سىرىنى ھۇشىنىڭ كۆزى بىرلە تاماششا قىل،
كىلىپ پەرۋانە ئۆزىنى چىراغ نۇرىغا ئۇرغاندا.

ئېقىل ھەيران بولۇر سۆيگۈ ئەسىرى بۇ كىچىك مەخلۇق،
پىرىلداپ ئايلىنىپ شەمئىنى، ئۆزىنى ئوتقا ياققاندا.

ھەقىقىچىن مۇھەببەت بولسىلا ئەرزىر سۆز ئاچماققا،
قەلەم تەگلىك چىكەر يالغان مۇھەببەتتىن سۆز ئاچقاندا.

## مۇخەممەس

دىل ئەيىنىگىدە جىلۋ بىلەن ئەتتى ئەكس يار،
ھۆسنۈ ـ جامال گۈلى بىلەن تولغان لالە زار،
كۆرگەچ كۆڭۈلدە قالمىدى ھېچ سەبىر ئىختىيار،
قانداق نەپىس گۈزەللىك ئىرور بۇ؟ دېدىم، دېدى:
بولساڭ ئەگەر بۇلبۇلى ئىشىق باھارىڭ ئىرور سېنىڭ.

مەن مەست بولۇپ ئۈنىڭكى جامالى شارابىغە،
ئىچكەنسىرى يولۇقتۇم خۇمارى ئازابىغە،
گويا سىپىلدى تۇز ئۆزى كۆڭلۈم كاۋابىغە،
قانمايدىغان ئىچسە يۈرەك، نەمەيدۇر دېدىم؟ دېدى:
قاندۇرمىغان مەيىمگە خۇمارىڭ ئىرور سېنىڭ.

رەھىم ئەت ماڭا، قاچانغىچە ساڭا تەلمۈرەي،
ئاشۇپتە ھال، تەلۋە بولۇپ چۆل ئارا يۈرەي،
سەندىن ئۈمىد قانداق قىلىپ ئەندى مەن ئۈزەي،
بىلمەيمەن قايسى ھالغا چۈشۈپمەن؟ دېدىم، دېدى:
ئىشىق ئەھلى سەن مۇشۇ ھال شۇئارىڭ ئىرور سېنىڭ.

دانە يۈزىدە خال، ساچلىرى تۇزاق،
ئازاد كۆڭۈللەدۇر ئەسىرى ئۈنىڭ بىراق،
تۇتقۇنلىرىن ئۆلتۈرەدۇر، يوق ئوڭا سوراق،
قىلسا كىشى مۇنۇنداق بولامدۇ؟ دېدىم، دېدى:
ئارى بولۇر، كويۇم مازارىڭ ئىرور سېنىڭ.

# ئالىم ( مۆمىن) هەمرايىۋ ۋە ئۇنىڭ ئىجادى پائالىيەتلىرى توغرىسىدا

ئابدۇرېھىم سابىت



بىز ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىنىڭ سەھىپىلىرىنى بىرمۇ - بىر ۋاراقلاپ كۆرگىنىمىزدە، ئۇنىڭدا «ئالىم ئاخۇن »، « ئۇستا ئالىم »، « دولانى »دىگەن ئىسىم ۋە تەخەللۇسلار بىلەن يېزىلغان كۆپلىگەن ئەدەبى مىراسلارنى ئۇچرىتىمىز. بۇ ئەدەبى مىراسلارنىڭ ئىگىسى—«ئېغىر كۈنلەردە »، « دولقۇنلار ئارىسىدا »، « مەيداندىن ئاۋاز » قاتارلىق پوۋىست، رومانلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەندىلا بىخلىنىۋاتقان پىروزا ژانىرىنىڭ بالداققا كۆتەرگەن تالانتلىق يازغۇچى مۆمىن هەمرايىۋدۇر.

مۆمىن هەمرايىۋ 1908 - يىلى ئالمۇتا ئوبلاستىنىڭ ئۇيغۇر رايونىدىكى نارىن يېزىسىدا بىر كەمبەغەل تۆمۈرچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدىنلا ناهايىتى زىرەك، چىچەن، ئىقتىدارلىق بولۇپ ئۆسكەنلىكتىن، ئاتىسى ئۆز تۇرمۇشىنىڭ شۇنچە ئېغىرلىقىغا قارىماي، ئۆز پەرزەنتىنى ئوقۇمۇشلۇق، بىلىملىك كىشىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش مەخسىدىدە، ئالمۇتا رايونىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ بىرىدىگە ئوقۇشقا بېرىدۇ. م. هەمرايىۋ بىر تەرەپتىن ئوقۇپ تەلىم - تەربىيە ئالغاچ، يانا بىر تەرەپتىن ئەتە - ئاخشاملىرىدىكى بوش ۋاقتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئاتىسىنىڭ مەشغۇلاتىغا ياردەملىشىدۇ. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگەتكەندىن كېيىن، تاشكەنت شەهرىگە بېرىپ، ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈش تېخنىكۇمىغا ئوقۇشقا كىرىدۇ. تېخنىكومدا ئۇ، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، تارىخ، جۇغرافىيە، بوتانىكىغا ئوخشاش هەر خىل پەنلەرنى ئۆگىنىپ، ئومۇمى مەلۇماتقا ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، تىل - ئەدەبىيات پەنلىرىگىمۇ زور ئىشتىياق باغلاپ، قىزغىن هەۋەس بىلەن ئۆگىنىدۇ. ئۆزىمۇ هەم روس ئەدەبىياتى، سوۋېت ئەدەبىياتى ، ئۇيغۇر، قازاق، تاتار ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى ۋەكىللىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشۇپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن تەسىر ۋە ئىلهام ئېلىپ، قىسقا هەجىمدىكى لىرىك شېئىرلارنى يېزىشقا باشلايدۇ. م. هەمرايىۋ 1927 - يىلى تاشكەنت ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈش تېخنىكومىنى تۈگەت-

كەندىن كېيىن، سۇرخەندەريا ئوبلاستىغا خىزمەتكە تەخسىم قىلىنىپ، ئۇ جايدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ بىرىدە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەيدۇ، 1929 - يىلى تاشكەنتكە قايتىپ كېلىپ، ئۇيغۇر گېزىتلىرىدە مۇخبىر ۋە ئەدەبىي خادىم بولۇپ، گېزىتنىڭ ئەدەبىي بېتىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ. مۇشۇ يىللاردا ئۇ ئىجادىيەتكە قىزغىن كىرىشىپ، بىرىلىپ ئىشلەپ، ئۆز ئەمگىكىنىڭ تۇنجى مېۋىسى بولغان « ئېغىر كۈنلەردە » ناملىق پوۋېستىنى تاماملاپ، 1931 - يىلى نەشر قىلدۇردۇ. بۇ ئەسەر شۇ چاغلاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىسى سۈپىتىدە تونۇلۇپ، جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ.

مۆمىن ھەمرايىۋ 1934 - يىلى ئىككىنچى يىرىك ئەسىرى « دولقۇنلار ئارىسىدا » ناملىق رومانىنى يېزىپ پۈتتۈرىدۇ. يازغۇچى بۇ رومانىدا ئەينى دەۋر ئۈچۈن مۇھىم ۋە ئاكتۇئال بولغان مەسىلە - قالاقلىق، كونىلىق بىلەن ئېلغارلىق، يېڭىلىق ئارىسىدىكى كۈرەشنى ئاساسىي تېما قىلغان ھالدا ياش قۇرغۇچىلارنىڭ مەركەزدىن چەت جايلارغا بېرىپ، سوۋېت تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ۋە مەدەنىيەت تارقىتىش، ئاقارتىش ھەركەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى تەسۋىرلەپ كۆرسىتىدۇ.

رومانىنىڭ باش قەھرىمانى قاسىم ئاسىۋۇ كونا دۇنيانى تۈپ ئاساسىدىن يېمىرىشكە ھەركەت قىلىۋاتقان يېڭى دۇنيانىڭ ئادىمىدۇر. شۇڭا ئۇ يېڭى دۇنياغا قىزغىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىق چاقىرىقلىرىنى قوللايدۇ ۋە ھىمايە قىلىدۇ. قاسىم ئاسىمۇۋ ئۆز خاراكتېرى ھەم ماھىيىتى بىلەن يېڭى دۇنيانىڭ ئاڭلىق كۈرەشچىسى بولغاچقا، ئۇنى « ئېغىر كۈنلەردە » پوۋېستىدىكى خەلق ئازاتلىقى ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىغان، كونا دۇنيانى يېمىرىپ تاشلىيالىقچى بولغان ئىلەم ئوبرازىنىڭ داۋامى ۋە تولۇقلىمىسى، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

« دولقۇنلار ئارىسىدا » رومانىدا يازغۇچى ماھارىتىنىڭ پىشىپ يېتىلمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن، ئاز - تولا يېتەرسىزلىكلەرگە يول قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆز دەۋرى ئۈچۈن مۇھىم ۋە ئاكتۇئال بولغان مەسىلىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، بىر تارىخى دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بىلەن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

يازغۇچى 1937 - يىلى « مەيداندىن ئاۋاز » - دىگەن يەنە بىر رومانىنى يېزىپ پۈتتۈرۈپ، نەشرىياتقا تاپشۇرغان بولسىمۇ، بىراق بۇ رومان نەشرىيات تەھرىر ھەيئىتىنىڭ قولىدا تەقدىرى بىر تەرەپ بولماي ئۇن - تىنسىز يوقۇلۇپ كەتكەنلىكتىن، مەزمۇنى ئوقۇغۇچىلارغا ئايان بولمىدى.

يازغۇچىنىڭ كېيىنكى ھاياتى شىنجاڭدا ئۆتتى. ئۇ 1937 - يىلىنىڭ ئاخىرى تاشقورغان يولى ئارقىلىق يەكەنگە كەلدى. بىراق، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇنى "گۇمانلىق ئۇنسۇر"، دەپ قولغا ئالدى. ئۇ يەكەن تۈرمىسىدە بىر يىل سەككىز ئاي ياتتى. شىڭشىسەي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭدىن ئۆز گۇمانىغا دائىر بىرەر يىپ ئۇچىغا ئىگە بولالمىغانلىقى، شۇنداقلا 30-يىللاردا سوۋېت بىلەن بولغان باردى - كەلدى مۇناسىۋەت نورمال ئىش ھېساپلانغانلىقى ئۈچۈن، مومىن ھەمرايىۋنى ئاخىرى تۈرمىدىن بوشۇتۇشقا مەجبۇر بولدى. 1939 - يىلى مومىن ھەمرايىۋ قەشقەرگە كېلىپ، قۇتلۇق شەۋقى نەشر ئەتكەن « يېڭى ھايات » گېزىتى ( كېيىنكى ئۆزگەرگەن ئىسمى « قەشقەر شىنجاڭ گېزىتى » ) گە ئورۇنلىشىپ، ئۇنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ

بۇ چاغدىكى ئىسمى « ئالىم ئاخۇن »، ئەدەبى تەخەللۇسى « ئۇستا ئالىم »، « دولانى » ئىدى.
ئۇستا ئالىم ئازغىنا كەم ئۈچ يىلغا يېقىن ۋاقىت جەريانىدا ( بۇ ۋاقىتنىڭ كۆپ
قىسمى گەرچە تۈرمىدە ئۆتكەن بولسىمۇ ) جەنۇبى شىنجاڭ خەلقىنىڭ فېئودالىزىم بويۇنتۇرۇغى
ئاستىدا ئىنتايىن نامرات، نادان بىر ھالەتتە ياشاۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇ
قەلەمنى قورال قىلىپ، جەڭگىۋار كۈرەش روھى بىلەن تولغان يالقۇنلۇق شېئىرلارنى يېزىش
ئارقىلىق زۇلۇمغا، جاھالەت، نادانلىققا قارشى شىددەتلىك ئوت ئېچىپ، خەلق ئاممىسىنى ئازات-
لىق، ئەركىنلىككە ئۈندىدى. ئۇنىڭ « دولانى » تەخەللۇسى بىلەن كېيىنرەك يازغان بىر شېئىر-
دا مۇنداق مىسرالار بار:

ئىزلىسەم مەن بۇ جاھاندا ھەقنى سۆيگەن يوق ئەمەس،
ھەقنى ئىزدەپ بۇ ۋەتەندە باغرى كۆيگەن يوق ئەمەس.
باغ ئارا سايراشسا بۇلبۇل دايىما گۈل ئىشقىدا،
مىڭسىنى قۇرۇت چېقىپ سەرساندا يۈرگەن يوق ئەمەس.
ئول زىمىستان زۇلمىدىن شامۇ-سەھەر قان يىغلىبان،
گۈلباھارغا زار بولۇپ ئارماندا ئۆلگەن يوق ئەمەس.
مىللىتىم دەپ ياش تۆكۈپ بىر قانچە ئەل ئاھ ئۇرسىلەر،
كولۇشۇپ مازاق ئېتىپ غەپلەتتە يۈرگەن يوق ئەمەس.
ئويلىغىن ئۆتكەن كۈنۈڭنى سەن ۋەتەن ئەۋلادىسەن،
دۇنيادىن كەتمەي تۇرۇپ دوزاخنى كۆرگەن يوق ئەمەس.
يىغلىما، سەن ئەي دولانى، قىش كېتىپ بولۇر باھار،
قىل كۈرەش دەپ چاقىرىپ، يەڭنى تۈرگەن يوق ئەمەس.

ئۇستا ئالىم شېئىرلىرىدىكى مۇنداق ھۆرلۈك، ئەركىنلىك تەرغىباتلىرىنى كۆرگەن شىڭشىسەي
دائىرىلىرى " كوممۇنىستىك ئىدىيىنى تەرغىپ قىلغان " دەپ قاراپ، 1942- يىلى 2- ئايدا ئۇنى
قولغا ئالدى، شىڭشىسەي تۈرمىسىدە ئۇ بىتىم ئىمزالانغىچە ياتتى. 1946-يىلى 6 - ئايدا گومىن-
داڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىپ،
سىياسى مەھبۇسلارنى بىردەك ئازات قىلىش ئۇنىڭ بىر ماددىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغانلىق-
تىن، ئۇستا ئالىم تۈرمىدىن ئازات قىلىندى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ھۆكۈمىتىنىڭ كۆرسىتى-
شى بىلەن « ئاڭ » گېزىتى ( « قەشقەر شىنجاڭ گېزىتى » نىڭ بىتىم مەزگىلىدىكى نامى « ئاڭ »
ئىدى) گە باشلىقلىققا بېكىتىلدى. ئۇ گېزىتخانا باشلىقى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە گېزىتنى ياخشى باشقۇ-
رۇپ، ئۇنىڭ سان، سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپلا قالماستىن، گېزىت ئەتراپىغا ئىلغار پىكىرلىك
كىشىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بارىدىغان
جەڭگىۋار تەشۋىقات قورالىغا ئايلاندۇردى؛ ھە دېگەندىلا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بىتىمگە
خىلاپلىق قىلىپ خەلق ئۈستىدىن زورلۇق - زومبۇلۇق يۈرگۈزگەن، ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرگە
زىيانكەشلىك قىلغان جىنايى قىلمىشلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ " تىنچلىق بىتىمى " دىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ساختا نىقاۋىنى يىرتىپ تاشلىدى. ئۇستا ئالىم مەتبەچىلىك ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، خەلقنىڭ
ئاڭ - سەزگۈسىنى ئويغۇتۇشقا ياردەمى بولىدىغان بىر قىسىم كىتاپلارنى نەشىر قىلىپ، خەلق ئارى -
سىغا تارقاتتى. « شىرىن »①-ئەنە شۇلارنىڭ بىرى ئىدى. 1947 - يىلى 7 - ئايدا بىتىم بۇزۇل-
غاندىن كېيىن ئۇستا ئالىم قاسىمجان قەمبىرى، خەلپەت سۇزۇك ھاجىيۇۋ، ئابلىز مۇھەممەدى،
نىزامىدىن سالىيۇۋ، تۇرغۇن ئالماس، ئابلەق ئىزىز، تۇرسۇن ئىبراھىملار بىلەن بىللە قولغا ئې -
لىنىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يىگىمشەردىكى ھەربى تۈرمىسىگە قامالدى. گومىنداڭ ئەكسىيەت -
چىلىرى تۈرمىدە ئۇنى ھەر خىل ۋاستىلار بىلەن قاتتىق قىيىن-قىستاققا ئېلىپ، بوي سۇندۇرۇشقا
ئۇرۇنغان بولسىمۇ، بىراق ئۇستا ئالىم ھەممىگە بەرداشلىق بېرىپ مەھكەم تۇرغانلىقتىن، ئەك -
سىيەتچىلەر ئۇنى بوي سۇندۇرۇشقا ئامالسىز قالدى. 1949 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى خەلق -
نىڭ قاتتىق بېسىمى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى ھۆكۈمىتىنىڭ قىستىشى بىلەن ئۇلارنى تۈرمىدىن بو-
شاتتى. يازغۇچى شۇ يىلى 8 - ئايدا ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ئۆلكە ئازات بولغىچە جەمئىيەتتە ئىكار
يۈردى. ئۆلكە ئازات بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاۋۋال ئۆلكىلىك مەدەنىيەت-مائارىپ ھەيئىتىنىڭ مۇدى-
رى، كېيىن خەلق ئىشلار نازارىتىگە نازىر بولۇپ، خەلق ئىگىلىگىنى تىكلەش خىزمىتىگە ئاكتىپ
كۆچ قوشتى، 1955 - يىلى 5 - ئايدا تۇرپانغا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرۈشكە كېتىۋېتىپ،
داۋانچىڭدا ماشىنا ھادىسىگە ئۇچراپ، بەختكە قارشى 47 يېشىدا ۋاپات بولدى. ئۇستا ئالىم
شىنجاڭدا ياشىغان قىسقىغىنە 18 يىللىق ھاياتى جەريانىدا ئەدەبىيات ئىمىز ئۈچۈن سان جەھەتتىن
ئاز بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇن جەھەتتىن مول، تېرەن، ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيىلەر بىلەن سۇ-
غۇرۇلغان بىر مۇنچە ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئەدەبى مىراسلىرى ھەر قايسى
نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ ئارخىپلىرىدا، خەلق ئارىسىدا ساقلانماقتا. ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ جاما -
ئەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدى-
غان مەسئۇلىيىتى ۋە مۇھىم بۇرچىدۇر.

بىز تۆۋەندە تونۇشتۇرماقچى بولغان « ئېغىر كۈنلەردە » پوۋېس-
تى يازغۇچىنىڭ مەلۇم بولغان ئەسەرلىرى ئارىسىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرى بىرقەدەر كۈچ-
لۈك بولغان ئىجادى ئەمگەكلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئاپتور بۇ پوۋېستىدا تۈركىستان رايونىدا
ياشىغۇچى ئاز سانلىق مىللەتلەر ھاياتىدىكى چوڭ ۋاقە ھېساپلانغان 1916-يىلدىكى لاشىمانلىققا
ئېلىش ۋاقەسىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ھالدا سوۋېت تۇپرىغىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى-
نىڭ ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋى غەلىبە قىلغۇچە ئارىلىقتىكى پاجىئەلىك تۇرمۇ -
شىنى ئىنتايىن رېئاللىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى ئىلەم، ئەنە شۇ لاشمانلىققا تۇتۇلغان ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى-
نىڭ باشتىن كۆچۈرگەن ھايات پاجىئەلىرى، جاپا-مۇشەققەتلىرىنى ئۆزىدە جەملىگەن تىپىك ئوبراز-
دۇر. يازغۇچى ئەسەردە گەرچە ئىلەمنىڭ لاشمانلىققا تۇتۇلغىچە ئارىلىقتىكى ھايات پائالىيىتىنى

① « شىرىن » - ئۇستا ئالىم، ئۆرمەھەممەت ئېركى، تۇرغۇن ئالماس، قۇربان ئىمىن قاتارلىق شائىرلارنىڭ
شېئىرلىرىدىن جەملەنگەن ئەدەبى توپلام بولۇپ، ئۇ مەرھۇم قاسىمجان قەمبىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تۈزۈلۈپ، «ئاڭ»
گېزىتى مەتبەسىدە باستۇرۇلغان بولسىمۇ، بىراق تارقاتقىچە ئارىلىقتا بىتىم بۇزۇلۇپ كېتىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى-
لىرى ئۇنى بېسىقلىق ئورنى « ئۇيغۇر ئويۇشمىسى » دىن بۇلاپ ئېلىپ چىقىپ كۆيدۈرۈۋەتكەن.

تەسۋىرلىمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كېيىنكى ھاياتىدىكى بىر قانچە ۋاقەلىكلەر ئارقىلىق ئىلەمنىڭ بىر پۈتۈن خاراكتېرىنى سىزىپ چىققان. بىز پوۋېستنىڭ بېشىدا ئىلەمنى ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى ئانچە چۈشەنمەيدىغان، مۇدھىش تەقدىرگە بويسۇنغان، ئاڭسىز، نادان بىر دىخان سۈپىتىدە چۈشەنسەك، پوۋېستنىڭ ئاخىرىدا ئىجتىمائىي رىئاللىققا خېلى ئاڭلىق قارايدىغان، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى چۈشۈنۈشكە ئىنتىلىدىغان، ئادالەتسىزلىككە قارشى كۈرەش قىلىشنىڭ يوللىرىنى بىلگەن بىر ئىنقىلابچى سۈپىتىدە كۆرىمىز.

ئىلەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە روس ئىشچىسى سىرگىي ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. ئۇ ئىلەمگە ئىنقىلابنىڭ داۋلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئاڭ-سىزىمىنى يۇقىرى كۆتەرگەندىن باشقا، لاشمانلىقتا تەشكىللەنگەن مەخپىي ئىنقىلاۋى ھەركەتلەرگە قاتناشتۇرۇپ چېنىقتۇرۇش ئارقىلىق، بىر ئاڭلىق ئىنقىلابچى قىلىپ يېتىلدۈرىدۇ.

ئەسەردە يەنە سەلبىي قەھرىمانلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە گايىتباي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ھېمىتنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان بولۇپ، يازغۇچى ئۇلارنى سۈرەتلىگەندە ئايرىم خاراكتېرىسكا بېرىپ ئولتۇرمىغان، بەلكى ئۇلارنىڭ سۆز-ھەركەتلىرى ئارقىلىق روھىي دۇنياسىدىكى رەزىللىكلەرنى ئېچىپ تاشلىغان. مەسىلەن: ھېمىت ” دۇنيانىڭ ئاساسى تىرىكچى-پۇل » دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئەسەردە ئۇ ئۆز سۆز-ھەركىتى ئارقىلىق ئىنسانىي خىسلەتتىن تامامەن مەھرۇم بولغان، پۇل ئۈچۈن ھەر قانداق پەسكەشلىكلەرنى قىلىشتىن يانمايدىغان رەزىل مەخلۇق قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ.

ئەسەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۇتۇقلىرىدىن بىرى شۇكى، يازغۇچى كومپوزىتسىيىلىك قۇرۇلۇشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، ئۇنى چىۋەرلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرغانلىقتىن، لاشمانلىقتىن ئىبارەت بىر پۈتۈن تارىخىي ۋەقەلىكنى، شۇنداقلا تارىختىن بۇيان شەكىللەنگەن ھۆكۈمران سىنىپلار بىلەن قارام تەقدىرگە بويسۇنغۇچى ئەمگەكچى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى ئادالەتسىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىككە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى ئىلەم ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى جانەم بىلەن گايىتباي، روزاخۇن بولۇس، سايىت ئىمالار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشى ئارقىلىق رىئال ئاساستا يېشىپ كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ، ھەقىقەتەن ئۇتۇقلۇقتۇر.

يازغۇچى ئەسەرنىڭ سيۇژېتىنىمۇ شۇنداق چاققان، ئەپچىل، ھەركەتچان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغانكى، ئۇنىڭدا بىر ۋەقە ئىككىنچىسىگە باغلىنىپ، بىرىدىن ئىككىنچىسى چىقىپ، تەبىئىي رەۋىشتە راۋاجلىنىپ، بالداقمۇ-بالداق ئۆرلەپ ماڭغانلىقتىن، كىتابخان بىر دەممۇ زېرىكىشلىك ھېس قىلمايدۇ.

مەسىلەن: پوۋېستنىڭ بېشىدا تىچ ھايات كۆچۈرۈۋاتقان مەھەللىنىڭ بېشىدىن قىقاس-چوقان كۆتۈرۈلۈپ، يېزىنى تەۋرىتىپ، ئىتلارنى ھۈركۈتۈپ توختاخۇن ئەللىك بېشى كىرىپ كېلىدۇ-دە، يېزىغا ئۇلۇغلارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنلا تىچ ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خەلقنىڭ ھاياتىدا بىردىن ئەنسىزلىك باشلىنىپ كېتىدۇ. بىزنىڭ روھىي دۇنيايىمىزمۇ جىددىيلىككە ئۆتىدۇ. ئۆزىمىزمۇ تۇيۇقسىز ھالدا ئەسەردىكى ۋەقەلىك ئارىسىغا تەبىئىي شۇڭغۇپ كىتىمىز.

ياغۇچى ئەسەردىكى زىددىيەت توقۇنۇشىنىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن كەسكىنلەشتۈرۈپ، شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن رېئال قىلىپ يەشكەن.

مەسىلەن: لاشمانلىقتىن قايتقان ئىلەم كۆپ مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ مەھەللىگە يېقىنلاپ كەلگەندە، ئۇ ياللىغان ھارۋىنىڭ ئوقى سۇنۇپ كېتىپ، ھارۋا يولدا توختاپ قالىدۇ. بۇ چاغدا مەھەللىدە بولسا جانەمنىڭ تويى تاماملىنىپ، ئۇنىڭ ھەممىتكە بولغان نىكاسى ئوقۇلۇش ئالدىدا تۇراتتى. بۇنى ئۇققان ئىلەم دەرھال ئىشىنىڭ ئۇستىدىن چۈشۈپ، ۋاپادارى جانەمنى ھەممىتنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇلدۇرۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەممىتنىڭ پۈتۈن ئالدامچىلىقلىرى، قۇۋلۇق-شۇملۇقلىرى ئېچىپ تاشلىنىدۇ.

پوۋېستنىڭ تىلى ئۇستىدە بىر-ئىككى ئېغىز سۆز ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئۇستا ئالىم بۇ ئەسەرنى يېزىۋاتقان ۋاقتىدا، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تىلى تېخى ئەندىلەتتىن قېلىپلىشىشقا قاراپ مېڭىۋاتقان دەۋرى ئىدى. بۇ دەۋردە چىققان ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە تىل گۈزەللىكىدىن توغرا پايدىلىنالماسلىق، ئورۇنسىز سۆزلەرنى ئىشلىتىپ، پىرسوناژلار تىلىنى سۇنئىيلاشتۇرۇپ قويۇشتەك ئىللەتلەر مەۋجۇت ئىدى. ئۇستا ئالىم ئۆز پوۋېستىدا بۇ خىل ئىللەتلەرگە ئاز يول قويغان، خەلق ماقال تەمسىللىرىدىن، ئىستىلىستىك ۋاستىلاردىن ئورۇنلۇق پايدىلانغان.

لېكىن، ئۇتتۇق بار يەردە كەمچىلىك بولغىنىدەك، يازغۇچى بۇ ئەسەردە ئەينى دەۋردىكى ئەدەبىياتقا ئورتاق بولغان بىر قىسىم يېتەرسىزلىكلەردىن تاشقىرى، تاللىۋالغان ۋاقەلىكلىرىنىڭ مۇھىملىقى بىلەن موھىم ئەھەمسىلىگىگە، بىرىنچى ئورۇندىكىسى بىلەن ئادەتتىكىسىگە سەل قاراپ، قارىقويۇق تەسۋىرلەپ كېتىۋەرگەنلىكتىن، باش تېمىغا مەلۇم نوقسان يەتكەندىن باشقا، باش قەھرىمانلار بىر چەتتە قالدىغان ئەھۋاللار يۈز بەرگەن. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئەسەر ئۇيغۇر پىروزىسىنى كىچىكلىكتىن چوڭلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تۇنجى ئۇتۇغى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى

△ ئال دېسە ئەئۇزبىللا، بىرىنى دېسە ئەستەغپۇرۇللا.

△ ئىت ئۆگزىگە چىقىپ قاۋىغان بىلەن، ئېگىسىدىن پەس تۇرىدۇ.

△ مىچىتكە قارى كېرەك، دۇتتارغا تارى.

△ دېخان ئىشى پەسىل بىلەن، ھايۋان كۆپىيىشى نەسىل بىلەن.

△ ئەل نەغمىگە ئۇسۇل كېرەك، دېخانغا ھوسۇل.

△ كەتمەنگە ساپ كېرەك، ئەل نەغمىگە داپ.

△ ياغاچچىغا يىلىم كېرەك، ئىنسانغا بىلىم.

△ ئاغزى يامان بالا تاپىدۇ، ئاغزى يۇمشاق پانا.

△ نامەرتتىن كۆرۈم تىلىگىچە، خۇدادىن ئۆلۈم تىلە.

△ بىلگەن ئەپلەپ سۆزلەر، بىلمىگەن كەپلەپ.

(يوپۇرغا ناھىيە يەكشەنبە بازار گۇڭشى چىمگىلىك 11 - دادۇيىدىن ئابدۇمۆمىن ھەززى توپلىغان).

AltunOq

# ئېغىر كۈنلەردە

(پوۋېست)

مۆمىن ھەمرايېۋ

## 1 . ئېغىر كۈنلەردە

ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان بىر ئىقىمدا — ” بىر ئۈندە ، بىر تۈندە « — دېگەندەك ، ئارتۇقچە بىر ئۆزگىرىشمۇ يوق، سۇ قايىنىمىدەك قايناپ تۇرغان، چوڭ دولقۇنلارغا بوي بەرمەي ، ئۇششاق — چۇشەك دولقۇن پارچىلىرىغا پىسەنت قىلماي، كەڭ دېڭىز ئوتتۇرىسىدا ئىقىم بويلاپ يول سالغان قولۋاقتەك ئۆتۈپ تۇرغان تۈركىستان ئەمگەكچىلىرىنىڭ تۇرمۇشلىرىمۇ ئاستا — ئاستا بۇزۇلۇشقا باشلىدى.

يەرلىك ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۈستىگە ئۆز بايلىرىنىڭ ، ئۆز بەگلىرىنىڭ ، قازى، ئاقساقال ، سودىگەر ۋە بارلىق تەييار تاپلىرىنىڭ ئازاپلىرىنى ئاز دەپ، روسىيە پادىشا ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئېغىرلىقى، تۆلىماس تۆلىمى، تويىماس قان ئىچكۈچى بايلىرى بىلەن كېلىپ تاشلىنىپ، بۇ ئېغىرلىق كۈندىن — كۈنگە تېخىمۇ كۈچەيگىلى باشلىدى.

شۇنداق بولسىمۇ ئېغىرلىقىنى كۆتىرىپ، ئېزىلىپ،” تەقدىر ئىلاھى « غا بويسۇنۇپ ئۈگەنگەن ئەمگەكچىلەر بۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ، ئادەتتىكىدەك ئۆز ئىشلىرىنى داۋام قىلماقتا ئىدى. يېزا ئەمگەكچىلىرى بۇ يىلمۇ ئوخشاشلا ھارماي — تالماي چوڭ ئۈمىت بىلەن ئىشلىدى . بۇ مەزگىل ئېغىر مۇشەققەت بىلەن سەككىز — توققۇز ئاي ھېرىپ — ئېچىپ قىلغان ئەمگەكلىرىنىڭ ھوسۇلىنى يىغىۋالىدىغان چاغ ئىدى.

يىلدىكى ئادىتى بويىچە ، بۇ يىلمۇ كۆڭۈلسىز قىش ئايلىرىنى بالا — چاقلىرى بىلەن چۇۋۇلۇشۇپ كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈش ئۈمىدىدە، يېزا خەلقلىرىنىڭ دېخانچىلىقتىن بىر ئاز بوشىشىنى كۈزلەپ تۇرغان ئاتا — ئانىلار قىش ئايلىرىنىڭ كىرىشى بىلەن داڭگى — داراس بىلەن ئوغۇل ئۆيلەش ، قىز ئۇزۇتۇش ئىشلىرىنى باشلىۋەتتى . ئومۇمەن يېزا خەلقىنىڭ كۆڭۈلسىز قىش ئايلىرىنى ئويۇن — كۈلكە ، توي — مەشرەپ، چاقچاق بىلەن ئۆتكۈزۈشكە ئۈمىدى چوڭ. مۇنداق كۈنلەردە يېزا ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئات — ئۇلاقسىزلار، كۈنلىگىنى كۈندە كۆرىدىغان قېرى — چۈرىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ياش ئۆسمۈر بالا — ۋاقىلىرى، يېزا كۆپچىلىگى ئالتە ئاي ياز بويى ماڭلاي تەرلىتىپ، تاپقىنى كۈيدۈرۈپ، تىرىكچىلىكتىن بەركەت تاپالماي، ئەمدى بولسا تام تۈۋلىرىدە ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ، قىشتا نېمە ئىشلەشنىڭ ۋە كېلىدىغان يازنىڭ غې-

منى يەيتتى، قايسى بايدىن تەڭ شىرىكلىككە يەر ئېلىشنى، يەر-سۈيى بارلار قايسى باينىڭ ئات-ئۇلىغىنى ئېلىشنى، قىش ئوزۇغى يېتەرلىك بولمىغان كەمبەغەللەر كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، بايغا باھاردا ئىشلەپ بېرىش شەرتى بىلەن قەرزگە قىشلىق ئوزۇق ئېلىشنى مەسلىھەتلىشەتتى، بەزى-بەزىلەردە ئۆز ئارا كىمنىڭ مەشرىپىنىڭ ياخشى ئۆتكەنلىكىنى، كىمنىڭ تويىنىڭ داڭقى چىققانلىقىنى، بۇ نەرسىلەر ئۈچۈن چىققان نەچچە يۈز سوملارنىڭ ئورۇنسىز چىقىم قىلىنغانلىقىنى ھېساپلىشىپ، مىلكە بولىشاتتى.

قېرىلار بولسا دىخانچىلىقنىڭ رەسىم-قائىدىسىنى سۆزلەپ، ياشلىقىدا ئەتىدىن-كەچكىچە ئىشلەپ ھارمايدىغانلىقىنى، ئۆتكەندىكى ئۆز ئارا يەر، سۇ تالاش ۋەقەلىرىنى ياشلارغا ھېكايە قىلىپ ئولتۇراتتى. ياشلار قېرىلارنىڭ ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ۋەقەلىرىنى ئاڭلاشقا قىزىقاتتى. ئۆز ۋاقتىدىكى ئېغىرچىلىقلار، شۇ ئارقىلىق قانلار ئىچىدە بويۇلۇشلار، "زامانە زورنىڭ، تاماششا كورنىڭ" بولىشى توغرىسىدىكى قېرىلارنىڭ ئوتلۇق سۆزلىرى چىرايلىق جۈملىلەر ئارقىلىق تىزىلىپ چىقىشى بىلەن، تىڭشىغۇچىلارنىڭ يۈرەكلىرى ئۆز-ئۆزىدىن جىغىلداپ، بوييىشۇركۈنەتتى، "بۇنىڭدىنمۇ قۇتۇلارمىزمۇ؟" دەپ ياشلار قېرىلارغا سوئال بېرىشەتتى. بۇ كۈنلەردە ياخشى چاپانلىق، سېمىز يورغا ئاتلىق، دۇنيادىن بىپەرۋا يۈرگەن يېزىنىڭ بايلىرى، بەگلىرى، ئاقساقاللىرى توپ-توپ بولۇپ، يېزىمۇ-يېزا مېھماندارچىلىق قىلىپيۈرىشەتتى، مېھماندارچىلىقتىن بوش ۋاقىتلىرىدا قارچۇغىسىنى قولغا كۆندۈرۈۋېلىپ، ئوۋ ئوۋلىشاتتى. ئوغلاق تارتىش، بەيگىلەرگە بېرىشقىمۇ ۋاقىت تېپىلاتتى.

«ئا» يېزىسىنىڭ خەلقى كۈندىكى ئادىتى بويىچە بۇ كۈنىمۇ تام تۈۋىلىرىگە، تويلانغان ئىدى. مەھەللىنىڭ يۇقارقى بېشىدىن كىمنىڭدۇ قىقاس-چۇقان بىلەن ئات چېپىپ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈندى. قىقاس-چۇقانلارغا مەھەللىنىڭ بىر توپ ئىتلىرى قوشۇلۇپ، ئات كەينىدىن جېنىنىڭ بېرىچە قاۋىشىپ، قوغلۇشۇپ كەلمەكتە ئىدى. قىقاس-چۇقان يېزىنى تامامەن بېشىغا كەيدى، خەلقنى مەڭدەتتى، يېزا تەۋرەندى، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغانلار: "نېمە بالا، نېمە قازا، قانداق يېغىدۇر بۇ؟!" دېيىشىپ، كوچا-كوچىلارغا توپلاندى. ھاي-ھۇي دېگىچە ئىگىسىز بويىلوق، سولىشىپ قالغان چەيزىدەك ئېسىلىپ تۇرغان كەڭ يۈزلۈك، ئەگرى بۇرۇنلۇق، قىزىل يۈزلۈك، چاڭگا ساقاللىق، كۆرۈنىشىدىن قاپىقى يامان يالغۇز ئاتلىق كىشى كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، بىزنىڭ توپقا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئالدىغا خەلقلەر مەڭدىگەن ئاۋازلىرى بىلەن "توختاڭ، توختەم!" "توختاڭ، توختاخۇن"! دەپ دوكۇرشۇپ كېلىپ توختاتتى. بىر نەچچە مىنۇتتا قىقاس-چوقانلار بېسىقىپ، ئات كەينىدىن كېلىۋاتقان ئىتلار ئاتنى خەلق ئورۇۋالغاندىن كېيىن چەت-چەتكە چىقىپ بىر-بىرى بىلەن تالىششقا باشلىدى. يان-ياندىن چىققان ئىتلارنىڭ خىقىراشلىرى، كاڭشىشلىرى يېزىنى قاپلاپ كەتتى. ئادەملەر ئىتلارنى تاش ۋە داڭگاللار بىلەن ئۇرۇپ قوغلاپ، بىر نەچچە مىنۇتتا ۋاڭ-چۇڭنى توختاتتى. توختاخۇن تەرەپ-تەرەپتىن ئاڭلانغان "نېمە بولدى، نېمە بالا؟" دېگەن سادالار بىلەن كۆمۈلدى. بۇ كىشى «ئا» يېزىسىنىڭ ئەللىك بېشىسى توختاخۇن ئۇتۇلمىگەن ① ئىدى. توختاخۇننىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئوتتۇرا ھاللىق كىشىلەر بولۇپ، ھېچقايسىسى شۇ كۈنگىچە مەنسەپ كۆرمىگەن، بۇلارنى يېزا خەلقلىرى ئىچىدىكى دۆلەتمەنلەر بىلەن بىر-

① ئۇتۇلمىگەن — كاللىدەك بېشىدا چېچى يوق، تاز دېگەن مەنىدە.

لىشتۇرغاندىمۇ ئارتۇقچە دۆلىتى يوقتەك كۆرۈنەتتى. توختىنىڭ ئۆزى ئۇرۇق - جەمەتلىرى ئىچىدە بىردىن - بىر مەنسەپ پەرەس بولغىنى ئۈچۈن، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بولۇسلارنىڭ، قازى، ئاقساقاللارنىڭ تاۋىغىنى كۆتۈرۈپ، داسمالچى بولۇپ يۈرۈپ، كەمبەغەللەرنى قاخشىتىپ، ئوغۇر - لاپ كەلگەن ئاتلارنى بولۇسلارغا، قازىلارغا تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلاردىن مەنسەپ سوراپ يۈرگەن ئىدى. بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىللار ئاۋال «ئى» بولۇسىنىڭ سايلىمىدا روزاخۇندىن باشقا كىشىنى بولۇس قىلىمىز دەپ تالىشىپ تۇرغان باشقا پارتىيىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىچىدە «ئى» بولۇسىنىڭ قولىغا قاراشلىق يېزىلارنىڭ ئىچىدىكى بىر كىشىنى سايلام ۋاقتىدا پىچاق ۋە پالتا بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈپ، روزاخۇن ئالدىدا ئابرۇي تاپقان توختىنى روزاخۇن بولۇسلۇقنى ئېلىشى بىلەنلا «ئا» يېزا ئاقساقىلىغا ئەللىك بېشى قىلىپ قويغان ئىدى. بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ مەنسەپكە يېتىشكەن شۇ سايلامدىن كېيىن، توختى مۇشۇ كۈنگىچە ئەللىك بېشى بولۇپ كەلمەكتە. ئۇ، ئۆزىنىڭ قوپاللىقى، رەھىمسىز - قارا يۈرەك بولىشى، بىر كىشى بىلەن ئۆز ئارا سۆزلەشكەندىمۇ سېسىق سۆزلۈك بولىشى بىلەن يېزا خەلقى ئارىسىدا تونۇلغان ئىدى. توختى بۆك ئال دىسە باش كېسىدىغانلارنىڭ بىرى بولۇپ، يېزا خەلقى ئۇنى كۆرۈشى بىلەن جانلىرى سىقىلىپ كېتەتتى. بۇ يېزىدا ئۇنىڭ زەھەرلىك قامچىلىرىنى يېمىگەن كىشى يوق ئىدى. خەلق ئۇنىڭ كەينىدىن "ئۇ تۇلىگەن"، "توختەك تاز"، "قانخور" دەپ تىللىشاتتى.

توختى ئەللىك بېشى توختاپ، بەجايىكى قارا تاغنى قايرىپ، ئالا تاغنى ئايرىۋەتكەندەك، يانچۇقىدىن قاپ - قارا دەسمالغا ئوخشاپ كەتكەن قول ياغلىقىنى چىقىرىپ، يۈزىدىن سۇدەك ئاققان تەرلىرىنى سۈرتۈپ، ئاتقا يېنىچە ئولتۇرۇۋالدى - دە، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، يان-يېقىغا قاراپ، قوپال ئاۋاز بىلەن:

— ھەي، خالايىق، ئاڭلىمىدىم دىمەڭلار! بۈگۈن ئۇلۇغلار كېلىدۇ. قارنى - قار دىمەي، پاتقاقنى - پاتقاق دىمەي كوچىلارنى تازىلاڭلار. ئەگەر كىمكى كوچىنى تازىلىمىسا، كېيىن خاپا بولمىسۇن!-دىدى - دە، خەلقنىڭ "قانداق ئۇلۇغ، نىمە ئۈچۈن كەلگىدەك؟" دىگەن سوئاللىرىغا جاۋاپمۇ بەرمەي، باشقا كوچا - مەھەللىلەرگە جاكا قىلىشقا ئاتنى چاپتى. كوچا بويلاپ: "ھەي خالايىق، كوچاڭنى تازىلا، تازىلىمىساڭ خاپا بولما!" دىگەن قىقاس بىلەن ئۇياقتىن - بۇياقتىن يىغىلغان ئىتلارنى ئارقىسىدىن ئەگەشتۈرۈپ، ئىككىنچى كوچىغا ئۆتتى. خەلق بولسا: "قەيەردىن كېلىدىغان ئۇلۇغ، نىمە ئۈچۈن كېلىدۇ؟" دىگەن سوئالغا جاۋاپ تاپالماي، ھاڭ-تاڭ بولۇپ قې-لىشتى. ئانچە ھايال ئۆتمەي خەلق ھويلا - ھويلىغا تارقالدى. بىردەمنىڭ ئىچىدە كوچا گورجەك، كەتمەن، تىۋىلغا سۈپۈرگىلەر بىلەن تولدى. 3- 4 سائەت ئىچىدە قار - پاتقاق بىلەن تولغان كوچىنى چىنىدەك قىلىپ تازىلىدى.

خەلق ئارىسىدا: "ئۇلۇغ نىمە ئۈچۈن كەلگىدەك؟" دىگەن پىچىر - پىچىر سۆزلەر كۆپەيدى. بەزىبىرلىرى ئۆلۈپ - كۆچۈپ، بار - يوقىنى سېتىپ پۇل قىلىپ، پۇل بىلەن ئۇلۇغقا يەر سۇچا تىغى ۋە باشقا ئەرز - دەردىنى ئېيتىشقا تەييارلاندى. بەزىبىر "دەسمالچىلار" يېڭى ئۇلۇغقا ياخشى كۆرۈنەك ئۈچۈن ئاش-سۇ قىلىپ، ئۇلۇغنى چايغا قىچىرىپ، كۆڭلىنى ئېلىشقا ھازىرلىنىشقا باشلىدى.

ئۇ كۈن ئۆتتى، ئەتىسىمۇ ئۆتتى، كەلمىدى. باشقىدىنلا قار يېغىپ، تازىلانغان كوچىلارنىڭ بىت - چىتىنى چىقاردى. 3- كۈنى كۈن چىقماستىن بۇرۇن توختى ئەللىك بېشى كوچىلارنى يەنە

تازىلاتقۇزدى. خەلق ئۇلۇغـنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن چاجاق قىلىپ چوك كوچىغا توپلاندى. يېزى-
دىكى قازى، ئاقساقال، ئەللىك بېشلىرى بولسا ئىمزا ەتلىك، ئابرويلۇق كىشىلەر بىـلەن ئۇلۇغـنى
قارشى ئېلىشقا، مەھەللە چېتىدە چاجاق قىلىپ، ئون - ئون بەش ئاتلىق بولۇپ ئالدىـغا كەتتى.
خەلق چوك كوچىغا توپلىنىپ، كوچىنىڭ ئىككى چېتىدە زىچچىدە تىزىلىپ، ھامان ئۇلۇغ كېلىدىغان
يولغا قاراپ تەلمۈرمەكتە، "قانداق ئۇلۇغكىن؟ قەيەردىن كەلدىكىن؟» دەپ بىـلمىشكە قىزىقىشماقتا.
كۆپچىلىك "بۇ ئۇلۇغ رەھىملىك كىشى بولغىدى، بىزگە يەنە ئازاپ سېلىپيۈرمىگىدى» دېيىشىپ،
ئۆز - ئۆزىدىن قورقۇپ ئەنسىرەشمەكتە.
ھويلا - ھويلىلاردا، ئۆگزە - ئۆگزىلەردە، كىشى كۆرۈنمەيدىغان داللاردا "ئۇلۇغنى كۆرـ
مىز» دەپ يىغىلغان خوتۇن - قىزلار يوچۇقلاردىن قاراشماقتا. سائەت 12 - 1 لەردە توختى قىقاس
بىلەن: "ئۇلۇغ مەھەللىگە كىردى» دەپ ئات چېپىپ كەلدى. خەلق باشقىدىنلا تەرتىپ بىلەن كو-
چىنىڭ ئىككى چېتىدە قاتار تىزىلىپ، قول قوشتۇرۇپ، باش ئېگىشىپ تۇرۇشتى.
ئانچە ھايال ئۆتمەي قاتىرىسىغا 3كىشى ئولتۇرغان، ئالدىدا بىر ياش يىگىت ھەيدىگەن 3
ئات قوشۇلغان پوچتا مەھەللىگە كىرىپ كەلدى. پوچتا كەينىدىن قوراللىق 3 سولدات، ئۇلارنىڭ
كەينىدە قارشى ئالغىلى چىققان "ئا» يېزىسىنىڭ چوڭلىرى كېلىشمەكتە ئىدى.
تىزىلغان خەلق باش ئېگىپ تۇرغان ھالدا ئىتتىك ئۆتۈپ كىتىپبارغان كىشىلەرگە يەر ئاستى-
دىن كۆز تاشلىشىپ قاراپ قېلىشتى.
ئوك تەرەپتىكىسى تۈلكە تونغا ئورنىۋالغان يوغان گەۋدىلىك، بۇغداي ئۆڭلۈك، قېلىن قا-
را ساقاللىق، يوغان كۆزلۈك، ھەر كىمنىڭ كۆزى چۈشىشى بىلەن يۈرىگى جىغىلدىغىدەك ئۆتكۈرسۆز-
لۈك "ئى» بولۇسنىڭ بولۇسى روزاخۇن ئىدى. ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغىنى بولسا، سېرىق يۈزلۈك، ھاۋا
سوغ بولغاچقىمۇ يۈزىنىڭ سېرىق تۈكلىرى ھۆرپەيگەن، ئۈشلىنىپ چىققان پۈچۈق بۇرنىنىڭ ئۇچى
شوخلىدەك قىزارغان، قوپال كالپۇكلىرى كۆكىرۇپ ئۆلۈك رەڭگىنى ئالغان، ئىككى مۆرىسىگە يوغان
پاگون تاقىغان، تۆرىلەرچە كىيىنگەن، ئىـۇزۇن بويلۇق، يېشى30 لارغا يەتكەن كىشى ئىدى. بۇ كىشى
خەلق ئۈچۈن نامەلۇم بولسىمۇ، ئۇنىڭ كىيىملىرىدىن چوك تۆرىلىگى بىلىنىپ تۇراتتى. ئەڭ چەتتە ئول-
تۇرغىنى بويىغا بۇلاردىن ئېگىز، ساپ سېرىق، ئورۇق ياڭاقلىرى يىپىشقان، روسچە پورما بىلەن تى-
كىلگەن قارا تاشلىق جۇۋىغا ئورالغان، قانداقتۇ سەۋەپلەر بىلەن ئىككى ئۈشاق قولىدىن ئاي-
رىلغان، روزاخۇن بولۇسنىڭ خەتچىسى ۋەلىپىسۇن چولاق بۇلۇپ، خەلق ئۇنى ئۆز ئارا "ۋاسكا چولاق»
دەپ ئاتىشاتتى.
روزاخـۇن بولۇس كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە تىزىلغان خەلقتىن تېچلىق - ئامانلىـق سو-
راشقاندەك ئىشارەت بىلەن بېشىنى سىلكىيتتى، پوچتا خەلق ئوتتۇرىسىدا توختىمىدى. شەھەر پور-
مىسىدا، شەھەربايلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە ئوخشىتىپ سېلىنغان، ھەر خىل گۈل - نەقىشلەرنى چىقىرىپ يا-
ساتقان 2 قاناتلىق كۆك دەرۋازىلىق يوغان ئۆينىڭ ئالدىـغا كېلىپ توختـىدى. دەرۋازا يـوغان
ئېچىلدى. ئۇلۇغلار سالاپەتلىك ياخشى كىيىنگەن كىشىلەر تەرىپىدىن قارشى ئېلىندى. ئۇلۇغنى مەخـ
سۇس تەييارلانغان مېھمانخانىغا گويا كۆتەرگەندەك ئەپكىرىپ كەتتى. دەرۋازا يېپىلدى. بۇ ئۆي
ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ مەنسەپدار، ئېگىز بويلـۇق، سۆلەتـلىك كەلگەن خىتىۋاقـى قازىـنىڭ
ئۆيى ئىدى. "ئۇلۇغ بىزگە نىمەسۆزلەيدىكىن؟»دىگەن ئوي بىلەن خىتىۋاقى قـازىـنىڭ دەرۋازىسـ
دىن تارتىپ، كوچىنىڭ ئايىغىچە تىزىلغان خەلق قارىشىپ قېلىشتى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن 4 مەسچىتنىڭ ئىماملىرى، ئابرۇيلۇق بايلىرى، خىتىۋاقى قازىنىڭكىگە مېھمانغا ئېيتىلىپ، ئاش-سۇ تارتىلدى. ئۆز كىمزىگى بىلەن مەجلىس ئېچىلدى. روزاخۇن بولۇس يەخشىلىقانلارغا پاگونلۇق كىشىنى تونۇشتۇردى. پاگونلۇق كىشى "چى" ئويۇزىدىن ئىشچىلىققا كىشى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئادەم بولۇپ چىقتى. توپلانغان مېھمانلارنى، يېزا چوڭلىرىنى روزاخۇن بولۇسنىڭ "ئىشچىلىققا كىشى ئېلىشقا" دىگەن سۆزى ھەيران قالدۇردى. مېھمانلارنىڭ قۇدۇغىغا تاش چۈشكەندەك بولۇپ، تىڭىرقىشىپ بىر-بىرىگە قاراشتى. ھەر قايسىسىنىڭ كۆز ئالدىغا ئېزىز ئاكا-ئۇكىلىرى ۋە باللىرى كەلدى. روزاخۇن بولۇسقا "كىمنىڭ بالا-ۋاقىلىرىنى ئالىدۇ؟ ئۇنىڭدىن باللىرىمىزنى ئايرىپ قىلىشنىڭ يوللىرى بارمۇ؟" دىگەن مەزمۇندا سوئاللار بىرىلدى، بولۇس بۇ سوئاللارنىڭ چۈشىدىغىنىنى بىلگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ توختاۋسىز "بار" دىگەن بىر ئېغىز سۆز بىلەن ھەممىسىنىڭ يۈرەكلىرىنى جايىغا چۈشۈردى. ھەممىنى قانائەتلەندۈردى. بۇ بىر ئېغىز سۆزنىڭ ئاستىدا تەبىئى "ھەر كىم ئۆز باللىسىنىڭ ئورنىغا ئاتىسىز-ئانىسىز، كۈننى كۈندە كۆرەلمەيدىغان يوقسۇللارنىڭ باللىرىنى سېتىۋېلىپ ئەۋەتىش، تۆرىنىڭ كۆڭلىنى تېپىش" دىگەندەك سىرلىق مەنىلەر ياتار ئىدى. "بار" دىگەن سۆزدىن كېيىن، يۈزلىرىگە قان يۈگۈرگەن، كۆڭۈللىرى تېچلانغان مېھمانلار بولۇسنىڭ سۆزلىرىنى خاتىرجەملىك بىلەن تىڭشاشقا كىرىشتى.

— بەگلىرىم، ئاخۇنلىرىم، ئۇزۇن يىللاردىن بىرى پادىشا ھەزرەتلىرى بىزنىڭ پۇخرالىرىمىزدىن خىزمەتكە كىشى سورىمىغان ئىدى، ئالۋاڭ-سېلىق ئېلىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ، شۇ كۈنگىچە بىزنىڭ خەلقىمىزگە مېھرى-شەپقىتىنى ئايىمىدى، بىزگە، ئۆلىما-بەگلەرگە پادىشا ھەزرەتلىرى چوڭ دۆلەت، تۆگىمەس ئابرۇي ئاتا قىلدى. پادىشا ھەزرەتلىرىگە بۇ كۈنلەردە خىزمەتچى كېرەك بولغان ئىكەن، بىزدەك يۇرت چوڭلىرىغا ئىشىنىپ، ئۆز يۇرت ئىچىمىزدىكى پۇخرالىرىمىزدىن خىزمەتكە كىشى بېرىشنى سورايدۇ. ھەر ھالدا يۇرتنىڭ ئاتىسى بىزلەر بولغاندىن كېيىن، پادىشا ھەزرەتلىرىنىڭ سۆزىنى بىزلەر ئورۇنلىشىمىز لازىم. يۇرت ئېتىگى كەڭ، پۇخرالىرىمىز يېتەرلىك، سىلەر بۇنىڭغا نىمە دەيسىلەر؟!-دىدى-دە، بولۇس ئۆزىنىڭ تۇرۇشىنى بۇزماي، بىر ئاز سۈكۈت بىلەن كۆزىنى ھەممىگە بىر قاتار يۈگۈرتۈپ كېلىپ، خىتىۋاقى قازىنىڭ ئۈستىدە توختىدى. خىتىۋاقى قازى بولسا بولۇس بەگنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىنىڭ تۇيۇقسىز قادالغانلىقىغا بىر مۇدۇرلىنىپ، ئورنىدىن بىر قوزغىلىپ، تامىقىنى قىردى. "نىمە دەيمەن؟" دىگەندەك بولۇسقا قارىدى. بولۇس بولسا كۆزلىرىنى قازىدىن تېخى ئالمىغان ئىدى، قازى بولۇسنىڭ قاراشلىرىدىن خېلى نىمىلەرنى چۈشەندى. ئولتۇرغان جايىدىن يەنە بىر ھەركەتكە كەلدى-دە، تامىقىنى قىرىپ بولۇستىن سۆزگە رۇخسەت ئالدى.

— بەگلىرىم، ئاخۇنلىرىم! بولۇس بەگىم ئېيتقاندەك، پادىشا ھەزرەتلىرى بىزنىڭ خەلققە ئۇنتۇلماس ياخشىلىق قىلدى. بۇ ياخشىلىقلارنى ئۇنتۇشىمىز نا توغرا دەپ ئويلايمەن. بىزلەر پادىشا ھەزرەتلىرىنىڭ ئېيتقىنىنى قىلىشىمىز لازىم. يېزىلىرىمىز بولسا چوڭ، يېزا پۇخرالىرىمىز بولسا يەتكۈدەك، شۇنىڭ ئۈچۈن قولىمىزدىن كەلگىچە پادىشا ھەزرەتلىرىگە خىزمىتىمىزنى ئايىماسلىقىمىز لازىم، دەپ ئويلايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سەمەت ئىمام قازىنىڭ كېيىن توگىشىگە تامىغىنى قىرىپ سالماق ئاۋاز بىلەن:

— ئەلۋەتتە، بولۇس بەگ، سىلىنىڭ ئېيتقانلىرى ناھايىتى توغرا، پادىشا ھەزرەتلىرى بىزگە توگىمەس، ئۈنتۇلماس ياخشىلىق قىلدى، توگىمەس دۆلەت - ئابرۇي بەردى. بىزلەر بولساق ئۆز قەدرىمىزنى ئۆزىمىز بىلىشىمىز كېرەك. پادىشا ھەزرەتلىرىنىڭ بىزگە قىلغان ياخشىلىقلىرىنى خاتىرىدە تۇتۇپ، پادىشا ھەزرەتلىرىنىڭ بىزلەرگە ئىشىنىپ باشلىغان قەدەملىرىگە چىن قەلبىمىزدىن خىزمەت قىلىپ، ياردەم بېرىشىمىز كېرەك. ھەدىس شەرىفەت پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسساللام شۇنداق ئېيتىدۇركى، ئاللاتابارەك ۋەتتەئالانىڭ ئەمرى پەرز، پادىشانىڭ ۋاجىپ، ئىنكار ئەتكۈچى كاپىر بولىدۇ. ئەلۋەتتە بىزنىڭ بۇ قەرزىمىزنى بىجا كەلتۈرمىگىنىمىز تولا ساۋاپلىق ئىش، شۇنداق ئەمەسمۇ موللا بەگلىرىم؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق، شۇنداق! پادىشانىڭ ئەمرى ۋاجىپ، - دەپ قويدى موللام بەكرىم. بولۇس بەگ تامىغىنى قىرىپ: "ئاپىرىن، ئاخۇنۇم!" دەپ قويدى - دە، يەنە كىملەر تەرىپىدىن قانداق پىكىر چىقىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى.

سىيىت ئىمام "ئا" يېزىسىنىڭ سۆزمەنكىشىلىرىدىن بولۇشى بىلەن، يېزا خەلقى ئىچىدە بىلىم جەھەتتىنمۇ باشقىلارغا قارىغاندا يۇقۇرىدا تۇراتتى. شۇنداقلا، ھەر بىر كىشىنىڭ خۇلقى - مىجەزىگە قاراپ ئالاقىدا بولغانلىغىدىن، يېزىنىڭ بىر مۇنچە ئادەملىرى ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. بەزىبىر ئادەملەر "ئەۋلىيا" دەپ ئاتىشاتتى. بۇ كىشى "ئا" يېزىسىدىكى چوڭ مەسچىتنىڭ ئىمامى ئىدى. ئۇ، ئادەملەر ئارىسىدا ئاز ئۇچرايدىغان تۈلكە ئادەملەردىن بولغىنى ئۈچۈن، ھۆكۈمەت كىشىلىرى، قازى - ئاقساقاللار خەلق ئارىسىدا ئىش ئېلىپ بېرىشتا بۇ ئادەمدىن نۇرغۇن پايدىلىناتتى. "ۋاسكا" بولسا بۇ ئېيتىلىۋاتقان سۆزلەرنى تۆرگە ئۆز نۆۋىتى بىلەن ئۆرۈپ بېرىپ تۇردى. تۆرە بولسا ھەر بىر سۆزلىگۈچىلەرنىڭ سۆزلىرىنى توگىشىگە قاراپ، "مولىدىس - مولىدىس" دەپ ئۆزىدىكى ئىشەنچىنى تېخىمۇ ئارتتۇردى. گوبېرناتور ئالدىدا چوڭ مەرتىۋە ئېلىشقا تامامەن ئىشەندى.

مەجلىس ئەزالىرى ھەر قايسىسى دىگىدەك ئۆزلىرىنىڭ پىكرىنى ئېيتتى، ئەڭ توگەنچىسىدە تۆرە بۇ مەجلىسكە قاتناشقۇچىلارغا رەھمەت ئېيتتى. ئەتىدىن باشلاپ ئىشچىلىقتا كىملەرنىڭ بالىلىرىنى ئالىمىز دىگەن مەسىلىھەتلەرنى بىر جايغا توگدى. بۇ ئىشلارنى ئورۇنلاشتا ھەر قايسىغا ۋەزىپىلەر تاپشۇرۇلدى. كېچىسى سائەت 2 يېرىملەردە مەجلىس يېپىلدى. مەجلىس ئەزالىرى تارقالدى.

× × ×

بۈگۈنمۇ كۈن ئوچۇق. قىشنىڭ ئاچچىق شۇۋىرغانلىق زەھەردەك قارا سوغىقى كۈندىكىلەرگە قارىغاندا جاندىن ئۆتمەكتە. بۈگۈن ئادەملەرنىڭ تام تۈۋىدە ئولتۇرۇشلىرى كۈندىكىدەك پۈتۈن زېھنىنى بېرىپ جۇمبۇ - جاۋەن تىكىشلىرى، باھارغا تەييارلىق ئۈچۈن بويۇنتۇرۇق ياساشلىرى، كەكە - پالتا قاقتۇرۇشلىرى كۈندىكىگە قارىغاندا بىر قىسىمراق ئىدى. ئادەتتىكى چاقچاقلار، كۈلۈشلەر بۈگۈن يوق. كۈندىكى ھەركەتنىڭ ئورنىغا بۈگۈن ھەر بىر تويچىكى كىشىلەر ئۆز ئارا جىددى پىچىرلىشىشلار بىلەن مەشغۇل ئىدى. بۈگۈن ئادەملەر -

نىڭ، خۇسۇسەن كەمبەغەللەرنىڭ چىرايىدىن ھېچ قاچان كۆرۈنمىگەن ئومۇمى بىر خاپىلىق ۋە نارازىلىق كۆرۈنەتتى، گايىدا بۇ نارازىلىق ئايرىم شەخسلەردە غۇل-غۇيلۇققا ئۆرۈلۈپ، تاشىدىغانغا جاي تاپالمىغان سۇدەك تۇرۇپ بېسىلىپ قالاتتى.

ئاۋۋالقى "كۆكۈللۈك" "ئا" يېزىسى ئۆزگەرگەن، بۇ كۈنلەردە "ئا" يېزىسى يىغا-زارە، ھەسرەت گودىگىغا ئايلانغان، كەمبەغەل، ئوتتۇرا دېخان قېرىلىرى "ئەندى ئاخىر زامان بولدى" دەپ ئاستىرتتىن ئۇلۇغلارنى قاغايتتى، بۇ توپلۇنۇشلار بىلەن پىچىر-پىچىرلار ئۇزۇنغا بارمىدى. قىش ئايلىرى كىرە-كىرمەستىنلا چوڭ ئارزۇ-ئارمان بىلەن ئوغۇل ئۆلەپ، قاقىغان قوزۇق، تۇككەن تۇگۇچلىرىنى ئوغۇل-قىزلىرىغا تاپشۇرۇپ، ئاتا-ئانىلىق قەرزىدىن قۇتۇلغىنىغا چەكسىز خۇشال بولۇپ: "مانا ئەمدى ئاز كۈندە نەۋرەمنى كۆتۈرۈپ، ھاپاش قىلىپ چوڭ قىلىمەن" - دەپ ئارزۇ-ئارماندا تۇرغان ئاتا-ئانىلار كۆزلىرىدىن قان-يىرىڭ تۆكۈپ، كۈنىگە نەچچە قېتىم جىلى بولۇپ، يىغلىماقتا ئىدى...... نەچچە يىلدىن بۇيان يەرلىك ئەمگەكچى خەلقنىڭ ماڭلاي تەرى بىلەن تېپىلغان يەر بايلىقى، سۇ بايلىقى، مال بايلىقىنى ئېلىپ تويىمىغان بۇ پادىشا ئەمدى تىچ ياشاپ تۇرغان يۇرت ئىچىگە بۇ چوڭ ئېغىرلىقنى ساپتۇ-دە! تۈركىستان خەلقىنىڭ كۆپچۈلىگىنىڭ تۇرمۇشىدا بىر دىنلا يۇز بەرگەن بۇ ئازاپ-كۈلپەتلەر، روسىيە پادىشالىقىغا ئۆتكەندىن بۇيان كۆرۈلگەن ئېغىرلىقنىڭ ئەڭ چوڭلىرىدىن بىرى ئىدى. "نىكولاي پادىشا ئاتا-ئانىلارنىڭ يۇرەك ئاستىغا بېسىپ، ئۇزۇن تۈنلەردە ئۇخلىماي، بېشىدا پەرۋان بولۇپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنى تىلەپ، خۇشاللىقىدىن قىلغىنى قىلىق تاپالماي، كونا رەسمى-يوسۇنلار بىلەن ئەرۋاھلارغا سېغىنىپ، قاراڭغۇ كېچىلەردە مازارلارغا چىراق يېقىپ، مىڭ بىر مۇشەققەت بىلەن ئۆستۈرگەن قارا كۆزلىرىنى ئەلنىڭ ئىسسىق، كەڭ قۇچىقىدىن تارتىۋېلىپ، ۋەھشىيانە زۇلۇم ئاستىدا بايلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئىشلەتمەك ئۈچۈن، يېزا ئەمگەكچىلىرىنىڭ قولىغى ئاڭلىمىغان چەت، يىراق جايلارغا ئېلىپ كەتمەكچى. نىكولاي پادىشا يېزىلاردا ساپلا قېرى-چۆرىلەرنى قالدۇرۇپ، كۈچكە تولۇپ قاتارغا قوشۇلغان، ئۆينىڭ ئىشىنى قولىغا ئېلىپ، ئۆينى تەۋرىتىپ تۇرغان ئىشچان ياشلارنى ئېلىپ كېتىپ، يېزا تېرىكچىلىكىنى بۇزماقچى، كەينىگە كەتكۈزمەكچى......"

بۇ "ۋاجىپ" نى بىجا كەلتۈرۈشكە يېزا بەگلىرى، بايلىرى، ئاخۇن-موللىلىرى تولىمۇ قىزغىن كىرىشتى.

ئون تۆتۈنچى يىلدىكى جاھانگىرلىك ئۇرۇشىدا روسىيە تۈپرىقىدا نەچچە مىڭ خوتۇنلار ئەرسىز، بالىلار ئاتىسىز قالدى. ئىشچى قوللار سوقۇشقا كېتىپ، يېزا ۋە شەھەر ئىگىلىكى بۇزۇلدى. ئاقىۋەت ئاچ-يالىڭاچلىقتىن قىرىلىش تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇرۇش زەربىدىن نەچچە مىڭ كىلومېتىرلىق تۆمۈر يوللار بۇزۇلدى، زاۋۇت-فابرىكىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى كېمەيدى، تۆمۈر يول، زاۋۇت-فابرىكىلار ئىشچى كۈچىسىز قالدى. نىكولاينىڭ بېشىغا تۆمۈر يوللارنى تۈزەش، زاۋۇت-فابرىكىلارنىڭ ئىشچى كۈچىنى تولۇقلاش زۆرۈرىيىتى چۈشتى. لېكىن، ئۇ ئۇزاق ئويلاپ تۇرمىدى، ئۇنىڭمۇ يولى تېپىلدى. روسىيە بۇچاغ ئەسكەرلىككە كىشى ئالماي كېلىۋاتقان زاپاس قوشۇنى - تۈركىستان ئەمگەكچىلىرىدىن ياردەمچى ئەسكەر ئېلىش يولى بىلەن ھەل قىلماقچى بولدى. شۇڭلاشقا، نىكولاي ھۆكۈمىتى يەرلىك خەلقتىن ئىشچىلىققا كىشى ئېلىش سىياسى-

www.uyghurkitap.com



تىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ھەر خىل يوللارنى تۇتتى. ئەلنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى رەھىمدىل پادىشا قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئىگىلىرىنى ـ يەرلىك بەگ، باي كىنەزلەرنى ئۇستىلىق بىلەن قولغا ئالدى. قولغا كەلتۈرۈلگەنلەر: ئاق پادىشا ھەزرەتلىرىنىڭ ئۆمرى ئۇزاق بولسۇن، يەنىمۇ چوڭ دۆلەتكە، يەر ـ جاي، پۇخراغا ئىگە بولسۇن، بىز پادىشا ھەزرەتلىرىدىن تولا رازىمىز، پادىشا ئۈچۈن خىزمىتىمىزنى ئايىمايمىز، دەپ پادىشانىڭ تەرىپىنى ئەل ئارىسىدا ياخشى كۆرسەتتى، خەلقنىڭ پادىشاغا بولغان ئېتىقادىنى چىڭىتىشقا تىرىشتى. پادىشانىڭ سالامەتلىكىگە ئاتاپ ئالاھىدە مەسچىت ـ مەسچىتلەردە، خانىقا ـ مازارلاردا كېچە ـ كۈندۈز نەزىرە ـ چىراقلار ئۆتكۈزدى. كولۇنىيە «كالتەكلىرى» ئۇستا سىياسەت بىلەن خەلق ئاغزىدىن: «پادىشا ھەزرەتلىرى بىزدىن قانداق خىزمەت سورىسا، جېنىمىزنى بولسىمۇ ئايىمايمىز. بىز دائىم تەييار!» دىگەن ئەلنىڭ «ۋەدىلىرى»نى ئالدى. يۇرتتىكى موللا ـ ئىماملار ھەر بىر مەسچىت قەۋمى ئارىسىدا «ئاللانىڭ ئەمرى پەرز، پادىشانىڭ ئەمرى ۋاجىپ، بۇنى ئىنكار قىلغۇچى كاپىر بولىدۇ»، ـ دەپ يېڭىدىن ـ يېڭى شەرىئەت پەتىۋالىرى بىلەن يۇرتنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى باغلىدى. ئىككۈلاي شۇ ئۇستا سىياسەت بىلەن كولۇنىيە «كالتەكلىرى»نىڭ كۈچىيىشى نەتىجىسىدە ھەر بىر يېزىدىن 60—50 قاۋۇل، يارامىلىق يىگىتلەرنى يىغىپ ئىچكىرىدىكى يىلكا تىرىنىسكى گوبىرنىيىسىغا يوزۇۋكىغا ئېلىپ كەتمەككە تامامەن تەييار بولدى. ئۇ مەزگىلدە «يوزۇۋكا» دىگەن ئىسىم يېزا خەلقى ئۈچۈن بىرىنچى ئاڭلىنىش ئىدى. پادىشا ئەمەلدارلىرى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاڭسىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، «رابوتچىلىققا بارغانلار ھاجى بولۇپ كېلىدىكەن، يىرزۇۋكا ھەجدىن نېرىراقتا ئىكەن، رابوتچىكلار ھەجگە چۈشۈپ، تاۋاپ قىلىپ ئۆتىدىكەن»، «كەمبەغەللەر، يېتىم ئوغۇللار ھاجى بولسۇن» دەپ، پادىشا ھەزرەتلىرى ئەتەي شۇ ياققا خىزمەتكە ئەۋەتىدىكەن، ياشىسۇن پادىشا ھەزرەتلىرى!» دەپ، ئەمگەكچىلەر ئارىسىدىكى غۇل ـ غۇينى بېسىش ئۈچۈن ياسالما گەپلەرنى چىقىرىپ تەشۋىقات يۈرگۈزدى. ساددە يېزا ئەمگەكچىلىرى بۇ گەپلەرگىمۇ تامامەن ئىشەندى. شۇنداق بولسىمۇ ئاتا ـ ئانىلار ۋە كۆڭلىدىكىدە يېڭى قوشۇلغان ياش جۈۋانلار بۇ تىسىدىن ئايرىلغان تۆگىدەك كېچە ـ كۈندۈز بوزلاشاتتى. بىرىنچىلىرى «بۇ بولسىمۇ خۇدانىڭ رەھىمدىل دىگەن پادىشاسى ئارقىلىق بىزگە ئوخشاش كەمبەغەللەرگە قىلغان خۇۋلىقى. ئارتماسقا ئىلاجىمىز يوق»، ـ دەپ بىر ـ بىرىنى بەزلەشسىمۇ، بىراق بۇنداق قاڭغىراقاخشاشلار، يىغا ـ زارە يۇرت ئىچىدە ھەممىگە ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلار ئارىسىدىكى بۇ بالاغا دۇچار بولغان كۆپچىلىك كىشىلەر بالىلىرىدىن ئايرىلىشنىڭ مىنۇتلىرى يېقىنلاشقانسېرى، غۇلغۇلا قىلىپ نارازىلىق بىلدۈرۈشكە باشلىدى. بۇ غۇلغۇلا، نارازىلىقنىڭ كۈچىيىشى يۇرت چوڭلىرىنى قورقۇنچقا سالدى. ئۇلار ئەل ئارىسىدىكى بۇ غۇلغۇلا، نارازىلىقلارنى، چىدىغۇسىز يىغا ـ زارلارنى بېسىش ئۈچۈن، كوچا ـ كوچىلاردا، مەسچىت ـ مەسچىتلەردە، يالغان ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى بارغانسېرى كۈچەيتىۋەتتى. ئىككىنچى تەرەپتىن، يېزا بايلىرى، بەگ، ئۆلىمالار يوزۇۋكىغا بارىدىغانلارنى ئۇزۇتۇش ۋاقتى يېقىنلاشقانسېرى، خەلق بىلمەيدىغان يوللار بىلەن ئۇلۇغلارغا پارا بېرىپ، بۇ يېزىغا كەلگەن تۆرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، ئۆز بالىلىرىنى ئايرىپ قېلىشقا جىددى كىرىشتى. ئۇلار يېتىم ـ يېسىرلار، تۇل خوتۇنلارنىڭ يېشى تولمىغان 16 ـ 17 ياشلىق يالغۇز ئوغۇللىرىنى زورلۇق بىلەن سېتىۋېلىپ، ئۆز بالىلىرى ئورنىدا تىزىمغا ئۆتكۈزدى. شۇنداق يوللار بىلەن ھەر يېزىدىن يېتىم ئوغۇللار توپلاندى. ئايرىلىش

نىڭ ئاداققى كۈنلىرى ئۆز ھىلىلىرىنىڭ پاش بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، مەسچىت ـ مەسچىتلەردە نەزىرە ـ چىراقلارنى باشلىدى، يۇرتنىكى قېرى ـ چۈرىلەرنى يىغىپ، خەتمە قۇرئان قىلدۇردى. بۇ ئىشلار نەچچە كۈندىن بىرى يۈرەك باغرى ئېزىلىپ ئۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرغان ئاتا ـ ئانىلارغا سەل مەدەت بەرگەندەك سېزىلدى، دەم سىقىلىشتىن ھاۋا يېتىشمىگەن ئۆپكىلەرگە نەپەس بېغىشلىغاندەك بولدى. بۇ تەنتەنە ھەپتىلەر بويى تىنماي ئاققان ئانا كۆز ياشلىرىنىڭ بىر ئاز توختىشىغىمۇ سەۋەپ بولدى. مەھەللە ئىچىدىكى يىغا ـ زارە، نالە ـ پەرياتنىڭ ئاڭلىنىشلىرى بىر نەچچە سائەتكە بولسىمۇ توختىدى. شۇ يوسۇندا ئۇزاق يۇرتلارغا ئۇزۇتۇلغۇچىلارنىڭ ئۇزۇتۇش ھارۋىلىرى قوشۇلدى. ئۇزۇتۇلغۇچىلار ئاتا ـ ئانا، قەۋمى ـ قېرىنداشلىرى بىلەن تويمىغان ھالدا قۇچاقلىشىپ سۆيۈشۈپ چوڭ كوچىغا توپلاندى. شۇ توپ ئىچىدە 16 ـ 17 ياشلىق، ئاتىسىز تۇرسۇنمۇ بار ئىدى. بۇ كېچىككىنە بالا زورلۇق بىلەن گايىت باينىڭ بالىسى ئورنىغا سېتىلغان ئىدى.

گايىت باي ”ئا“ يېزىسىنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان چوڭ دۆلەتمەن كىشىسى، ئەل ئىچىدە يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولغان سودىگەر ئىدى. ئۇ شۇ يېزىدىكى زوۋەيدىخان ئىسمەلنىڭ تۇل خوتۇنىنىڭ يالغۇز كۆز قارىسى ـ تۇرسۇننى، يېشى كىچىك بولسىمۇ، چوڭ كۆرسىتىپ، مەزلۇم ئانىنى مەجبۇر قىلىپ، ئۆز ئوغلىنىڭ ئورنىغا يازدۇرغان ئىدى. مېھرىبان ئانا يالغۇز ئوغلىنى قۇچاقلاپ، باشلىرىنى سىلاپ، قارا كۆزلىرىگە يېنىپ ـ يېنىپ سۆيۈپ، قاڭغىر ـ قاخشاپ، توپنىڭ ئالدىغا چىقىپ كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىھوش بولۇپ يىقىلدى. بۇ كۈنى مۇنداق بىھوش بولغانلارنى ھەر جايدا، ئۆيدە، ھويلىلاردا، كوچىلاردا، ئۇزۇتۇپ ئايرىلغان جايلاردا، كۆرۈش مۇمكىن ئىدى.

” ئۆلمىسەم قايتارمەن، ئون يىل بولسىمۇ قارا!!“ دېدىدە، ئىلەممۇ ئۆزىنىڭ قوشۇلغىنىغا تېخى ئىككى ئايچىمۇ بولمىغان، ئۆمۈرلۈك دوستى جانەمگە غەيرەت بېرىپ ئاخىرقى قېتىم خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى.

جانەم يېزىنىڭ چېتىدىكى يار بويىدا بوينىنى قىسىپ، كۆكسىگە ساڭگىلاپ چۈشكەن قوندۇزدەك قارا چاچلىرى ئاستىغا يوشۇرۇنغان بوتا كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ، ” ئامان بولغىن، جېنىمنىڭ جانانىسى“ دەپ، ئاداققى سۆزى بىلەن ئايرىلىپ قالدى، ئىلەمنىڭ قارىسى يوقالغىچە زور تاقەت بىلەن ئۆزىنى تۇتۇپ تۇردى؛ ئۇزۇتۇش مۇناسىۋىتى بىلەن يار ئەتراپىغا توپلانغان پۈتۈن يېزا ئەمگەكچىلىرى نەچچە خامان ئورنى يەرنى قارا كۈنلەرنىڭ ماتەم مەيدانىغا ئايلاندۇردى. كەينى ـ كەينىدىن بىھوش بولۇۋاتقانلارغا ئۆزىنىڭ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ قاراپ تۇرغان جانەممۇ قوشۇلۇپ، يار گىرۋىكىدىن يار ئاستىغا دومىلىدى. ماتەم مەيدانىدا دەھشەتلىك بىر دولقۇن شەكىللەندى. ئاتا ـ ئانا قەۋمى قېرىنداشلار جانەمنى چالا ئۆلۈك ھالدا ئۆز قوينىغا ئالدى. ئۇزۇتۇلغۇچىلارنىڭ قارىسىمۇ ئۆچتى.

(داۋامى بار)

خالىستان ناۋاسى

قاغىلىق ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى ئۆتكەن يىلى 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە بۇ ناھىيىدىكى بىر قىسىم ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى، قاتناشقان ئەدەبىي ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزگەن ئىدى. ژورنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، بۇ يىغىنغا قاتناشتۇردى. يىغىندا 42 نەپەر ئەر-ئايال ئاپتورنىڭ 150 پارچىدىن ئارتۇق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلىرى ئوقۇلۇپ، ئوز - ئارا سېلىشتۇرۇپ باھالاپ چىقىلدى، نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈردى، ياخشىلىرىنى مۇكاپاتلىدى. بىز يىغىنغا قاتناشقان بۇ ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيەت روھىغا تېخىمۇ ئىلھام بېرىش مەقسىدىدە، ژورنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا ئۇلارنىڭ بىر قىسىم شېئىر، ھېكايىلىرىنى ئېلان قىلدۇق.

— مۇھەررىردىن

# ئىككى شېئىر

مەتتىمىن ئەخمەت

## تارىم بويىدا

ئانا - تارىم بويلىرىنى كېزىمەن،
ھەيۋەت قىيان دولقۇنلارنى بويلۇشۇپ.
مەن ئۆزەمنى ئەڭ بەختىيار سېزىمەن،
ھەر تاڭ قوۋناق بەختىم بىلەن تويلۇشۇپ.

ئانا - تارىم قۇچىغىنى كېزىمەن،
قايىنىمىدىن دۇرى - گۆھەر سۈزىمەن.
ئەجرىم بىلەن ياشناپ كۆلگەن باغلاردىن،
ئۈمىدىمىنىڭ گۈللىرىنى ئۈزىمەن.

ئانا - تارىم رىشتىسىنى قەلبىمگە،
چىگىپتىكەن ھوشيار تەقدىر ئەزەلدىن.
شۇ قىرغاقتا تارىخىنى چۈشەندىم،
مەھمۇت، يۈسۈپ ئېيتقان جۇشقۇن غەزەلدىن.

ئەنە نۇرلۇق تاشپۇتۇكلەر، مۇڭگۈزلەر،
مۇقەددەسلىك نامىمىزغا دالالەت.
تام سۈرەتلەر، گۈللۈك تاۋاق، ئىدىشلار،
سەنئىتىمىز تارىخىدىن بىشارەت.

ئەنە پەرھات چاپقان بىستون تۇرۇپتۇ،
شىرىنىغا ھەم باغى رىزۋان ياسالغان.
قەدىم باغدات - چىنى ماچىن بۇ يەردە،
دەل شۇلارغۇ خوخەنزە دەپ ئاتالغان.

ئۇلار روھى بۈگۈن بىزدە قايتىدىن،
چېچەكلىدى، بولدى دىيار باراقسان.
ئانا-تارىم شۇ بويلىرىڭ دىللاردا،
قوزغار ھامان شەيدائى ھېس-ھاياجان.

ئانا-تارىم، ئەنە سېنىڭ بويلىرىڭ،
ھەر مىللەتنىڭ ئەجرى بىلەن كۆكەردى.
دوستلۇق مېھرى تولغان ئالتۇن قەدەھنى،
ئوغلانلىرىڭ سېنى قۇتلاپ كۆتەردى.

ئەنە تۇتاش مول ھوسۇللۇق كەڭلىكلەر،
تونۇگۈنكى شورتاڭ قاقاس بىياۋان.
يۇلغۇن روھى ئەۋلاتلىرىڭ قەلبىدە،
كۆزلىرىدىن مەرت-جەسۇرلۇق نامايان.

ئەنە ئۇندا پولات ھارۋا كىشنىسە،
بۇندا كۆككە ئورمانلىرىڭ تاقاشقان.
بۇغا - ئاتلار، قوي-كالىلار بەھساپ،
رۇناق تېپىش ھۆسنىڭگە خوپ ياراشقان.

زامانىۋى پەن - تېخنىكا، مەرىپەت،
تارىم سېنى پۈركىمەكتە شەرەپكە.
ئەسلىدىكى بۈيۈك نامىڭ باشقىدىن،
ياڭرىماقتا بۈگۈن ھەربىر تەرەپكە.

ئانا - تارىم، قۇچىغىڭنى كىزدىمەن،
ئۆزەمنى بىر يېڭى پەرھات سېزدىمەن.
ئىرادەم بار، ئىقمىدەڭگە تالىقمەن،
ئاداققىچە ساڭا گۈللەر تىزدىمەن.

## ئۆزگەرمەكتە تۇرمۇش يېڭىچە

ئۆزگەرمەكتە ھايات، تۇرمۇش يېڭىچە،
يېڭى ھىسلار قوزغايدۇ ئۇ يۈرەكتە.
سەھەر ۋە كەچ بىكارچىلىق ۋاقتىدا،
يېڭى مەنا-مەزمۇن قاتتى بۆلەكچە.

ئالدىرايسىز، تىز يېيىشكە تاماقنى،
يېڭى نومۇر كۆرسەتمەكچى تېلېۋىزور...
ئاڭلىماساق تاڭدىن بۇرۇن رادىيو،
كەم قالىدۇ كۆڭۈل ئالارچەن ھوزۇر.

خىزمەت، تۇرمۇش، دەم ئېلىش...لار بىر تىزىق،
بىر - بىرىگە رەنجىرسىمان ئۇلانغان.
كۆڭۈل ياشناپ، ھايات گۈللەپ كۈنسېرى،
ئىقبالىمىز كۈلۈپ تاڭدەك نۇرلانغان.

# رۇبائىلار

ئابلا ئوسمان

ئىشقى بالاسى ئوينار بېشىمدا،
قۇرماس نىگارىم ئەسلا قېشىمدا.
دېيەمەن ۋىسالدىن ئەۋزەل جۇدالىق،
يار بىر خوشاللىق تۆككەن يېشىمدا.

×

گەر سالسا سۆزى ئەلنى لەرزىگە،
چۈملە ئۆزى كەۋسەر ھەۋزىگە.
بولغايلەر يۈزى قاپ - قارا ئەبەت،
ئەمەل قىلمىسا كىشى لەۋزىگە.

×

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇستىۋار ئاقىۋەت يېتەر مۇراتقا،
ئايلىنار كۈرەشتە گويا پولاتقا.
ياشايدۇ دىللاردا مەھمۇت، يۈسۈپتەك،
رەڭ بەرسە قان بىلەن كىمكى ئىنجاتقا.

×

گەر بىلمىسىز بولسىمۇ شاھ، قۇل ئۆزى،
يۈرىكى يوق خۇددى سۈنئى گۈل ئۆزى.
كىيىپ لىباس يۈرگەن بىلەن كۆرەڭلەپ،
ھۆرمەت تاپماس ئەل ئىچىدە گەپ ـ سۆزى.

×

رەختىڭگە ئىشەنمەي بەختىڭگە ئىشەن،
كىم ساڭا ئەيتىپتۇ "تەختىڭگە ئىشەن."
بىل دۇنيا يۇمۇلاق، كۆپتۇر جاپاسى،
ئۆتكۈنچى ئالەم بۇ قەلبىمنى چۈشەن!

×

كەۋسەرنىڭ لىق تولغان ئىرىقىدۇر پەن،
قاراڭغۇ قەلبىنىڭ چىرىقىدۇر پەن.
توغرا ھەم خاتانى پەرقلەندۈرۈشنىڭ،
ئەڭ يۈكسەك مىزانى ـ سىنىقىدۇر پەن.

×

جان ـ دىلدىن ۋەتەننى سۆيگۈنۈم سۆيگەن،
ئىشقىدا بىر ئۆمۈر كۆيگۈنۈم كۆيگەن.
ۋەتەننىڭ غېمىنى يىمەي ياشىغان،
كىشىنى سانايمەن تىرىكلا ئۆلگەن.

×

ئۆزەڭنىڭ غېمىنى يىمىگىن ھەرگىز،
جاھاندا بىرلا مەن دىمىگىن ھەرگىز.
مەرتىۋە ـ مەنسەپنى ئويلاپ دائىما،
ئۇنۇتما ئەل ـ يۇرتنىڭ تىلىگىن ھەرگىز.

×

ئادالەت نۇرىنى چاچىدۇ چوقۇم،
جاھالەت گورىنى تاپىدۇ چوقۇم.
مەر ئىشنى شۇ ئىشنىڭ ئەھلى باشقۇرسا،
جامائەت ئاڭا تون ياپىدۇ چوقۇم.

×

ئەي دوستۇم، جاھاندا ئەڭ چوڭ ئەرچىلىك،
بىلىسىڭىز شەكسىزكى ئادىمگەرچىلىك.
بەزىلەر ئاغزىدا پىل مەن دىسىمۇ،
بولمايدۇ ئەمەلدە چىراققا پىلىك.

×

بەزىلەر ئالدىڭدا ئاسمان دەپ سېنى،
ماختايدۇ شۆھرىتىڭ داستان دەپ سېنى.
ۋە لىكىن ئارقاڭدىن كولايدۇ ئورا،
بولسىدى يەر بىلەن يەكسان دەپ سېنى.

×

ساتىدۇ بېشەملەر نومۇسنى ـ ئارنى،
"ئەرزىمەس" دەپ تىللار ۋىجدانى بارنى.
ۋاپا ھەم ھايانى بىلمەيدۇ ئەسلا،
تاشلايدۇ ئۆمۈرلۈك سۆيگەن نىگارنى.

×

كۆرۈنگەنگە قۇرۇق ھەۋەس قىلما، سەن،
ياخشى ئۆگەن شۆھرەتپەرەس بولما، سەن.
چېقماق بولساڭ چوققىسىغا ئىلىمنىڭ،
توختاپ قالما ھەرگىز يېرىم يولدا، سەن.

×

جېنىڭنى كىيەككە بەرسەڭمۇ ئەي قىز،
نومۇسنى ئالتۇنغا ساتمىغىن ھەرگىز.
"ئادەمنى ئار ـ نومۇس توشقاننى قومۇش،
ئۆلتۈرەر"، دىگەنغۇ ئاتا ـ بوۋىمىز.

×

چىرايلىق ئاتالمايدۇ سۈنئى مەڭلىك،
سەتلىكنى ياپالمايدۇ ئوپا ـ ئەڭلىك.
مۇرادىم ئۇزۇل ـ كېسىل بولۇر ھاسىل،
ھەقىقى ئورنۇتۇلسا ئەرك ـ تەڭلىك.

×

ئىجادىمغا شان ـ شەرەپ مول ياغار دەپ،
سۆزلىگەنتىم يازغىنىم مىڭ تاغار دەپ.
بەردى زەزبە يۇتۇپ زەھەر ھەسەتخور،
بىلسەڭ قانچىق يىلدا ئونى توغار دەپ.

×

ۋەتەننى سۆيسەڭ سۆيۈملىكىم سەن،
ئەل ئۈچۈن كۆيسەڭ كۆيۈملىكىم سەن.
پەننىڭ ئىشقىدا يانغىن ئوت بولۇپ،
گەر بولاي دىسەڭ ئۆمۈرلۈكۈم سەن.

×

قېلىپسىز كېپسەك يوقتۇر، سەۋەپسىز ئىش،
ئەجىرسىز دەل - دەرەخمۇ بەرمەس يېمىش.
ئال بىلىم ئۇستازىڭغا جاننى خەشلەپ،
نادانغا نېسىپ بولماس جەننەت - بېھىش.

×

يىگىنچە بەتتە پولۇ زالىم بىلەن،
ئىچكىنىم ياخشى زەھەر ئالىم بىلەن.
بۇھەقتە ئالسا ۋەتەن گەر ئىمتىھان،
قايتۇراي جاۋاپنى جانىم بىلەن.

×

يار بولسۇن دىسەڭ گەر ماڭا شان بالام،
تەكلىپسىز سورۇنغا بارما خان بالام.
نەپسى شاھ ئادەمنىڭ بولمايدۇ يۈزى،
نامەرت گۆھەر بەرسە ئالما جان بالام.

×

كىم ئەگەر ئىلىم - پەندە بولسا قابىل،
نى قىيىن سىناقلاردىن ئۆتەر دادىل.
چىرمىشىپ كەتكەن تالاي تۈگۈنچەكنى،
يېشىشكە تاپىلايدۇ تۈمەن كامىل.

×

ئاي ياشايدۇ ئەگلىكتىن خالى،
باي ياشايدۇ تەگلىكتىن خالى.
چىن مۇھەببەت ياشايدۇ مەڭگۈ،
پاك - غۇبارسىز گۆھەر مىسالى.

تېپىلمايدۇ غېمى يوق ئادەم،
توققۇزى تەل-كېمى يوق ئادەم.
كىم سۆيمىسە ئەلنى ۋەتەننى،
سانىلىدۇ جېنى يوق ئادەم.

قويۇپ بەرگىن ئۇچۇپكەتسۇن قەپەزدىن جان بالام قۇشنى،
ئاقىۋەت يەپكىتەر قوبساڭ مۇشۇكنىڭ ئالدىدا گۆشنى.
بازاردىن ئەپ بېرەي ئوينا ساڭا ئوبدان ئويۇنچۇقنى،
سۆزۈم قەدرىگە يەتكەيسەن تاپقاندا ئەقىل - ھۇشنى.

# پىلنىڭ ئۆلۈمى

(مەسەل)

ئابدۇراززاق ئەخمىدى

قەدىمقى بىر زاماندا،
تاغ باغرىدا - ئورماندا.
ياشايدىكەن پىل جاناپ،
ئۆزىنى دانا «شاھ» ساناپ.
باشقا جانۇ - جاندارنى،
ئىلمايدىكەن كۆزىگە.
كىرمەيدىكەن ئۇلارنىڭ،
مەسلىھەتى - سۆزىگە.

قويۇپ ئۆزىگە تەمەننا،
چېپىپ ھەريان يۈرەركەن.
"تاغ پاخلىنى" بولۇپ ئۇ،
دەۋرى - دەۋران سۈرەركەن.

قوساقلىرى گۈمبەزدەك،
لېكىن ئىچى، تار ئىكەن.
ئادالەتسىز ئىشىدىن،
پاقا، پاشا زار ئىكەن.

ياز كۈنىنىڭ بىرىدە،
چۈمۈلە تام تۈۋىدە،
ياتسا كۈنگە قاخلىنىپ،
پىل كەپتۇ داتلىنىپ.

— سەن كىرزەندە دائىما،
تۆت بولۇڭغا چاپىسەن.
كىرىتۈلىپ بۇرنۇمغا،
قىمىرلايسەن - چاقىسەن.

ئۇرا كولاپ بىلجىرلاپ،
دائىم توپا قازىسەن.
ھۆرمىتىمنى قىلماستىن ،
ماڭا چالما ئاتىسەن.

مەن بىلىمەن قەستىڭنى ،
قۇرۇتقايمەن نەسلىڭنى .
جاھاندا مەن ھەم سەن كىم؟
كۆرۈپ قويغىن بەستىمنى . —

دەپ ۋاقىراپ پىل شۇئان،
خار تومىنى سوزۇپتۇ.
گۈلەخمىنىڭ تېمىغا،
شىددەت بىلەن ئۇرۇپتۇ.

خانەۋەيران بولۇپتۇ،
چۈمۈلىنىڭ ئۆگىسى.

ئۆلۈپ قاپتۇ بى گۇنا،
قاخشاپ تەگدىن تولىسى.

چۈمۈلىنىڭ ئاھىغا ،
پاقا چىداپ تۇرالماي .
كەپتۇ پاشا قىشىغا ،
ئۆپكىسىنى باسالماي .

" ئەي پاشجان ، پاشجان،
سۆزلىرىمگە قۇلاق سال!
ئېشىپ كەتتى ھەددىدىن،
پىل دىگەن بۇ قېرى چال.

بىز ئىككىمىز بىرلىشىپ،
بىگىسىمىزنى چىقىرىپ،
يوقۇتايلى كاداڭنى،
سامان - قوساق باداڭنى.

ھەيران بولۇپ پاشجان،
پاقىنىڭ گەپ-سۆزىگە؛
تۇرۇپ قاپتۇ ئىنتاگدا،
ئىشىنەلمەي ئۆزىگە.

دەپتۇ پاقا: پاشجان،
ئۆزەڭنى سەل چاغلىما.
نەشتىرىڭ بار خەنجەردەك،
غەم قىلىپ داتلىما.

تەلۋە پىلنىڭ كۆزىگە،
نەشتىرىڭنى ئۇرىسەن.
ئاندىن نۆۋەت مېنىڭكى،
كاراماتنى كۆرىسەن..."

مەدەت قىلىپ پاشىغا،
پاقا مەسلىھەت بېرىپتۇ .
ئۆڭ - باراقسان ئورمانىنى،
زىل - زىلىگە سېلىپتۇ.

X

كەچ كۆزنىڭ بىر ئاخشىمى،
پىل سەيلىگە چىقىپتۇ.
كەڭ دالانى ئايلىنىپ،
ھوزۇرلىنىپ يېتىپتۇ.

يەملەپ تۇرۇپ پاشىجان،
پىلنىڭ كۆزىنى چېقىپتۇ.
نەشتىرىنى سۇغۇرۇپ،
ۋىڭىلداپتۇ، قېچىپتۇ.

پىلنىڭ كۆزى قىمىلداپ،
ھىچ نەرسىنى كۆرمەپتۇ.
چىدىيالماي ئاخىرى،
دەرەخلەرگە سۈركەپتۇ.

سانجىلىپتۇ كۆزىگە،
دەل - دەرەخلەر تىكىنى.
پىل بولۇپتۇ بىئارام،
يۆتكىيەلمەي چېتىنى.

كۆنلەر شۇنداق ئۆتۈپتۇ،
پىل قاخشاپ يۈرۈپتۇ.
چىۋىن قونغان كۆزلىرى،
قان - يىرىڭغا تولۇپتۇ.

كور بولۇپتۇ ئاخىرى،
قۇرۇت يىگەن كۆزلىرى.
ئۆتمەس پىچاق بولۇپتۇ،
ئۇنىڭ پەرمان - سۆزلىرى.

قىنىلىپتۇ پىل راسا،
كۆل بويىغا بارالماي.
چىقىراپتۇ بىردىنلا،
ئۇسسۇزلۇققا چىدالماي.

پاقا كۆرۈپ پىلنىڭ،
ئېچىنىشلىق ھالىنى.
دەرھال ئىشنى باشلاپتۇ،
تىڭشىماستىن زارىنى.

ھەم كۆرۈلداپ - قاقاقلاپ،
پاقا سەكرەپ ماڭغىدەك.
ئەگىشىپتۇ قارىغۇ پىل،
"سۇ ئىچەي" دەپ قانغىدەك.

توختىماستىن كۆرۈلداپ
پاقا ئۈزاپ كېتىپتۇ.
پىل پاقىغا ياندىشىپ،
سۇ ئىزدەپتۇ-مېڭىپتۇ.

پاقا سەكرەپ بىر ھاڭنىڭ،
يان باغرىغا موكۇپتۇ.
سۇ ئىچىدە تۇرغاندەك،
كۆرۈلداپتۇ - كۆلۈپتۇ.

"كۆل بويىغا كەلدىم" دەپ،
پىل يايراپ كېتىپتۇ.
قەدىمىنى سوزۇپلا،
ھاڭغا موللاق ئېتىپتۇ.

# ۋەتەن

ئابدۇللا ئېلى

بەردىم ۋەتەن ساڭا مەڭگۈ ئىختىيارىمنى،
ئۆمۈرۋايەت تەقدىم قىلاي ئىختىدارىمنى.
سېنى گۈللەش، سېنى كۈيلەش بۇرچىدۇر مېنىڭ،
سەندىن تاپتىم ئەقىل - ئىدرەك ئەتىۋارىمنى.

شەھەر، يېزا - قىشلاقلىرىڭ بولدى لالىزار،
تەڭ قىلالمايمەن ھېچبىر ئەلگە سەن دىيارىمنى.
ئاجايىپ زور تەرەققىيات بولدى ساڭا يار،
قەدىرلەيمەن چىمەن يۈرەكتىن گۈل باھارىمنى.

# „ جاپاكەش ،، نىڭ قەلبى

( ھىكايە )

قاۋۇل ساۋۇر

بۇ ئىدارىغا كەلگىنىمگە ئىككى ئاي بولدى. ئىدارىنىڭ زاپخوزى سەمەت مېنى كۆرسىلا، ئىشخانىدىكى " خان-ئاغىچىلار" ئۈستىدىن تولا دەرت تۆكۈپ، شىكايەت قىلاتتى. دېمىسىمۇ، بۇ ئىدارىدا ئۇنىڭدەك جاپاكەش كىشى يوق، قائىدە بويىچە ئەتىگەنلىك تازىلىققا ئىشخانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى تولۇق قاتنىشىشى كېرەك ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، تازىلىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى سەمەت بىلەن ئىككىمىزگىلا قالاتتى. بەزى چاغلاردا خىزمەت بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتىپ قالسام، بىچارە سەمەتكە ئۇۋال بولاتتى. ئىشخانا بىناسىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى شۇنچە كەڭرى مەيدانلارنى سۈپۈرۈپ سۇ سېپىش يالغۇز ئادەمگە نىسبەتەن ئاسان ئىش دەمسىز؟ يەنە تېخى ئىككى ھاجەتخانىنىڭ تازىلىقىمۇ ئۇنىڭغا قاراشلىق.

سەمەتنىڭ گەرچە ئىشقا قولى تەككەن ھامان " خان-ئاغىچىلار " ئۈستىدە غۇدۇراپ: " ئۇلار-خوجايىن، بىز-مالاي بوپ قالدۇقمۇ ئەمدى؟..." دەپ قايناپ كېتىدىغان ئادىتى بولسىمۇ، بىراق، ئۇ ھەرقانداق جىسمانىي ئەمگەكلەرگە كەلگەندە چاققان ۋە چىداملىق ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ - كالا ئەمەس - تە، ھاردىم - تالدىم دىمەي، باش چۆكۈرۈپ تىنىم تاپماي ئىشلەۋېرىدىغان...

ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىيدۇ، ھېسداشلىقىم قوزغىلىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ھېلىقىدەك ۋايىساشلىرىنى ئورۇنلۇق دەپ قاراپ، ھەپتىنىڭ 6 - كۈنىدىكى ئىدارە مەجلىسىدە ھېلىقى "خان-ئاغىچىلار "غا گەپلىرىمنى بىر يولىلا تۆكۈۋېلىپ، قوسىقىمنى بوشىتىۋېلىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويدۇم.

بۈگۈن ئىدارىغا كۈندىكىدىن يېرىم سائەت بۇرۇن كەپقاپتىمەن، باشقا چاغلاردا سەمەت يېتىپ كەلگىچە، قولۇمغا سۈپۈرگە ئېلىپ، تازىلىققا كىرىشىپ كېتەتتىم. لېكىن، بۈگۈنكى مەجلىستە ھېلىقىلارغا راۋۇرۇس تەككۈزۈپ پىكىر قىلالىسام بولمايدۇ، يەنە كېلىپ تۆت ئادەم بار يەردە ئاغزىمنى ئاچقىچە، دەيدىغان گەپلىرىم ئاللا قاياقلارغا قېچىپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئالدى بىلەن قىسقىچە پىكىر تېزىسىدىن بىرنى تەييارلىۋېلىش ئويىدا كەلدىم - دە، ئىشخانىغا كىرىپ، قولۇمغا قەلەم ئالدىم:

" 1 . ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق پائالىيىتى يالغۇز بىر ئادەمنىڭلا ئىشى ئەمەس.

2 . ئىدارىنىڭ بارلىق ئېغىر - يېنىك، يوغۇر - يېتىم ئىشلىرى سەمەتكىلا يۈكلىنىپ قېلىۋاتىدۇ.

3 . سەمەتتىن باشقا ھېچكىم···»

سىرتتىن كىمدۇر بىر ئايالنىڭ شوخ، زىل، ياڭراق ۋە نازلىق كۈلكىسى ئۇچۇق دېرىزىدىن ئۇچۇپ كىرىپ، پىكىرىمنى ئۈزۈپ قويدى. قارىسام، ئەزەلدىن ئىدارە تازىلىقىغا يولاپمۇ باقمايدىغان، ئاغزىنە توپا – چاڭنى كۆرسە، ئاغزى – بۇرنىنى قول ياغلىقى بىلەن توسۇۋالىدىغان ئايشەم بوغالتىر سەمەتنىڭ قارشىسىدا چېلەك كۆتىرىپ تۇراتتى.

— تاڭ سەھەردىلا چېلەك كۆتىرىۋاپلا، كۆپلىرىدە سۇ ئۆكسۈپ قالغانمىتى، خانىم؟ — سورىدى سەمەت غەلىتە ھېجىيىپ.

— يوقسۇن، سەمەتجان، خېلى كۈندىن بۇيان بىر چېلەك سۇمۇ ئەكىرىپ باقمىغان؛ لېكىن،··· ھەي ··· بولدىلا ··

— گەپلىرىنىڭ ئورامىغا قارىغاندا، قايسى بىر نامەرت ئارقىلىرىدىن كوچىلاپ يۈرۈپتۇدە، خانىم؟

— ئەگەر شۇنداق بولمىسا، " قۇنچاق "، " خان–ئاغچا " دېگەندەك لەقەملەرنى ئۆزەم تېپىۋالامدىمەن، سەمەتجان؟!

— بۇ، بۇ··· ياق، ھە توغرا! بۇنداق گەپلەر ھېلىقى يېڭىدىن كەلگەن پىت ئۇچەيىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئاغزىدىن چىقمايدۇ. ھىم، شۇنداقمۇ بەتنىيە تىلىك بولامدۇ دېسىلە؟ ئالقاندەك بىر ئىدارىنى تازىلاشقا باشقىلارنى چىشلەپ – تارتىپ يۈرمىسىمۇ، ئۆزەملا يېتىشەلەيەنغۇ··· ئەكەلسىلە، چېلەكنى ماڭا بېرىپ ئىشلىرىنى قىلىۋەرسىلە، خانىم.

سەمەت قولىدىكى سۇپۈرگىنى تاشلاپ، ئايشەمنىڭ قولىدىكى چېلەكنى ئېلىشقا تەمشىلىۋىدى، ئايشەم زۇرۇقفان ھالدا شۇنداق قاقاھلاپ كۈلدىكى، سەمەت ھەيرانلىقتىن ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

— ئاۋارە بولماڭ، سەمەتجان! — دېدى ئايشەم مەسخىرىلىك تەلەپپۇز بىلەن، — مەن تازىلىق قىلغىلى چىققىنىم يوق، بۇ چېلەكنى ئىدارە سەيخانىسىدىن شوخلا ئەكىرىش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىۋاتىمەن.

سەمەت يىل بويى سۇ سېپىپ ئاسپالىتتەك قاتۇرىۋەتكەن ئىدارە مەيدانىدىن ئىگىز ئۆكچىلىك توپلىيىنىڭ تاراقلىغان ئاۋازى ئاستا – ئاستا يىراقلاشتى.

مەن ئويلىنىپ–خىيالىنىپ قالدىم. قاچاندۇر بىر چاغدا سەمەتنىڭ: "ئۇلار–خوجايىن، بىز مالاي بوپ قالدۇقمۇ ئەمدى؟···» دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ، ئۆز – ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم: " ئەزەلدىن مالايسىز خوجايىن بولغان ئەمەس، ئەگەر بۈگۈنكى كۈندىمۇ خوجايىنلىق قىلىۋاتقانلار بار دېيىلسە، ئۇلار پەقەت سەمەتكە ئوخشاش مالايلارنىڭ مەھسۇلى···»

مەن قولۇمدىكى تېخى 3 – ماددىسى يېزىلىپ تۈگىمىگەن پىكىر تېزىسىنى مىجىقلاپ، چىگىتتەك قىلىۋەتكەنلىكىمنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن. ئەگەر ئالقىنىمدىكى بۇ نەرسە قەغەز بولماي سەمەت بولغىنىدا، ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلىۋەتكەن بولارمىدىم؟!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# يېڭى دىرېكتور

( ھېكايە )

تۇرۇپ ئوبۇل

— شىركەتنىڭ مالىيە كادىرلىرى يىغىنى ئېچىلىۋاتاتتى ... يىغىن ئاخىرىدا يېڭىدىن ئۆستۈرۈلگەن دىرېكتور مەجلىسخانىنىڭ بۇلۇڭىدا ئولتۇرغان قېرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى چوقۇر كىشىگە قاراپ:

— يولداش سەمەت، سىز زاپخوزلۇقنى ھامۇتقا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، يېڭى خىزمەت كۈتۈپ تۇرۇڭ! — دېدى تەبەسسۇم بىلەن.

— نېمە؟ — سەمەت ئاكا تەئەججۇپ ئىلكىدە كۆزلىرىنى پىيالىدەك چەكچەيتىپ، زەردە بىلەن دېدى، — نېمە ئۈچۈن زاپخوزلۇقنى ھامۇتقا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىكەنمەن؟ بېلىقچىنىڭ ئەسكى تورىدەك چىگىشلىشىپ، ھېچ بىر يېرىنى بىلگىلى بولمايدىغان ھەم ئىشچى — خىزمەتچىلەرنىڭ جانجان مەنپەئەتى، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى تومۇرى بولغان زاپخوزلۇقنى مالىيە ئىنتىزامى بويىچە باشقۇرغىنىم ئۈچۈنمۇ؟

سەمەت ئاكىنىڭ سۆزى يىغىن قاتناشچىلىرىنى قايىل قىلدىمۇ قانداق، بىر — بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ، باش لىڭشىتىشتى.

— سىزنى يېڭى خىزمەتكە تەيىنلىشىمىز — ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ تەلىۋى، خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى ھەم سىزنىڭ خىزمەتكە بولغان پوزىتسىيىڭىز ... شۇڭا، شىركەتتىن سىزنىڭ زاپخوزلۇقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، يېڭى ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىشىڭىزنى قارار قىلدۇق.

قارار؟ قانداق قارار ئىكەن ئۇ؟! مەيلى قارار قىلىنغان بولسىمۇ، ئۆتكۈزمەيمەن دېدىم، ئۆتكۈزمەيمەن!

— بىز كۆپ تالاشمايلى، سىز ئوبدانراق ئويلىنىپ كۆرۈڭ: ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، سىز زادى ئۆتكۈزۈپ بەرمىسىڭىز...

— مەن ئويلىنىپ سۆزلەۋاتىمەن! قىسقىسى، زاپخوزلۇقنىڭ يەنىلا ئىلگىرىكىدەك بىر قىسىم كىشىلەر ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىشىنى خالىمايمەن!

سەمەت ئاكا شۇلارنى دېدى-دە، غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، مەجلىسخانىدىن پىشىنى قېقىپ چىقىپ كەتتى.

„بىلىمەن، ھەم، شىركەت دوختۇرخانىسىنىڭ ھېساۋاتىنى ئىنقىلاپ كۆرۈش تەكلىۋىنى بېرىپ، تېخى ئىككى كۈن ئۆتمەيلا، مېنى زاپخوزلۇقتىن ئېلىپ تاشلىماقچى بولىۋاتىسەن-تېخى ، — سەمەت ئاكا ئىشخانىسىغا كېتىۋېتىپ، ئۆز — ئۆزىگە شىۋىرلىدى، — ھامۇت دېگەنىمۇ خىزمەتنى خېلى ياخشى ئىشلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بىلەن ئۇساۋاقداش. ئەمدى شىركەت دوختۇرخانىسىدا — ئايالىڭنىڭ ھېساۋىدا مەسىلە كۆرۈلسە " قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە، باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە "دېگەندەك ئىش قىلماقچى بولۇشۇپسىلەر — دە، ھەم ... قارا نىيەتلەر! ئەگەرچەندە مېنى

(ئاخىرى 59 — بەتتە)

# شېئىرلار

مىجىت نىزامىدىن

## يېڭى ھاياتقا مەدھىيە

(ناخشا تېكىستى)

ھەممە ياقتا گۈللىنىش،
چاراقلايدۇ شات كۈلكە.
قەد كۆتەردى يۈكسىلىپ،
بىزنىڭ ئاۋات بۇ ئۆلكە.

كەتمەن چاپقان دېخاننىڭ،
ساڭغا تولدى ئاشلىغى.
مۈكچەيگەن بەل تۈزۈلۈپ،
قايتتى قىران ياشلىغى.

بەش كاپالەت مومايمۇ،
تىجارەتكە تۇتۇندى.
ئامال قىلىپ پۇل تېپىپ،
قۇتقۇزۇشتىن قۇتۇلدى.

قايناق ھايات دولقۇنى،
ئېلىپ كەلدى يۈكسىلىش.
ھەممە خوشال توي قىلدۇق،
بولغاچ يېڭى گۈللىنىش.

## ئۆگەي ئانا مېھرى

ئۆز ئانامدىن ئايرىلىپ،
يېتىم بولۇپ قالدىممەن.
جۇدالىقنىڭ ئوتىدا،
مىڭ بىر كۆيۈپ ياندىممەن.

تولا يىغلاپ، ئاھ تارتىپ،
كۆزدە قالمىدى ياشىم.

يېتىملىك ئازاۋىدا،
زەپ قاتتى مېنىڭ باشىم.

مەن يىغلاپ ئازاپلانسام،
دادام ئېيتتى يېشىمنى.
كۆڭلۈمنى ئالاي دېدى،
سىلاپ مېنىڭ بېشىمنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تويى قىلىپ دادام تېزدىن،
ئۆيگە بىر ئانا كىردى.
چاقنىغان يۈرەكىمگە،
بىر ئۇبدان داۋا كىردى.

تۆكۈپ ئىسسىق مېھرىنى،
مېنى باقتى كۆيۈنۈپ.
خۇشاللاندىم ئۇنىڭكى،
شەپقىتىدىن سۆيۈنۈپ.

گۈلگە ئامراق كىشىنەك،
گۈل تۆۋىدىن كۆچمەيدۇ.
ئۆگەي ئانامنىڭ مېھرى،
يۈرىكىمدىن ئۆچمەيدۇ.

## پارچىلار

ئىلىم- پەن ھېكمەتنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى،
ئاچار ئۇ ئەڭ چىگىش سىر ۋە تۈگۈننى.
ئۆمرۈڭنى مەنىلىك ئۆتكۈزەي دىسەڭ،
قەدرىلە چىلىك تۇتۇپ دوستۇم بۈگۈننى.

ئىجادكار ياشنايدۇ ئۇزا قتىن ئۇزاق،
قوينىغا ئالسىمۇ ئۇنى يەر-تۇپراق.
ھاياتتا ئەل ئۈچۈن قىلغان خىزمىتى،
پارلايدۇ دىللارغا يېقىپ نۇر چىراق.

# ئانا قەدرى

ياسىنجان ئەھمەت

ئەي دوستلار، ئالدىمدا تۇرۇپتۇ بۈگۈن،
بىر كۈلۈپ، بىر يىغلاپ ئىككى - ئۈچ بالام.
گەر ئۇلار سالغاندا جەۋرى - جاپانى،
ئەر - خوتۇن بولمىمىز خېلى بىئارام.

بىر ياقتا بارماقچى بولساق ئەگەردە،
"بىزلەرمۇ بارىمىز" دەيدۇ ئەگىشىپ.
"ماقۇل" دەپ چىققاندا ئۆينىڭ ئالدىغا،
"كۆتەرسۇن ئانام" دەپ ماڭماس يىغلىشىپ.

بەزىدە كىچىكسى دەيدۇ: "ئەي ئانا،
چاي ئىچىپ، نان يەيمىز بولساڭچۇ تېزراق".
ئاخىرى ئۇيقىنى قىلىدۇ ھارام،
"تاڭ ئاتسۇن" دىگەنگە سالماستىن قۇلاق.

بالامنىڭ جەۋرىنى كۆرۈپ ئەشۇنداق،
گۆدەكلىك چېغىمنى ئەسلىدىم مەنمۇ.
دىدىمكى : قاتارغا قوشۇشتا مېنى،
كۆپ جاپا چەكمىسەن، ئەي ئانا سەنمۇ .

ئۆگەتسەڭ ھەر دائىم ئەدەپ - ئەخلاقنى،
قۇلاقنى يوپۇرۇپ يۈرگەن ئىكەنمەن.
گايىدا سەن مېنى بۇيرىساڭ ئىشقا،
"ماقۇل" دەپ قېچىپمۇ كەتكەن ئىكەنمەن.

ئۆزەمدە شۇ ئىللەت بولغىنى ئۈچۈن،
تولىمۇ خىجىلمەن ئالدىڭدا ئانا.
ھالىڭدىن كۆپ خەۋەر ئالالماپتىمەن،
قەدرىڭگە يېتەلمەي تېخىچە مانا.

ئېخ! سېنىڭ جاپالىق ئۇلۇغ ئىش ئىزىڭ،
ئالدىمدا بىرمۇ - بىر بولدى نامايان.
ھىساپسىز بىباھا مېھرى - شەپقىتىڭ،
قوزغىدى دىلىمدا چوڭقۇر ھاياجان.

ئەي ئانا ، قەدرىڭگە يەتتىم ئەمدى مەن،
باغلايمەن چىن دىلدىن ساڭا مۇھەببەت.
مەن سېنى ھەقىقى قىلىمەن رازى،
ئەجرىڭگە بىر ئۆمۈر باغلاپ ساداقەت.

# ئىككى شېئىر

خۇدا ۋەردى ياقۇپ

## كۈتمەن جاۋاپ

ئويلىسام ھەر ۋاقىت، كۆرۈشكەن چاغنى،
تەنلىرىم تىترەيدۇ، چىككىمەن ھەسرەت.
سەۋەبى، سەن بىلەن تۇنجى تونۇشۇپ،
سۆيەمەن دېگەنتىم مەن سېنى ئەبەت.
سەنمۇ ھەم تارتىنىش ئىلكىدە ماڭا،
"مەنمۇ شۇ" دېگەنتىڭ قىلالماي تاقەت.

بىزنىڭ بۇ سۆيگىنىمىز سەممى بولغاچ،
غايىمىز بىر ئىدى ئەبەتكە ئورتاق.
شۇ سەۋەپ ياشنىتتى بىزنى چىناردەك،
ۋەتىنىم، مىللىتىم بولۇپ يان تاياق.
بىزنىڭ بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ بەزىلەر،
ئۆرۈنۈپ كۆرۈشتى بولۇپ ئايرىماق.

ئەپسۇسكى بىلمىدىم سىرىڭنى سېنىڭ،
ئۆزەڭنى قاچۇرۇپ يۈرىسەن بۈگۈن.
ئېيتقىنا ھىجراندا قويۇپ سەن مېنى،
سالامسەن يۈرەككە مەڭگۈغەش - تۈگۈن.
ئەمدىچۇ تاپقانسەن ئەقلىڭنى دىلبەر؟
كۈتىمەن جاۋاپنى سېنىڭدىن ھەركۈن!

## دوستۇمغا

(بىر شائىرغا تەقلىت)

ئەرك ئۈچۈن ئەجدادىم سالغان يول بىلەن،
بۆۋامۇ، دادامۇ كەتكەن غازاتقا.
بىلىسىڭمىز دوستلۇرۇم ئۇلار ئۈمىدى،
پەرز بولۇپ قالغانغۇ بىزگە - ئەۋلاتقا.
كۆرەشتە ئەجداتلار ئىزىنى بېسىپ،
پەرزەنتلىك بۇرچىنى قىلايلى ئادا.
قىلمىساق جان پىدا تۇز بەرگەن ئەلگە،
لەنەتلەر ئوقۇيدۇ ئەۋلاتلار ساڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# چارلۇك يايلىقى

توختى ھوشۇر

نامىڭ بار دۇنيادا ھەممىگە تونۇش،
ئەي يۈكسەك قامەتلىك كوئىنلۇن تېغى.
ئاستىڭدا يەلپۈنۈپ تۇرار ياپ ـ يېشىل،
چارۋىغا باي، گۈزەل چارلۇك يايلىقى.

سەندە بار بىھېساپ تەبىئى ئورمان،
ئۇچرايدۇ بەزىدە ئىسسىل گۈلزارلىق.
شۇ گۈزەل دىياردا بولۇپ شات ـ خورام،
مال باقار بەختىيار يۇرتۇم چىپانلىق.

جىرالار باغرىدىن چىققان بۇلاقتىن،
ھاسىلدۇر زۇمرەتتەك چىپان دەرياسى.
شاۋقۇنى ئويغاتسا گۈلنى ئۇيقۇدىن،
تاغلارنى ئويغۇتار نەيىنىڭ ساداسى.

شاختىن ـ شاخ سەكرىشىپ ئۇچار قۇشلىرى،
سۆزلىشەر ئۆز قۇۋمى، ئۆز تىلى بىلەن.
يايلاقتا مال باققان چوپان يىگىتمۇ،
قىزغا دىل ئىزھارلار ناخشىسى بىلەن.

ئۆينىشار ئوغلاقلار تىك قىيا تاشتا،
ئوتلايدۇ بەھۇزۇر ئۆكىدە كىيىك.
مالچىلار ھۆددىگە ئالغاچ چارۋىنى،
ئۇلارغا سەركەردە ئەڭ سەمىز ئىرىك.

يۇرتۇمدا باياشات بۈگۈن ھەردىخان،
قازانۇ ـ چۆمۈچمۇ بولدى تەڭلا ماي.
مەرھەمەت، يۇرتۇمغا كەلسىڭىز مېھمان،
كەتمەيسىز زادىلا بىر شېئىر يازماي.

# شائىرغا

ئابدۇللا مۇھەممەت

ھاياتىم بىر يېشىل مايسا، كۆيۈكدۇرساپ ھاۋا، شائىر،
جاراھەت قاپلىسا دىلنى، سۆزۈك مەلھەم ـ داۋا، شائىر.

زىمىننى باسسىمۇ زۇلمەت، يانار قەلبىڭدە نۇر ـ ئاپتاپ،
سىنىڭ نەزمە ـ كۆيۈك بولغاچ ھەقىقەتتىن سادا، شائىر.

كى ساز چالسام سەھەر ـ ئاخشام، بولۇپ گەر يار ئۈچۈن شەيدا،
كۆيىڭسىز سەزمىگەي يارىم بۇ قەلبىمنى يانا، شائىر.

ۋەتەن ـ خەلق ئالدىدا ھەر چاغ مىسالى ئەۋرىشىم تالسەن،
ياۋۇزلار قەددىنى پۈكتىڭ بولۇپ ۋۇلقان گويا، شائىر.

ئەبەت كۈيلە ئادالەتنى، رەقىپلەر قان قۇسۇپ ئۆلسۇن،
بۈيۈك ئەجرىڭ باھاسىغا ئىرۇر خەلقىم گۇۋا، شائىر.

# «بەختىيار» نىڭ ناخشىسى

ئابلىمىت سەمەت

نەچچە مولاپ يېرىم بار،
ئاشقا تولغان سېغىنىم بار.
«تۈمەن جىڭچى» بۈگۈن مەن،
"يېڭى باي» دەپ دېگىنىم بار.
بەخت ـ ئامەت دىگەن شۇ،
خوشال ياشاش چېغىم بار.

يەرگە سالسام خىل ئۇرۇق،
ئۈنۈپ چىقتى زەپ بولۇق.
يېڭى ئىلمى ئۇسۇلدا،
پەرۋىشلىدىم دەل ـ تولۇق.
كۈزدىكى قوش توي ئۈچۈن،
تۆككەن ھالال تېرىم بار.

مەن ئېتىزدا ئىشلىسەم،
يوق دىلىمدا قىلچە غەم.
ئۆيدە يارىم توقۇيدۇ،
زەپ چىرايلىق ـ ئۇزگىلەم.
مېھرى ئاپتاپ، قولى گۈل،
نىگارىم بار ـ جېنىم بار.

باھار كەلسە زېمىنغا،
ھوزۇر تولار دىلىمغا.
ياشلىقىمغا ئوخشۇتۇپ،
كۆچەت قويدۇم بېغىمغا.
مېۋە بەردى كۆچەتلەر،
قويىنى ئاۋات بېغىم بار.

قوزا بېقىپ قوي قىلدىم.
موزاي بېقىپ ئۆي قىلدىم.
راسا ئىشلەپ، بۇ يىل كۈز،
يارىم بىلەن توي قىلدىم.
بەختى كۈلگەن يىگىتمەن،
«بەختىيار» دەپ ئېتىم بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئۇستاز

ياسىن مۇسا

زىھىن، دىلغا چىراق ياققان كۆيۈمچان، مۆتىۋەر ئۇستاز،
نادانلارغا ئېقىل بەرگەن تىرىشچان ھەم چىۋەر ئۇستاز.

ئېسىل خىسلەتتە، پاكلىقتا تېپىلماش سەن كەبى ھېچكىم،
ئۇلۇغ ئالىم ئىجاتكارنىڭ دىلىدا كۈن ـ قەمەر ئۇستاز.

ئىلىم ـ پەن ئىشقىدا سايراپ، بولۇپ پەرۋانە ئەۋلاتقا،
ئىجات باغىغا گۈل تەرگەن تۆكۈپ ساپ قانىۇ ـ تەر ئۇستاز.

ئۇرۇپ ئەل ئىشقىدا خەندان، قىلىپ خىزمەت ئاڭا مەردان،
شۇبۇ ئىشنى بىلىپ راھەت مۇشەققەتنى چېكەر ئۇستاز.

تىزىپ نەزمەمنى شەنىڭگە،ساڭا دىلدىن سالام يوللاي،
تۈتاي ھۆرمەت شارابىنى ساڭا جانىۇ ـ جىگەر ئۇستاز.

# ياشلىقىم

دىلبەر ھىبىبۇللا

ئىخ! ياشلىق نەقەدەر گۈزەل سۆيۈملۈك،
سەن ھايات باغىنىڭ كۆزى، باھارى.
سەندە بار جىمىكى خىسلەت ۋە مەنا،
سەن بىلەن ياشنايدۇ ئۆمۈر گۈلزارى.

پارلايسەن ئەڭ يۈكسەك ئۈمىت كۆكىدە،
تاڭدىكى چولپاندەك نۇرلۇق، بىغۇبار.

ئىنتىلىش ئىستەيدۇ ھەر بىر ھۆجەيرەم،
يۈرەكتە ئۆچمەس بىر غايەم ـ ئىشقىم بار.

پۈركەيدۇ گۈللەرگە شۇ ئۇلۇغ غايە،
ئاداققا ئۆمرۈمنىڭ ھەر بىر ئىزىنى.
كۆرىدۇ چېلىشتا ـ جەڭگاھ قوينىدا،
ئەل ۋەتەن ھەر قاچان دىلبەر قىزىنى.

# بولسام

ئاتاۋۇللا نىزام

ۋەتەنگە بىر ئۆمۈر سادىق، چىلىش مەردانىسى بولسام،
ئۈنىڭ بەختى ئۈچۈن كۆيگەن ۋاپا پەرۋانىسى بولسام.

يېڭى دەۋران قۇچاق ئاچتى، چېچەكلەر خۇشپۇراق چاچتى،
ئۇنى كۈيلەپ ئەبەت ھارماس غەزەل مەستانىسى بولسام.

"قەتىرنىڭ قۇۋۋىتى سەلدە، ئوغۇلنىڭ ئەرلىگى ئەلدە"
شۇڭا مەن بىر ئۆمۈر ئەلنىڭ ۋاپادار بالىسى بولسام.

ۋەتەن چۈن دۇر - جاۋاھىرلار سۈزۈپ ئىرپان دېڭىزىدىن،
يۈسۈپ، مەخمۇت، ناۋايى ھەم تەجەللى ۋارىسى بولسام.

سۈيى ئابىھايات - كەۋسەر، يېرى مۇنبەت، ئېسىل گەۋھەر،
ۋەتەننىڭ تۇپرىغى بىرلە سۈيىنىڭ قەترىسى بولسام.

ۋەتەننىڭ كۈلكىسى - كۈلكەم، ۋەتەن غېمى ماڭا ماتەم
بويۇن سوزسا، ئەگەر قوزغۇن ئەجەل پەيكانىسى بولسام.

# جان ئانا

(قىزىم ئاغزىدىن)

خالىدە ئابلىز

سەھەر تۇرۇپ سەن مېنى،
ئويغۇتىسەن، جان ئانا.
چايىنى بىرىپ مەكتەپكە،
ئۇزىتىسەن، جان ئانا.

ياخشى ئوقۇ، تىرىش دەپ،
تاپىلايسەن، جان ئانا.

ئەشۇ سۆزنى نەچچە رەت،
قايتىلايسەن، جان ئانا.

ئارزۇيۇڭنى ئاقلايمەن،
ماڭا ئىشەن، جان ئانا.
ئىرادەم بار ۋەتەننى،
قىلىش گۈلشەن، جان ئانا.

www.uyghurkitap.com

# گۇناھكار «سىز»

( ھېكايە )

ماھىگۈل پەخرىدىن

ئۇ، كەنتىرگە جەينىكىنى تىرەپ ئولتۇرۇپ، ئېتىكىنى گازىرشا كىلىغا تولدۇرۇپ، دېرىزىدىن پۈتۈش ئالدىدا تۇرغان خىزمەتبىناسىغا زوقلىنىپ قارايتتى. بىناغا ھەر بىر قۇر خىش تېزىلغاندا، گويا ئۇمۇ بىرگە ئۆسۈۋاتقاندەك، خۇددى پەسلىتىپ قويغانۋېلىسىپىت ئىگىرىدەك مۇرىسىگە يېتىپ تۇرغان قىسقا بوينى پۈرژىنىدەك سوزۇلۇپ، يېنىدىكى جاۋەندىن ئىگىزلەپ قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى...

— تاك... تاك... تاك...!

— .........

ئۇنىڭ خىيال قۇشى شۇ تاپتا پۈتكۈسى بېنانىڭ يۇقۇرى قەۋىتىدىكى لۆم - لۆم دېۋانلار تىزىلغان، ئېسىل گىلەملەر سېلىنغان، شامالدۇرغۇچ پىقىراپ، جانغا ھوزۇر بېغىشلاپ تۇرغان ئىشخانا ئىچىدە پەرۋاز قىلىۋاتاتتى. دىلى يۇقۇردىكىلەرنىڭ مۇرىسىگە قېقىپ تۇرۇپ ماختاشلىرى، تۆۋەندىكىلەرنىڭ "سىلى"، "ئۆزلىرى" بىلەن خوش - خوش ئېيتىشلىرى ئىچىدە يايراۋاتاتتى.

— تاك - تاك - تاك! تاك-تاك - تاك!

— كىم!؟ - دېدى ئۇ، شىرىن خىيالىنى ئۈچۈرۈۋەتكۈچىگە زەردە بىلەن. شۇنداقتىمۇ دېرىزە تاكچىسىدا توپا بېسىپ تۇرغان ماتىرىيالدىن پىرنى ئېلىپ، ئۇيان - بۇيان ئۆرۈپ ھەتتا بېلىنى رۇسلىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈردى.

— ياخشىمۇ سىز؟

— .........

يەرنىڭ تېگىدىن ئالايغان كۆز نۇرى ئەشىك يېنىدا تارتىنىپ تۇرغان ئاق توپلىيلىق قىزغا چۈشتى:

— كىمنى ئىزدەيسىز؟

— سىزنى ئىزدەپ كېلىۋىدىم، سىز ئايشەم ھەدەم بولسىزغۇ، دەيمەن.

— ھە، نېمە گەپ؟

ئۇنىڭ چانىقلىرى كېرىلىپ، ئىڭىكى پۈرۈلۈپ، سوزۇلغان تۇمشۇغى ئىلمەك بۇرنىنىڭ ئۇچىنى سۆيدى، قولىدىكى ماتىرىيال جايىنى تاپتى. قىز ئوڭايسىزلانغان ھالدا:

— ئىككى كۈندىن بېرى سىزنى تاپالماي، تىزىمغا ئالدۇرغىلى ئەمدى كەلدىم، - دېدى - دە، خىزمەت رەسمىيىتىنى كەنتىرنىڭ ئۈستىگە قويدى. ئەگەر قەغەزدەجان ۋە ھېسسىيات بولغاندا ئىدى، ئۆزىنىڭ نەزەرگە ئېلىنماي تۇرۇپ قالغانلىقىدىن خىجىل بولاتتى.

5 مىنۇتلۇق ھېكايىلەر

— ھازىرچە قايتىپ، دەم ئېلىپ تۇرۇڭ.

— ئايشەم ھەدە، رەسمىيەتنى بىجىرىۋېتىپ پاتراق ئىشقا چۈشسەم بولاتتى. ھېلىمۇ بىر نەچچە كۈن بىكار يۈرۈپ كەتتىم.

— ۋايەي، ئىشلەپمۇ تويمىسىز تېخى.

— ئايشەم ھەدە، سىز…

— بولدى، بولدى، گەپ بىر. قايتىپ تۇرۇڭ دىگەندىن كېيىن، قايتىپ تۇرۇڭ.

— ئۇنداقتا… سىزنى قاچان ئىزدەيمەن؟

— كۈتۈپ تۇرۇڭ دىدىمغۇ، گەپ چۈشۈنەمسىز؟

ئۇ پۇلاڭلاپ ئورنىدىن تۇرىۋىدى، گازىر شوپۇگى ھېلىسۇ پۈرۈلگەن پولغا يېيىلدى.

— ئۆزىڭىز ئۇچۇر بېرەمسىز؟

— ھەجەپ قۇمدەك سۆزلەۋېرىدىكەنسىز، چىقىپ تۇرۇڭا، ئۇ… ھۈش…

ئۇ قىزنى ئىتتىرگەندەك ئىشخانىدىن چىقىرىپ، ئىشىكنى تاراققىدە يېپىپ، " كاتىپسىز قالسام قالاي، خۇدا ساقلىسۇن ئۇنىڭدىن، تۆت كۈندە، ھىم" دەپ غۇدۇڭشۇپ كادىرلار بۆلۈمىگە ئالدىراپ ماڭدى.

مەكتەپتىن جەمىيەتكە تېخى ئەمدىلا قەدەم ئېلىۋاتقان قىزنىڭ مەڭزىدە ئىككى تامچە ياش ۋىلىلداۋاتتى.

— تۇۋا، مەندىن نىمە سەۋەنلىك ئۆتكەندۇ؟

— ۋاي ئۇكام، جاھاندا ئىش تولا. ئاستا – ئاستا چۈشۈنۈپ قالىلا، – دىدى كارىدۇردا ئەخلەت ئېلىۋاتقان تازىلىق ئىشچىسى، – سىلىدە گۇنا يوق، " سىز " دە گۇنا.

— ھە؟!

قىز ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى…

(بېشى 50 – بەتتە)

راستىنلا زاپخوزلۇقتىن ئېلىۋەتسەڭ، يۇقۇرىغا ئەرز يېزىپ، چاۋاڭنى چىتقا يايارمىنا …»

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەن بولسىدۇ، سەمەت ئاكا زاپخوزلۇقنى ئۆتكۈزۈپ بەرمىدى، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ يېڭى دىرىكتورغا باش ئەگمىدى. لېكىن، ھەر ئېھتىماللىققا قارشى يۇقۇرىغا يازماقچى بولغان ئەرزىنى ئالدىن يېزىپ قويماقچى بولۇپ، قولىغا قەلەم ئالدى. شۇ ئەسنادا ئىشىك ئېچىلىپ، دىرىكتور كىرىپ كەلدى ۋە ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن:

— يولداش سەمەت، شىركىتىمىزنىڭ مالىيە ئىنتىزامىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي رەسمىيەتلەرنىڭ توغرا، ئېنىق، بولۇشى ھەم ناتوغرا ئىشلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، مۇزاكىرە قىلىپ سىزنى شىركەت مالىيە – بوغالتىر بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، قوشۇمچە بۇ قېتىمقى شىركەت بويىچە مالىيىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گورۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى قىلىپ بېكىتتۇق. ئەگەر باشقىچە پىكرىڭىز بولمىسا، ئىشنى بۈگۈنلا دوختۇرخانىنىڭ ھېساۋاتىنى تەكشۈرۈشتىن باشلاڭ، – دىدى.

سەمەت ئاكا دىرىكتورنىڭ تەبىئىي، سالماق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ھەيرانلىق ئىلكىدە بىردە دىرىكتورغا، بىردە شىرە ئۈستىدىكى تېخى تولۇق يېزىلىپ بولالمىغان ئەرزگە قارىغىنىچە تۇرۇپلا قالدى…

# تاڭ خەۋەرچىسى

( ھىكايە )

تۇرسۇن زۇمۇدۇن

مېنىڭ بىر خورىزىم بار ئىدى، ئۇنىڭغا بەك ئامراق ئىدىم. ئۇ ناھايىتى چىرايلىق، ئۈنى ئاجايىپ زىل ۋە ياڭراق بولۇپ، ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ، ئۇزۇنچە سوزۇپ - سوزۇپ چىللاشلىرىدىن ھەممىدىن بۇرۇن ئويغىنىپ كېتەتتىم-دە، ئىشىك ئالدىدىكى ئېرىقتا ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇدا يۈز-كۆزلىرىمنى يۇيۇپ بولۇپ، ئۆيدىن بىر چاڭگال دان ئېلىپ چىقىپ، خورىزىمغا چېچىپ بېرەتتىم. قىزىق ئىش... ئۇ قولۇمدىكى داننى كۆرۈشى بىلەن ئۆگزىدىن ئۇچۇپ ھويلىغا چۈشەتتى-دە، ئالدىمغا پايپاسلاپ كېلىپ، چىرايلىق بوينىنى سوزغىنىچە قولۇمدىكى دانغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ دان يېيىشىگە، بولۇپمۇ، ئەتىگەنكى قوياش نۇرىدا پاقىراپ ئاجايىپ چىرايلىق بولۇپ كەتكەن قانات پەيلىرىگە زوق بىلەن قاراپ، بىر ھازاغىچە ئولتۇرۇپ كەتكىنىمنى سەزمەي قالاتتىم. ئانامنىڭ چاقىرىشى بىلەن ئېسىمنى يىغىپ، چېيىمنى ئىچىپلا مەكتەپكە كېتەتتىم...

مېنىڭ ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ئويغىنىپ كېتىشىمدىن دادام خاپا بولاتتى، ئاچچىقلاپ كايىپ كېتەتتى. بىر قېتىم ئانام توسۇۋالمىغان بولسا ئۇراتتى تېخى... دادامنىڭ بۇنداق قوپاللىقىدىن ئەجەبلىنەتتىم. ”ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇش ياخشى ئەمەسمۇ؟- دەيتتىم ئىچىمدە، - دادام نېمىشقا مەندىن خاپا بولىدىكەن-ھە؟...»

كېيىن، ئانامدىن بۇ ئىشنى سوراپ بىلدىم. مېنىڭ سەھەردە ئويغىنىپ كېتىشىمدا دادامنىڭ تاتلىق ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋېتىپ، كۆپرەك ئۇخلىۋېلىشىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويىدىكەن. بىراق، مەندە نېمە ئامال؟ ”سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ» دېگەندەك، بۇ ئادىتىمنى قانداقمۇ تاشلىيالاي؟

شۇنداق بولسىمۇ، دادامنىڭ ئاچچىقىدىن بىر ئاز قورقۇپ قالدىم. سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇشۇم دادامغا يامان كۆرۈنگەن بولسا، بۇندىن كېيىن ۋاقچى تۇراي، خورازنىڭ چىللىغىنىنى ئاڭلىماي دەپ، نەچچە قېتىم ئاخشاملىرى ياتقان چېغىمدا، بېشىمنى يوتقانغا چۈمكەپ ئۇخلىغان بولساممۇ، بىراق، خورازنىڭ چىللىشى بىلەن تەڭ يەنە بەربىر ئويغىنىپ كېتەتتىم... دادامدىن قورقۇپ، بالدۇر ئورنۇمدىن تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماي، كۆزۈمنى ھەرقانچە چىڭ يۇمساممۇ، يە ئۇيقۇ كەلمەيتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىچىم تىتىلداپ، كارۋات ئۈستىدە ئۇياندىن - بۇيانغا ئۆرۈلەتتىم. بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ياندىكى ئۆيگە قۇلاق سالسام، دادامنىڭ ”خارت - خۇرت» قىلغان خورەك ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

(ئاخىرى 62 - بەتتە)

# رۇمكا تۈۋىدىكى پاراڭ

( ھېكايە )

ئابلەت يۈسۈپ

— ئەجەب ئاداش، ئىچ! ئۆلۈپ كېتىدىغان جاھان بۇ، بۈگۈن ياشايمىز! ھاراق دىگەنچۇ ئوغۇل بالىنىڭ يىلىكى...

— مۇشۇ كۈنلەردە قەيسەر كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ كەتتى، نېمىش قىلىۋاتقاندۇ ئۇ؟

— نېمىش قىلاتتى دەيسەن ئۇنى، دائىم بېشىنى كىتاپتىن كۆتەرمەي يۈرۈيدۇ شۇ.

— ئۇنى تېلېۋىزىيە داشۆسىنىڭ تىل-ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇيدىكەن دەپ ئاڭلايمەنغۇ؟

— شۇنى دىمەمسەن، ئۇيغۇر تۇرۇپ ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىمەن دىگىنى قىزىق؛ قارا دۆت بولمىسا شۇنداق قىلامدۇ؟

— ھەي ئاداش، ئۇ مەكتەپتە يالغۇز ئۇيغۇر تىلىلا ئەمەس، يەنە ئەدەبىيات، سىياسەت، تارىخ، جۇغراپىيە، خەنزۇچە قاتارلىق دەرسلەرمۇ ئۆتۈلىدۇ.

— قويە ئۇنداق قۇرۇق گېپىڭنى؛ ماۋۇنى گۈپپىدە كۆتىرىۋەتكىنە، بىلىق كۆزى قويدۇم، بىلىق كۆزى! تارىخ - پارىخ، جۇغراپىيە - پۇغراپىيە دەمسىنا؟ ئۇنى سويەمىز دىگىنە؛ ياش چېغىدا ئوينىماي، قاچان ئوينايدۇ كىشى، قانداق دىدىم - ھە؟

— ھەي، بۇ گېپىڭ توغرا بولىدى؛ ياشلىق - ئالتۇن دەۋر. كىشى بۇ دەۋرنى ئەرزەس ئىشلار بىلەن بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتمەي، تىرىشىپ ئۆگىنىشى، ئىجات قىلىشى كېرەك ....

— ھەي، غەرەز ئۇقمايسەن دە، غەرەز! يەنىلا قەيسەرنىڭكىنى توغرا دەۋاتىسەن - ھە؟! ئۆگىنىش - پۈگىنىشتىن نېمە پايدا چىقاتتى؟ ئۆگىنىش قىلغان قەيسەرنىمۇ كۆردىمىز تېخى...!

— ئۇ ئۆگەنسە ساڭا نېمە دەخلى يېتەتتى؟

— ھەي، دەخلى يەتمەيدۇ دىمەمسەن؟ ئۇنىڭ كاساپىتىدىن نەچچە قېتىم تەنقىت ئاڭلىدىمەن.

نېمىشقا، كىمدىن؟

— ئىدارىدا ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا، بەزى كىشىلەر ئادەم تېپىلمىغاندەك، دائىم ئۇنىڭ بىلەن مېنى سېلىشتۇرۇپ: ” قەيسەر بىلەن سېنىڭ ياش قۇرامىڭ، مەدەنىيەت سەۋىيەڭ تەڭ، ئۇ قىلغان ئىشنى سەن نېمىشقا قىلالمايسەن؟» دەپ...

— شۇمۇ تەنقىتمىكەن؟

— بۇ گەپنىڭ ئۆزى تەنقىت بولماي نېمە؟

— ئويلاپ باق، ئىدارەڭدىكىلەرنىڭ شۇنداق دىيىشى توغرا.

— بۇنچە ئۆگىنىپ نېمە بوپتۇ، ياكى جان دىگەن كۈندە چېچەكلەمتى؟ كۈندە 4—3 سائەت ئىشلەپ قويسام، كۈن ئۇياققا، پۇل بۇياققا ئۆتسە بولدى. ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا؛ ئۆلۈشكۈن بىر ئاغىنەمنىڭ ئۆيىدە ئول-

www.uyghurkitap.com



تۇرۇش قىلغان ئىدۇق. ئولتۇرۇش شۇنداق قىزىپ كەتتىكى، ۋاي ـ ۋۇي! پەرىزاتتەك ما ـ رۇشالار بىلەن ۋالىس، رۇمبا، ياۋبەيلەرگە تاڭ ئاتقىچە سەكرىدۇق. بەش ئوغۇل، بەش قىز ئۈچ شىشە ئىلى داچۇ، بەش شىشە بەيلەندى، بىر يەشىك پىۋە ئىچىپتۇق، ”فىڭخۇاڭ“ تاماكىسى ـ دىن بەش قاپچىكىپتۇق. ئەتىسى هاراقچىش ـ لىشىپ، بىر كۈن ياتتىم. هەي ئىست، يە ـ گەنلىرىمنىڭ ياندۇرۇۋەتتىم. ئازراق يېشىلەر ـ مەنمىكىن دەپ ئىچىۋاتسام، سەن كىرىپ قال ـ دىڭ. هە ئەمىسە، سالامەتلىكىمىز ئۈچۈن كۆ ـ تىرىۋەتتۇق، خوش ئاداش!

ـــ ماقۇل، هەي··· لېكىن، ”زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق“ دېگەن گەپبار، ئاداش. باشلىق داداڭمۇ مەڭگۈ سېنى يۆلەيـ ـ دىغان تۈۋرۈك بولۇپ تۇرىۋەرمەيدۇ. ئەمـ ـ دى ئويۇن ـ تاماشانى ئازراق قىلىپ، بىلىم ئېلىشنىڭ يولىغا كىرسەڭ بولارمىكىن؟ هازىر هەممىلا يەردە بىلىملىك كىشىلەرنى هۆرمەتـ ـ لەپ، قەدىرلەپ، ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىۋاتىدۇ. قەيسەرمۇ تېلېۋىزىيە داشۆسىنى پۈتتۈرسە، ئۆستۈرۈلەمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ.

ـــ هەي، نىمىلەرنى دەپ كېتىۋاتىدىغانـ ـ سەن، ئۇ ئاۋاقنىڭ تېلېۋىزىيە داشۆسىدە ئو ـ قۇيەن دېگىنى سۇغا چىلاشتى!

ـــ قانداق بولۇپ؟

ـــ بۇنداق ئىشقا مېنى بوش كېلىدۇ دەمـ ـ سەن؟ يېقىنراق كېلە، بىزنىڭ باشلىققا ئۇنى راسا چېقىشتۇرغان ئىدىم، ئىشىنىپ قالدى ئە ـ مەسمۇ، هى···هى···هى···!

ـــ هەي··· قاملاشمىغان ئىش قىپسەن جۇ ـ مۇ، هە، ئاخىرى قانداق بولدى؟

ـــ قانداق بولاتتى؟ قەيسەرنىڭ ئوقۇش راسخودىنى تەستىقلاپ بەرمىدى.

ـــ شۇنداق قىلىپ قەيسەر ئوقۇشتىن قالدى. دېگىن؟

ـــ شۇنداق بولمايچۇ، هى··· هى··· هى···

ـــ ئۇ بىر نەرسە دېمىدىمۇ؟

ـــ باشلىق رۇخسەت قىلمىغان يەردە، قەيـ ـ سەردەك بىر سولتەك نېمىش قىلالايدۇ دەيـ ـ سەن؟ ئاخىرى ”تەشكىل مېنىڭ ئوقۇشۇمغا قوشۇلمىغان بولسا، يەنىلا ئۆزلىگىمدىن ئۆ ـ گىنىشنى داۋاملاشتۇرىۋېرىمەن“ دېدى شۇ.

ـــ سېنىڭ ”كارامىتىڭ“ كارغا كەلمەپتىغۇ؟

ـــ ئاخماق ئىكەنسەن، ئۇ تېلېۋىزىيە دا ـ شۆسىدە ئوقۇماي، ئۆزلىگىدىن ئۆگەنسە، ئۇن يىلدىمۇ يەنىلا مەن بىلەن ئوخشاش تولۇق ئوتتا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ تۇرىۋېـ ـ رىدۇ ـ دە! هى··· هى··· هى···!

ـــ هەي هاماقەت، چۆچۈرىنى خام ساناپـ ـ سەن، ئۆزلىگىدىن ئۆگىنىپ زىيالى ئەمەس، ئاـ ـ لىم بولغانلار ئازمۇ؟

ـــ هە···!؟

****************************************

(بېشى 60 ـ بەتتە)

”تووا، ماۋۇ دادامنى، چوڭلار دېگەن بالـ ـ دۇرراق قوپىدىغان، دادام نېمىشقا··· هەي، يېرىم كېچىگىچە سىرتلاردا يۈرگىچە، بالدۇرراق يېتىپ، سەهەررەك قوپۇپ، ئىدارىسىغا بارسا بولمامدىكىنا؟ يە مېنى قوپقىلى قويمايدۇ ياكى ئۆزى···“ دەيتتىم ئاچچىقىم كېلىپ.

× × ×

بۈگۈن ئەتىگەن ئانامنىڭ چاقىرىشىدىن چۆچۈپ ئويغاندىم. قارىسام، كۈن نەيزە بويى ئۆرلەپ، ئۆي ئىچى يورۇپ كېتىپتۇ. بۈگۈن ئۆيدىكى هەممىمىز تاڭ ئاتقانلىقىنى تۇيماي، قاتتىق ئۇخلاپ قاپتۇق. هەممىدىن مېنىڭ مەكتەپكە كېچىكىپ قالغىنىم چاتاق بولدى!

هەي، بۈنىڭغا دادام سەۋەبچى. چۈنكى داـ ـ دام ئۆزىگە ئوخشاش هاراقكەش ئاغىنىلىرىنى مېهمان قىلىمەن دەپ، ئاخشام خورىزنى ئۆلتۈرۈۋەتمىگەن بولسا، بۈگۈن كېچىكىپ قالمىـ ـ غان بولاتتىم···

هەي، ئىست! هەر كۈنى سەهەردە مېنى ئويغۇتىدىغان ئەقىللىق، چىرايلىق خورىزىم!

# نەبىنىڭ «خوشاللىقى»

( هىكايە )

زۇنۇن تاھىر

— ...مانا، مانا! هۆكۈمەت دىگەننىڭ مۇشۇ يەرلىرى قالتىس جۇمۇ! — دىدى نەبى بۆلۈم باشلىغىنىڭ سۆزىدىن ئىيتقۇسىز خوشال بولۇپ، — شۇنداق قىلىپ ماڭا قانچە تېگىدىغان بولدى؟

— بەش كوي!

— نىمە؟! — نەبى يۇمۇق كۆزلىرىنى چەكچەيتتى، — ئارانلا بەش كويما؟

— شۇنداق، تۈزۈم بويىچە بىر كۈن سەۋەبسىز ئىشتىن قالغان كىشىنىڭ بىر ئايلىق مۇكاپات پۇلى بېرىلمەيدۇ. سەن بۇ يىل ئىچىدە 11 كۈن سەۋەبسىز ئىشتىن قالدىڭ، ئويلاپ باقە، بەش كوي تەگسە، يەنە سەن...

— ئەمىسە، ئەختەم بىلەن ئىسرائىللارچۇ؟ — نەبى تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدى، — ئۇلارنىڭ سەۋەبسىز ئىشقا كەلمىگەن كۈنى مېنىڭكىدىن جىققۇ؟

— شۇڭا، ئۇلارغا بىر پۇڭمۇ...

— مانا، مانا! هۆكۈمەت دىگەننىڭ مۇشۇ يەرلىرى قالتىس ئادىل جۇمۇ! — نەبى باياتىنقى خاپىلىقىنى تېزلا ئۇنتۇدى، — قۇچقاچ گۆشىمۇ گۆش دەپتىمكەن، هى... هى... هى... شۇنداق قىلىپ پۇلنى قاچان بېرىسىلەر؟

— قايسى پۇلنى؟

— قىزىققۇ سىز. هازىر دىگەن مۇكاپات پۇلىنىچۇ؟

— كېپىمنىڭ ئاخىرى چۈشكىچە ئالدىمغا چۈشۈۋالدىڭ، بۈگۈن ئىدارە مەمۇرىيەت يىغىنىدا هەر بىر ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ئالىدىغان مۇكاپات پۇلىنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتمەكتەن ئىدۇق، يىغىنىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا مالىيە ئىدارىسىدىن زىيان تارتقان كارخانىلار مۇكاپات تارقاتماسلىق كېرەك دىگەن ئۇقتۇرۇش كېلىپ قالدى. شۇڭا بۇ يىل ئىدارىدا مۇكاپات پۇلى تارقاتمايدىغان بولدۇق.

— مانا، مانا! — نەبى بۇ گەپنى ئاڭلاپ خوشاللىقىدىن تىرىسىگە سىغماي قالدى، — هۆكۈمەت دىگەننىڭ مۇشۇنداق يەرلىرى ئوبدان جۇمۇ! مۇكاپات ئالمىغان چاغدىمۇ كۈن ئۆتكەن، ماڭا تېگىدىغىنىغۇ كاۋاپدانىنىڭ ئالدىغا بىر زوڭزايغانغا پايلىمايتتى، هەممىدىن يامىنى 60 كوي ئالىدىغانلارنىڭ ئىچىدىن قان كېتىدىغان بولدى — دە، هى... هى... هى...

# «يۈك»

(ھىكايە)

ئابدىرېھىم ئابلىمىت

ئۆينىڭ جىمجىتلىقىنى ئىشىكنىڭ غىچىلداپ ئېچىلىشى بۇزۇۋەتتى. كەچلىك تاماق يەۋاتقان ئۆي ئىچىدىكىلەر ئىشىك تەرەپكە لاپپىدە قاراپ قويۇپ، يەنىلا تاماق يېيىشنى داۋاملاشتۇردى.

ئۆيگە كىرگەن 17 ـ 18 ياشلاردىكى بىر يىگىت ھەركەتسىز ھالدا پەگادا ئۆرە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايى سۇلغۇن، بېشى ساڭگىلىغان بولۇپ، خۇددى گۇناھكار كىشىگە ئوخشايتتى.

ئۆي ئىچىدە قوشۇقلارنىڭ چىنىلەرگە ئۇرۇلۇشى، تۆردە ئولتۇرغان 50 ياشلار چامىسىدىكى كەككە ساقال كىشىنىڭ قىسقا-قىسقا يۆتىلىپ قويىشىدىن باشقا ھېچقانداق سادا چىقمايتتى. يىگىت ئورنىدا ئالاھىزەل 10 مىنۇتچە قېتىپ تۇرغاندىن كېيىن، دېرىزە يېنىغا قويۇلغان ئىشكاپقا يۆلەنگەن ھالدا زوڭزۇيۇپ ئولتۇردى ـ دە، تىرنىقىنى تاتىلاشقا باشلىدى.

ـ مە، مانى يە، قارنىڭغا تىق!

يىگىت ئاستا بېشىنى كۆتەردى ۋە قوللىرىنى ئۇزىتىپ، ھورى چىقىپ تۇرغان بىر چىنە پولونى ئاۋايلاپ ئالدى. ئۆي ئىچىدە كىشىنى بۇرۇختۇم قىلىدىغان ئېغىر جىملىق يەنە ھۆكۈم سۈرمەكتە.

بۇ ئائىلىدىكى تېخى تونۇگۇنكى شاتلىق، كۈلكە ـ چاقچاقلار مانا بۈگۈن ئاللاقاياقلارغا يىتىپ بولغان ئىدى. بۇ كۆڭۈلسىزلىككە سەۋەپ بولغۇچى ۋەقە يىگىتنىڭ خىيال ئەينىكىدىن بىرمۇ ـ بىر تىزىلىپ ئۆتۈشكە باشلىدى: شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئالدى بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان. بۇ يەردىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى دىگىدەك ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، يۈزلىگەن جۈپ كۆزلەر دەرۋازىنىڭ ئوڭ يېنىغا چاپلانغان قەغەزدىكى سان-سىفىر، ئىسىم-پەمىلىلەرگە تىكىلگەن؛ بەزىلەرنىڭ چىرايىدا شاتلىق تەبەسسۇم جىلۋە قىلسا، يەنە بەزىلەرنىڭ چىرايىدا مەيۈسلىك، ئۈمۈتسىزلىك ئالامەتلىرى ئەكس ئېتەتتى...

توپنىڭ ئىچىدىن قاڭشارلىق، كۆزلىرى چوڭ، ئورتا بويلۇق بىر بالا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا ئاستا مېڭىپ كەتتى. ئۇ گويا ئەس-ھوشىنى يوقاتقان كىشىدەك پۇتلىرى كالاماپايلىشىپ، يول بويىدىكى ئىستولبىغا يۆلىنىپ قالدى ۋە خىيالغا كەتتى:

„قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۆيگە نىمەمۇ دەپ بارارمەن؟ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگىنىمنى ئېيتسام، شۇ ئاچچىغى يامان دادام تىرىكىپ زەردە قىلىدۇ. مانا ئەمدى ئاتا-ئانام تولۇق ھەتتا ئوكىلىرىممۇ ماڭا يامان كۆز بىلەن قارايدۇ...“

ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، بېشى قايغان،

پۈتى تايغان تەرەپكە يول ئالدى... ئۇ تاكى كەچ بولغانغا قەدەر كوچىلاردا ئېغىر خىيال يۈكىنى شىلىلىسىگە ئارتىپ يۈردى. ئۈچە يىلىرىنىڭ تارتىشىدىن ئەتىگەندىن بىرى بىر نەرسە يېمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئاتا-ئانىسىنىڭ دوق قىلىشىنى يۈرىكى تويۇپ تۇرسىمۇ، ئاخىرى نامازشام بىلەن ئۆيگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى...

ئەنە، ئۇھازىر پەگادا ئولتۇرىدۇ، ئۇكىلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئۆيدەك ئالىيىپ قويىشىدۇ. دادىسى قاسىم ئاخۇننىڭ كەكىردەك ئاچچىق سۆزلىرى تۇرسۇننىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك سانجىلماقتا:

—ھۇ، ئەقلى يوق كالۋا! ھە دىسە كىتاپ پۇلى، ئوقۇش پۇلى... دەپ يانچۇغۇمنى قۇرۇغداپ قويدۇڭ. سېنىڭ ئۇرنىڭغا ئىتنى باققان بولسام بوپتىكەن. ئېسىت، ساڭا ئۇن يىلنىڭ بويانىدا بەرگەن ئاش-نان، پۇل-پىچەكلىرىم!

تۇرسۇن ئۆز دادىسىنىڭ بۇنداق ئاھانەت ۋە خورلۇقلىرىدىن گويا ئاسماندىن تاشلىۋەتكەندەك تىپىرلاپ، كۆز چاناقلىرى لىققىدە ياش بىلەن تولدى...

مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئانىسى شەرۋانىخان زەھرىنى چاچتى:

—ۋاي نان قېپى، ھارام تاماق! ئۆتكەندە مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ، ھۈنەر ئۈگۈتەي دىسەم، ئوقۇيمەن دەپ تۇرۇۋالدىڭ. مانا ئەمدى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي، بىزگە ئوشۇقتىن-ئوشۇق يۈك بولىدىغان بولدۇڭ!

شەرۋانىخاننىڭ سۆزىنى تويۇقسىز ئۆيگە كىرىپ كەلگەن سېلىمىخان ئۈزۈپ قويدى.

—شەرۋانىخان، كۆرمەملا، خوشلىقىمدىن ئۆزەمنى يەتتە قات ئاسماننىڭ قەرىدە تۇرغاندەك سىزىۋاتىمەن.

—بەك خوشالغۇ سىلە، گۆھەر تېپىۋاللىمۇ نىمە؟

—ۋاي ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئىش بولدى دىسىلە؛ قىزىمىزنىڭ تەلىيى ئوڭ كەلدى!

—ئوبدانراق يەردىن ئەلچى كەلگەن ئوخشىمامدۇ، سېلىمىخان؟

—ياقرۇشەنگۈل ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، ئۇرۇمچىدىكەن كاتتا شەھەرگە ئوقۇشقا بارماقچى، دىسىلە!

—ھە!؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، شەرۋانىخاننىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى...

—مەن سېلىمنىڭ تۇرسۇنجانىمۇ ئۇرۇمچى تەرەپكە ئۆتكەن بولسا، يولدا قىزىمغا ھەمرا بولۇپ، بىللە ماڭسىمىكىن دىگەن ئىدىم...

—نەدىكىنى،— شەرۋانىخان ئوغلىغا سەت بىر كۆلۈيۈپ قويۇپ دىدى،—بۇ دۆت ئۇرۇمچىگە بارالامدۇ، دەيلا؟ ئۇرۇمچى تۈگۈل مەدىكار بازىرىدىنمۇ ئورۇن چىقمىغۇدەك بۇنىڭغا...

سېلىمىخاننى ئۇزاتقىلى چىقىپ كەتكەن شەرۋانىخاننىڭ سۆزىنى قاسىم ئاخۇن داۋام قىلىپ، تۇرسۇنغا دوق قىلدى:

— ھويشورى قۇرغۇر! قارىغىنا، ئەشۇ رۇشەنگۈلچىلىك بولالمىدىڭمۇ-ھە؟ قىز بالا جېنىدا ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ئۇرۇمچىگە ماڭىدىكەن، سەن ئويۇنچى نىمىش قىلدىڭ!؟

شۇ ئارىدا زوردۇن مۇئەللىمنىڭ ئۆيگە كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن قاسىم ئاخۇن، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى نائىلاج بوغۇزىغا يۇتتى ۋە مۇئەللىمنى سوغ قارشى ئالدى:

—كەلسىلە مۇئەللىم، بۇياققا كەپ قاپلا؟

—ھە تۇرسۇننى يوقلاپ كېلىۋىدىم.

تۇرسۇن گويا بىر ھىمايچىغا ئېرىشكەندەك، خېلىلا تىتىكلىشىپ قالدى.

ئۇ گەپنى ئۇلغايتىۋەتمەسلىككە تىرىشىپ، لىۋىنى چىڭ چىشلىدى:

— مۇئەللىم مەن...

(ئاخىرى 87 - بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




(داستان)

دىلبەر قەييۇم

## مۇقەددىمە

باتۇرلۇق ھەققىدە سۆز بولسا ئەگەر،
كىلەر كۆز ئالدىڭغا قامەتلىك يىگىت.
ھەممىگە قادىردەك تۇيىلار ئەرلەر،
ھەتتاكى بولسىمۇ قۇرۇق ئىسكىلىت.

مۇقەددەس تارىخنى ۋاراقلاپ كۆرسەڭ،
باتۇرلۇق بابىدا ئاياللارمۇ بار.
شۇ ئايال زاتىدىن بولغاچقا مەنمۇ،
سىزدەمەن ئۆزەمنى چەكسىز بەختىيار.

ئەنە شۇ باتۇرلۇق بابىدىن بۈگۈن،
مەن سۆزلەي دوستلارغا مۇنداق ھىكايەت.
بۇ،ئانا تۇپراققا تۆكۈلگەن قانىڭ —
ھەققانى شاھىدى — ئەمەس رىۋايەت.

1

باش شىتاپ ئەتراپى ئادەمگە تولغان،
پىدايى بولۇشقا كەلگەن چوڭ-كىچىك.
قەلبىدە دۈشمەنگە قارشى نەپرىتى،
ۋۇلقانغا ئايلانغان ئاۋام — كۆپچىلىك.

— ئەي يولداش! تىزدىلاڭ مىنى!
— مىنى! — دەپ،
بەس — بەستە بۆلۈمگە كىرەر كىشىلەر.
پىدايى قوشۇنغا تىزدىلاۋاتقان،
ئىگىز بوي يىگىتكە قاراپ تىكىلەر.

— بىزنىمۇ تىزدىلاڭ كۆپنىڭ قاتارى،—
ئاڭلاندى ئارىدىن نازۇك بىر ئاۋاز،—
تازىلاپ ۋەتەننى قاغا — قوزغۇندىن،
لاچىندەك سامادا قىلايلى پەرۋاز.

"يالىت» قىلىپ قارىدى ئىگىز بوي يىگىت،
بۇرۇلۇپ بۇ ئاۋاز چىققان تەرەپكە.
تۇراتتى يېنىدا بىر نەچچە قىزلار،
قاتناشماق بولۇشۇپ پىدايى سەپكە.

ھەيرانلىق ئىلكىدە تىكىلدى يىگىت،
قىزلارنىڭ چىرايلىق، نازۇك بەستىگە.
ئويلىدى ئىچىدە "بۇ قىزلار قانداق—
قاتنىشار ئىس — تۈتەك قاپلىغان جەڭگە؟...»

—سىڭىللار، — دىدى ئۇ سەل-پەل ھىجىيىپ،—
ئويلانماي كەپسىلەر تىزدىلىتىشقا.
جەڭ دىگەن ئۇ، قۇنچاق ئويۇنى ئەمەس،
قورقۇمسىز ئەر كىرەك بۇنداق ئۇرۇشقا.

— ياق! خاتا چۈشىنىپ قالدىڭىز ئاكا، —
سۆزلىدى بىر قىزچاق تەمكىنلىك بىلەن، —
قىز — يىگىت ئايرىشنىڭ پەيتى ئەمەس بۇ،
پىدايى بولۇشقا ھەقلىق ھەممەيلەن.

گەرچە قىز بولساقمۇ تۇغۇلغاندىلا،
" كەل قوزام» دەپ ئاچقان ئانا يەر قويۇن.
ئەرلەرگە ئوخشاشلا پەپلەپ باققان،
"قىز كەن» دەپ ھەرگىزمۇ تولغىماي بويۇن.

" ئىڭگە » دەپ جاھانغا كۆز ئاچقاندىلا،
تۆكۈلگەن تۇپراققا كىندىك قېنىمىز.
ئانا يەر ھىدىنى پۇراپ چوڭ بولدۇق.
شۇڭلاشقا تۇتاشتۇر ئاڭا تېنىمىز.

ئۇ بىزنى كۆتەردى، مۇكچەيمىدى ھىچ،
بىز ئۇچۇن خوشاللىق بەخش ئەتتى ھەم.
يايرىدۇق ئازادە قۇچاقلىرىدا،
ئۇ بىزنى قىلغاچقا شۇنچە خاتىرجەم.

ئاھ! بۈگۈن ۋەتەننى باسقاندا زۇلمەت،
بىز چەتتە قانداقچە قاراپ تۇرىمىز؟
ئاتلىنىپ ئۇرۇشقا — ئالدىنقى سەپكە،
دۈشمەننىڭ كۆكسىگە خەنجەر ئۇرىمىز!...

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئىگىز بوي يىگىت،
قەلەمنى تۇتقانچە قاراپلا قالدى.
ئەتراپقا توپلاشقان ھەممە كىشىنى،
ھاياجان ھىسلىرى ئىلكىگە ئالدى.

— رىزۋانگۈل پۈتۈنلەي توغرا ئېيتتىڭ،
ئۇ بىزنىڭ ھەققانى يۈرەك سۆزىمىز.
ۋەتەننىڭ ئەتىسى — كېلىچەك ئۇچۇن،
پىدايى بولۇشقا كەلدۇق ئۆزىمىز.

خەلقىمىز قوزغۇلۇپ ئاتلانسا جەڭگە،
بىز ئۆيدە غەلىبىنى كۈتۈپ ياتامدۇق؟
"ئەركىنلىك كىرەك» دەپ ياڭرىسا " ئۇررا»،
دالدىغا مۆكۈنۈپ ماراپ تۇرامدۇق؟

بىزمۇ بىر ئادەمغۇ مۇشۇ دۇنيادا،
ئەر بىلەن ئوخشاشلا ۋەتەن بالىسى.
ئوغۇلنى ئەتىۋا بىلىپ بالام دەپ،
قىزنى تاشلاپتۇ كىمنىڭ ئانىسى؟

"ئۇرۇشقا ئەر كىرەك، قۇنچاق ئويناڭلار»،
دىسىڭىز بىز ئۇچۇن نومۇس ئەمەسمۇ؟
گۈمنداڭ قانخورنىڭ بۇ ۋەتەن ئۇچۇن—
كەلتۈرگەن خورلىغى بىزگە يەتمەسمۇ؟

تىزدىلاڭ بىزلەرنى پىدا ئەيلىمەقتا،
چاتاق يوق، بارىمىز ئالدىنقى سەپكە.
غەزەپ ۋە نەپرەتتىن ياسالغان ئوقتا،
تاشلايمىز دۈشمەننى مەڭگۈ لەھەتكە.

— بولدۇ، سىڭىللار، رەھمەت سىلەرگە! —
يىگىتنىڭ قولىدا تەۋرىدى قەلەم.
سۆھبەتنىڭ شاھىدى بولۇپ كۆرۈندى،
پىشانە ئۈستىدە مەرۋايىت شەبنەم...

2

رىزۋانگۈل-قوي كۆزلۈك، ئوتتۇرا بويلۇق،
قارا قاش، قاڭشالىق، بۇغداي ئۆڭ ئىدى.
سەپ تۈزۈپ تۇراتتى تال - تال كىرپىكى،
قاپىقى بادامدەك توم ۋە دۆڭ ئىدى.

ئون توققۇز ياشلارغا كىرگەن بۇ قىزچاق،
شۇنچىلىك چىچەن ۋە ئەقىللىق ئىدى.
دوستلىرى ئىچىدە تېتىك تىرىشچان،
قىلىقى چىرايلىق، يېقىملىق ئىدى.

قوشۇنغا كىرىپلا ئۇزۇن ئۆتمەستىن،
ئىگەللەپ ئالدى ئۇ ھەربىي ماھارەت.
پىلىمۇت، بەش ئاتار، گىراناتلارنى،
نىشانغا تەككۈزۈپ ئاتتى كارامەت.

بىر كۈنى كىردى ئۇ شىتاپ باشلىقى -
ئالدىغا يەنىلا تەلەپ قويۇشقا.
— باراي مەن ئالدىنقى سەپكە - فورونتقا،
شۇم قانخور دۈشمەننىڭ كۆزىن ئويۇشقا.

— بۇ تەلەپ-مەقسەتنى ئۇزۇندىن بويان،
قويدىڭىز تەشكىلگە، بۇنى بىلىمەن.
قەلبىڭىز بەش قولدەك ئايان بىزگە، —
سۆزلىدى باشلىق ئۇ تەمكىنلىك بىلەن، —

سىز ھازىر ئارقا سەپ گوسپىتالىدا،
بۇمۇ بىر دۈشمەنگە قارشى ئىستىھكام.
ئۇرۇشتا يارىدار بولغان سەپداشلار،
كېلىدۇ شۇ يەرگە، رىزۋانگۈل ئوكام.

بارمىسا ئەگەردە ئالدىنقى سەپكە،
بولامدۇ دۈشمەنگە قارشى تۇرغانلىق؟
بۇ ئارقا سەپتىمۇ چىڭ تۇرۇپ ئىشلەش،
بولىدۇ دۈشمەنگە خەنجەر ئۇرغانلىق.

— بىلىمەن، ئارقا سەپ ئىشىمۇ موھىم،
ئارقا سەپ ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن يۆلەك.
باشقىچە ئارزۇ يوق مېنىڭدە، باشلىق،
ئالدىنقى سەپكىلا بېرىشتىن بۆلەك.

مەن بېرىپ ئۇرۇشقا - ئالدىنقى سەپكە،
دۈشمەننىڭ كۆكسىگە بىر خەنجەر ئۇراي.
ئەجدادتىن مىراس بوپ قالغان تىغىمنى،
دۈشمەننىڭ قېنىدا راسا سۇغۇراي.

قانداقچە ئۆلەركىن ئەلنىڭ رەقىبى،
مەن ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرەي.
رەقىپلەر قانلىرى ئاقسا دەريادەك،
شاتلىقتىن قاھ - قاھلاپ قانغىچە كۈلەي.

قايسى جاي، ماكاندىن پەيدا بولدى ئۇ؟
باستۇرۇپ كەلگەن شۇ يولىنى كۆرەي.
ۋەتەنداش قېرىنداش، سەپداشلىرىمغا،
ئوق ئۈزگەن شۇم قارا قولىنى كۆرەي.

ۋەتەننى بۇلىغان ئىبلىس ئاياقنىڭ،
چامداشتىن توختىغان ھالىنى كۆرەي.
تىپىرلاپ سەكراتتا يىرتقۇچ ھايۋاندەك،
جان ئۈزگەن چاغدىكى زارىنى كۆرەي!...

سۆزلەيتتى رىزۋانگۈل، غەزەپ ئىلكىدە،
يۈزلىرى ئاناردەك قىزارغان ئىدى.
بۇلاقتەك ئېتىلىپ چىققان ياشلىرى،
چىرايلىق كۆزىدە ئاستا ئەگىدى.

ئۇنىڭ شۇ ھالىتى ئوخشايتتى گويا،
يېرىلىش ئالدىدا تۇرغان بومبىغا.
شۇ ھالدا ئالدىدا بولسا گەردۇشمەن،
يېرىلغان بولاتتى بومبا " گوممىدا ".

— بولدۇ، قوشۇلدۇم! رىزۋانگۇل سىڭلىم،
قەلبىمگە ياز دىڭىز ئۆچمەس خاتىرە.
ئالدىنقى سەپتىكى سەپداشلار ئۈچۈن،
سىز بولۇڭ ياخشى بىر شەپقەت ھەمشىرە.

3

" ئاق لىباس يېپىنغان يانۋار ئايلىرى،
ئاق قاردىن دەل - دەرەخ چېكىسىدە گۈل"
كۆندىلىك يېزىشنى داۋاملاشتۇردى،
يۇقۇرقى تەسۋىردىن باشلاپ رىزۋانگۇل:

" شۇ سوغدا، شۇ قاردا دەرەخ شېخىغا،
قونۇپتۇ بىر جۈپ قۇش ھەممىنى ئۇنتۇپ.
سۆزلىشەر ۋىچىرلاپ ئۆز تىللىرىدا،
گاھىدا بىر - بىرىن قويار نوقۇشۇپ.

ئېھتىمال بۇ قۇشلار ئەشۇ شاختىكى،
ئاق قارنى چېچەككە مىسال ئەتكەندۇر.
ۋە ياكى شۇ ئاق قار سېھرى كۈچ بىلەن،
چېچەكنىڭ ھىدىدەك لەززەت بەرگەندۇر.

مەنمۇ بىر ياش غۇنچە سۆيگۈ - مۇھەببەت،
غۇبارسىز قەلبىمدە تۇرۇپتۇ تولۇپ.
ئەنە شۇ قۇشلاردەك نىگارىم بىلەن -
ئۆتتۇشنى خالايتتىم مەڭگۈ جۈپ بولۇپ.

قول تۇتۇپ يۈرۈشسەك ئەركىن-بەختىيار،
يۇرتۇمنىڭ ئازادە قۇچاقلىرىدا.
ساياھەت قىلساق بىز ئاھۇدەك يايراپ،
ياپ - يېشىل چىمەنزار يايلاقلىرىدا.

چەكلىك ۋە قىسقىكەن ياشلىق مەزگىلى ،
شۇڭا ئۇ ئىنسانغا بەكمۇ قىممەتلىك،
كۆتىدۇ شۇ ياشلىق ھەر بىر كىشىدىن،
ئۆزىگە بولۇشنى سېخى - ھىممەتلىك.

خالىماس قايسى ياش گۈلشەنلەر ئارا،
ھۆپپىدە ئېچىلغان بىر گۈل بولۇشنى؟
خالىماس قايسى ياش گۈلنىڭ شېخىدا،
سايرىغان ۋاپادار بۇلبۇل بولۇشنى؟

بىراق، بۇ كۈنلەردە ۋەھشى ھايۋانلار،
گۈلزارلىق باغلارنى يەنجىپ چەيلىدى.
غەزەلخان خۇش ناۋا بۇلبۇلجانلارنىڭ،
نەۋ باھار پەسلىنى ۋەيران ئەيلىدى.

شۇ سەۋەپ كۆپلىگەن سادىق يۈرەكلەر،
بىمەھەل چەكمەكتە ھىجران ئازاۋى.
باقمايدۇ داۋاملىق كاج پەلەك تەتۈر،
يۈز ئاچار ئاخىرى سۆيگۈ ۋىسالى.

شۇ گۈزەل كۈنلەرنىڭ تەشناسى بولغان،
ئوت يۈرەك، پىداكار قىز - ئوغۇللار بىز.
ۋەتەننىڭ كەلگۈسى، ئەۋلات بەختىچۈن،
كۈرىشىش - قەرزىمىز ھەمدە بۇرچىمىز.

يوقاتساق شۇم نىيەت ئالۋاستىلارنى،
كۆكىرەر قايتىدىن چەيلەنگەن گۈلزار.
جەم قىلىپ قوينىغا پەرزەنتلىرىنى،
شاتلىنار ۋەتىنىم گۈللىگەن دىيار.

ئەنە شۇ چاغلاردا مۇھەببەت گۈلى ،
ئېچىلار كۆزلەرنى قاماشتۇرغىدەك.
ئاڭلىنار باغلاردىن بۇلبۇل ناۋاسى،
پۈتۈن يەر - جاھاننى چاڭ كەلتۈرگىدەك.

گەر نېسىپ بولمىسا ئۇ كۈنلەر بىزگە،
ياتارمىز قەۋرىدە روھىمىز كۈلۈپ.
ئەۋلاتلار چېھرىدە نۇ چېچىپ تۇرغان،
بەختنىڭ يۇلتۇزىن كۆرۈپ سۆيۈنۈپ.

www.uyghurkitap.com



4

ئۆرلىگەن چاغدا كۈن نەيزە بويىدەك،
باشلاندى دەھشەتلىك ئۇرۇش يەنىلا.
ھەرەمباغ غەربىدە تۇرغان جەڭچىلەر،
ئاق قارغا كۆمۈلۈپ باسماقتا ئالغا.

شاھاجى بېغىدا تۇرغان سەپ ئىچرە،
بار ئىدى بىر نەچچە شەپقەت ھەمشىرە.
بۈركۈتتەك كۆزىنى تىكىپ جەڭگاھقا،
تۇراتتى رىزۋانگۈل كۈتۈپ ۋەزىپە.

قوشۇننىڭ ئالدىنقى سېپى دۈشمەننىڭ —
خەتەرلىك ئوت كۈچى تەرەپكە كەتتى.
ئالدىدا سىلجىغان بىر نەچچە جەڭچى،
ئۇلارنىڭ پۇتىيى ئالدىغا يەتتى.

ئورنىدىن چاچراپلا تۇردى رىزۋانگۈل،
سۆزلىدى جاراڭلىق، سەپداشلىرىغا:
— نە ئۈچۈن بۇ يەردە تۇردىمىز قاراپ،
چىقايلى بىزمۇ جەڭ مەيدانلىرىغا...

بۇ سۆزگە بەزىلەر ئۇنىماي قالدى،
چىڭ تۇردى رىزۋانگۈل ئۆز تەكلىۋىدە.
ئاستى-دە سومكىنى، يۈگەردى ئوقتەك،
يالقۇنلاپ ئۆچ — غەزەپ ئۆتلۈق كۆزىدە.

ئەل — ۋەتەن ئىشقىدا يانغان ياش يۈرەك،
تېپەتتى ئەجداتلار روھىنى يادلاپ.
"ئەركىنلىك — ھۆرلۈك" دەپ تومۇردا قېنى،
قايناتتى ئۆزلۈكسىز تىنماي پۇرۇقلاپ.

ئەل — ۋەتەن سۆيگۈسى ئالدىدا ئۆلۈم،
ئۇنىڭغا ئويۇندەك كۆرۈنەر ئىدى.
قەيەردە يىقىلسا بىرەر ياردار،
خەۋپكە قارىماي يۈگىرەر ئىدى.

بارغانچە دەھشەتلىك تۈس ئالدى ئۇرۇش،
ئۇچماقتا ۋىژىلداپ دۈشمەن ئوقلىرى.
يىرتقۇچ هايۋاندەك چىقىراپ تۇرار،
ھەر ياندا مىلتىق ۋە پىلەمۇتلىرى.

"ئۈچ نەپەر جەڭچىگە ئوق تەگدى" دىگەن، —
خەۋەرنى بىردىنلا ئاڭلىغان ھامان؛
ئۇچقاندەك يۈگەردى ئۇلار يېنىغا،
ھەممىنى پۈتۈنلەي ئۇنۇتقان رىزۋان.

— توختاڭ، رىزۋانگۈل!
— توختاڭ، ھەي سىڭلىم! —
تۇۋلىدى سەپداشلار ئارقا — ئارقىدىن.
ئاڭلانماس ھېچ قانداق سۆز قۇلىقىغا،
ۋىژىلداپ ئۇچسىمۇ ئوقلار ئالدىدىن.



”جەڭچىگە ئوق تەگدى!··· ئۇ ماڭا مۇھتاج“
شۇنىلا ئويلايتتى رىزۋانگۈل پەقەت.
شىددەتلىك ئوق ئىچرە ئىلگىرىلەيتتى ئۇ،
قەلبىدە يانغاچقا ئەلگە مۇھەببەت.

ئاجايىپ چەبدەسلىك بىلەن رىزۋانگۈل،
يارىدار جەڭچىنى ئەپچىقتى چەتكە.
ئوق تەككەن جايلارنى تازىلاپ تېڭىپ،
يۆگەردى يەنە بىر جەڭچى تەرەپكە.

ئۆتۈشۈپ تۇراتتى قايچا شەكىلدە،
دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى ئۈچ تەرەپتىن تەڭ.
شىۋىرلاپ ئېيتاتتى ئۆزىگە-ئۆزى:
— ئەي رىزۋان، ئالغا باس، بۇ مۇشكۈلنى يەڭ!···

كۆتۈرۈپ جەڭچىنى قەيسەر رىزۋانگۈل،
ئەپكەلدى بىر چولاق تامنىڭ يېنىغا.
ئادالاپ جەڭچىنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى،
ئاخىرى كەلتۈردى ئۇنى ھوشىغا.

دۈشمەننىڭ ھەيۋىسى سۇنماقتا ئىدى،
ئىلگىرىلەپ باراتتى بىزنىڭ جەڭچىلەر.

ئۇلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا قالدى،
ئەجەلنىڭ ھاڭلىرى، نۇرغۇن خەتەرلەر.

ئىنتايىن خەۋپلىك پەيتتە بىر جەڭچى،
يىقىلدى دۈشمەنگە يېقىنلا جايدا.
قۇتقۇزۇش كېرەكتۇر يارىدارنى تېز،
يۆگەردى رىزۋانگۈل قاراپ ئۇنىڭغا.

سول ياندىن ۋىژىلداپ كەلگەن ياۋ ئوقى،
يېقىتتى رىزۋاننى تېگىپ بېشىغا.
—رىزۋانگۈل! رىزۋانگۈل! - يۆگەردى بىر قىز،
شامالدەك تىزلىكتە ئۇنىڭ قېشىغا.

— رىزۋانگۈل، جان دوستۇم، ئاچقىن كۆزۈڭنى!···
چۇچۇتتى بۇ ئاۋاز ھەممىنى تەڭلا،—
ئاھ ؟ دوستۇم رىزۋانگۈل، ماڭا قارىغىن!
كىشىلەر توپلۇشۇپ كەلدى بىردىنلا.

ئۇنىڭ قوي كۆزلىرى مەڭگۈم يۇمۇلغان،
سەدەپتەك چىشلىرى كەتكەن كىرىشىپ.
پىشانە، ماڭلايغا چۈشكەن قاپ - قارا،
چاچلىرى تۇراتتى شۇنچە يارىشىپ.



يۇمۇلاق يۈزىنى بويلاپ ئاققان قان،
سىرغىيتتى ئاستىلاپ ئانا تۇپراققا.
مۇڭلىنىپسايرايتتى ئىلى دورغىيى،
تەلپۈنۈپ ئالدىدا ياتقان ياپراققا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆزىنى گۇناھكار سەزدىمىكىن تاڭ؟
نەگىدۇر غايىپ بوپ قاچتى ئىس تۇتەك.

ئاپپاق قار ئۇستىگە تۆكۈلگەن قانلار،
چاقناپتى گوياكى كەچكى شەپەقتەك.

**خاتىمە**

ئىلىنىڭ ئالملىق باغلىرى ئارا،
بۇلبۇللار چاقىلداپ قىلدۇ ناۋا.
كۆيلەيدۇ دولقۇنلۇق ئىلى دەرياسى،
كۆي ناۋا مەناسىن تارقىتار سابا:

"بۇگۈنكى بەختىيار، خوشال كۈنلەردە،
ياشايدۇ ئەل بىلەن رىزۋانگۇل ھامان.
غۇبارسىز-پاك قەلبى ھۆرمىتى ئۈچۈن،
بولماقتا ماكانى جەننەتۇل رىزۋان".

1984 – يىل، نويابىر.

# ۋەتەن مۇھەببىتى

(مۇخەممەس)

مەھەممەت روزى

ۋەتىنىم – جۇڭخۇا ئېلىم، شان – شەۋكىتىم تەختىم مېنىڭ،
سەن بىلەن گۈلدەك ئېچىلدى ئارزۇيۇ بەختىم مېنىڭ،
مېھرىبان قوينۇڭدا ئۆستۈم، يايرىدى قەلبىم مېنىڭ،
سەن ئۈچۈن ئۆمرۈم تەسەددۇق، بارلىغىم تەقدىم مېنىڭ،
بۇ ساڭا ۋىجدان بىلەن بەرگەن قەسەم-ئەھدىم مېنىڭ.

ۋەتىنىم يوقتۇر ماڭا شاتلىق – غۇرۇر سەندىن بۆلەك،
ئەشۇ شاتلىق ۋە غۇرۇرۇمغا پەقەت سەنلا يۆلەك،
سەن بىلەن كۈچ – قۇدرىتىم، ئەقلىم تولۇق ئاشتى چېچەك،
ساڭىلا تالىق پەقەت قەلبىمدىكى غايە – تىلەك،
سەن ئۈچۈن دەيمەن شۇڭا تۆككەن تېرىم – ئەجرىم مېنىڭ.

كۆزلىرىمگە تۇتىيا زەر تۇپرىغىڭ مۇنبەت سېنىڭ،
سۇلىرىڭ ئابىھايات، شىرىن ـ شىكەر، شەربەت سېنىڭ،
تاشلىرىڭ ياقۇت ـ گۆھەر، ئالتۇنلىرىڭ ھەيۋەت سېنىڭ،
چۆللىرىڭمۇ مەن ئۈچۈن باغۇ ـ ئىرەم، جەننەت سېنىڭ،
بىلمەنكى، سەن بىلەن ئالەمچىدۇر قەدرىم مېنىڭ.

تۆتلىشىشىنىڭ يولىدا ماڭدىڭ بۈگۈن ئوقتەك ئۇچۇپ،
بارچە جەڭگاھ سەپلىرىڭدە قىپ ـ قىزىل تۇغ ئويىنۇتۇپ،
قۇدرىتىڭدىن تاغۇ ـ دەريا بەردى يولنى بوشۇتۇپ،
يىپ ـ يېڭى تارىخ ياراتتىڭ شان بىلەن غەلىبە قۇچۇپ،
خوشلۇغۇم ۋە شەرىپىم: شۇ جەڭدە بار قەترىم مېنىڭ...

ئانىجان جۇڭخۇا ئېلىم، ۋايىڭغا يەت، گۈللە يەنە،
ئەڭ گۈزەل غايەڭ ئۈچۈن بۈركۈت كەبى ئۆرلە يەنە،
بار يەنە ئالدىڭدا نى ـ نى مۇشكۇلات ـ پەللە يەنە،
تۇردى زور شىر ئورنىدىن دەس، قۇچقۇسى غەلىبە يەنە،
ساڭا كەڭ ئىمكانىيەت بەردى ئۇلۇغ دەۋرىم مېنىڭ.

# ئىككى شېئىر

(ھەجۋى)

ئابلەت ئىسمايىل

## مۇھەررىرگە خەت

نامە يازدىم سىزگە مۇھەررىر ئاكا،
ھەم ئەۋەردىم كۆپ قېتىم شېئىر، ئاكا.
ۋە لېكىن بەرمىدىڭىز ھىچ ئېتىۋار،
كاجمۇ يا بىزگە پەلەك ـ تەقدىر، ئاكا.
„ناتونۇش بولغاچقا شۇنداق قىلدى،‟ دەپ،
ئۆز سۆزۈمگە بېرىمەن تەبىر، ئاكا.
مەنمۇ ئادەتتىكى شائىر ئەمەس،
بۇ گېپىمدە شۇبھە يوق ھىچبىر، ئاكا.
تولا ئۈستۈن شېئىرىيەت ماھارىتىم،
يازىمەن بىردەمدىلا „شىر ـ شىر‟، ئاكا.
بىلسىڭىز ئاسان ئەمەس شېئىر يېزىش،
ئاڭا لازىم كۆپ ئەقىل تەدبىر، ئاكا.
تىزىلار مىسرالىرىم ئۈنچە بولۇپ،
ئاغزىمە ئىش قىلسىلا تەسىر، ئاكا.
سۆز دىگەننى تاپىمەن باش قاتۇرۇپ،
جىق كىتابنى ئاقتۇرۇپ بىر ـ بىر، ئاكا.
چىقىدۇ مەزمۇن دىگەن ئۆز ـ ئۆزىدىن،
ياخشى بولسا قاپىيە، تەسۋىر، ئاكا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دورىمايمەن تۇتى قۇشتەك ئۆزگىنى،
مەندە بار ئۆزگىچە ھىكمەت-سىر، ئاكا.
ئىشىنىڭ پات ئارىدا تونۇلغۇسى،
خەلقى — ئالەم ئالدىدا پىقىر، ئاكا.
سىزگىمۇ بولسۇن ئايان كەمتەرلىكىم،
ماڭا چوڭ دۈشمەن ھامان كىبىر، ئاكا.
باشقىلارغا قارىغان ئۇنىڭ كۆز بىلەن،
بىزگىمۇ قاراپ قويۇڭ سىز بىر، ئاكا.
شۇندا سىزگە رەھمىتىم كۆپتۇر مىنىڭ،
بولمىسا تەھرىرگە بار پىكىر، ئاكا.

## بەگگىنىڭ چۈشى

ئىلگىرى بىر ھورۇن بەگگە بار ئىكەن،
تەييارنى جۈندەشكىلا خۇشتار ئىكەن.
مېھنەتنى كۆرمەيدىكەن ئەسلا راۋا،
قىلىدىكەن كۆڭلىدە «مەنسەپ» تاما.
بارى- يوقى بار ئىكەن بىر كەپىسى،
لىڭشىيدىكەن كەلسە شامال شەپىسى.
بىر كۈنى بەگگە نەشە تارتىۋېتىپ،
ئۇخلاپ قاپتۇ ئۆگزىدە ئۇڭدا يېتىپ.
ئۇيقۇ ئىچرە شىرىن بىر چۈش كۆرۈپتۇ،
چۈشىدە بەكمۇ قىزىق ئىش كۆرۈپتۇ.
ئۆزى قالتىس كاتتا ئامبال بوپتۇدەك،
چۆرىسىدە نەچچە غالچا يۈرگىدەك.
بەگگە ئەمدى نىمىش قىلسۇن كەپىدە،
ئولتۇرارمىش سەلتەنەتلىك مەپىدە.
ئۇ سىپاسىپ غالچىلىرىنى كەينىگە،
كېتىۋاتسا يۇرت ئارىلاپ «سەيلى» گە،
ئالدىدا گۈزەل بىر باغ كۆرۈنۈپتۇ،
ئامبالنىڭ كۆڭلى تولا سۆيۈنۈپتۇ.
ھايال ئۆتمەي شۇ مەنزىلگە يېتىپتۇ،
غادايغىنىچە باققا كىرىپ كېتىپتۇ.
ئەيىۋەھەنناس، باغ گويا جەننەت ئىمىش،
پىشىپ كەتكەن ياڭزا- ياڭزا يەل- يېمىش.
باغ ئارىلاپ ئابى زەمزەم ئاقاركەن،
باغ نىمىتى تەنگە شۇنداق ياقاركەن.
ئويلاپتۇ ئۇ: «باغمۇ بولسا ئىلكىمدە،
شان- شۆھرىتىم تاراپ يەتتە ئىقلىمگە،
خىزمىتىمگە بولسا تەييار قىرى- ياش،
ھەممە كېلىپ ئايىغىمغا قويسا باش.
بولسام شانۇ- شەۋكەتلىك بىر شاھ- سۇلتان،
دەۋران سۈرسەم، يايراپ كەتسە بۇنداجان...»
شىرىن خىيال مەسلىكىدە كۈلۈپتۇ،
باغۋەننى ھەم باغدىن قوغلاپ سۈرۈپتۇ:
«باغ مىنىڭ، ھەي تېگى پەس ئىپلاس قېرى،
چىق، كۆزۈمدىن شۇ مەھەل يوقال نېرى!»
تارتىۋاپتۇ باغنى ئۇ زورلۇق بىلەن،
كېتىپتۇ بوۋاي ئەلەم خورلۇق بىلەن.
زوراۋانلار باغدا سەيلان ئېتىپتۇ،
مېۋىلەرنى يەپتۇ، بۇزۇپ چېچىپتۇ.
باركەن باغدا بىر تۈپ ئالما دەرىخى،
مېۋىسى — ئالتۇن، كۈمۈش-ياپراق-شېخى.
قىزىرىپتۇ يەنە «ئامبال»نىڭ كۆزى،
باغدا قالماق بوپتۇ يالغۇز بىر ئۆزى.
غالچىلارغا دەپتۇ: «ماڭ، ھەممىڭ چىقىش!
ماڭا خاستۇر بۇ گۈزەل كەرەم بېھىش»
باغدا تەنھا قاپتۇ ئۇ شۇنداق قىلىپ،
چىقىپتۇ دەرەخ ئۈستىگە ئېسىلىپ.
ئۆزگىلى باشلاپتۇ ھەدەپ مېۋىنى،
تۈگەتمەكچى بوپتۇ قويماي ھەممىنى.
تولۇپتۇ قوينى، تويۇپتۇ ھەم ئۆزى،
ۋە لېكىن تويمىپتۇدەك زىنھار كۆزى.
ئۈزۈلۈپتۇ مېۋىلەر پىششىقۇ- تۈك،
تۆكۈلۈپتۇ يەرگىمۇ ئۇششاقۇ — چوڭ.

قاپتۇ بىر تال ئالما شاخىنىڭ ئۇچىدا،
ئىنتىلىپتۇ ئاڭا ئۇ بار كۈچىدا.
شۇ ئەسنادا دەسسىگەن شاخ قايرىلىپ،
ئامىلەمنىڭ بېشى قېيىپ-ئايلىنىپ.
يەرگە تىك موللاق چۈشۈپتۇ "كۈپ» قىلىپ،
چىقىراپتۇ ئاھ ئۇرۇپ ۋاي دات سېلىپ.

تۇرالماپتۇ ئۇ يىقىلغان ئورنىدىن،
لەختە-لەختە قان ئېقىپتۇ بۇرنىدىن...
بەڭگە چۈچۈپ ئويغىنىپتۇ ئۇيقۇدىن،
ئەسلى موللاق ئاتقان ئىكەن ئۈگزىدىن.
"بەڭگىنىڭ خىيالى-سۇنىڭ كۆپىكى»-
دىگەن گەپ قاپتىكەن بىزگە شۇ چېغى.

# مەن ناخشىغا ئامراق ئەزەلدىن

ئىسرائىل ھوشۇر

مەن ناخشىغا ئامراق ئەزەلدىن،
ناخشا خۇمار ئويغۇر بالىسى.
ناخشا ئىبتىسام يۈرەك قېتىمدىن،
ئاڭا تەڭكەش قەلبىم تارىسى.

مەن ناخشىغا ئامراق ئەزەلدىن،
ناخشا بىلەن يايراپ كۈلىمەن.
يۈرەكتىكى ھەممە باردىمنى،
ناخشام بىلەن بايان قىلىمەن.

مەن ناخشىغا ئامراق ئەزەلدىن،
ناخشام ماڭا بىرەر كۈچ - قۇۋۋەت.
شۇ ناخشىدا بولۇر نامايان،
ئەلگە بولغان قايناق مۇھەببەت.

مەن ناخشىغا ئامراق ئەزەلدىن،
ناخشا بىلەن كۈلەر يۈرۈكۈم.
ناخشىلاردا چاقنار يۇلتۇزدەك،
ئۈچمەس ئوتلۇق ئارزۇ-تىلىكىم.

مەن ناخشىغا ئامراق ئەزەلدىن.
ناخشا ئىچرە تۇغۇلۇپ ئۆستۈم.
ئايرىلمايمەن ناخشىدىن پەقەت،
ناخشا-مېنىڭ بىر ئۆمۈردوستۇم.

مەن ناخشىغا ئامراق ئەزەلدىن،
ناخشا بىلەن ياشنايدۇ بەختىم.
مەن ئوقىغان ئەشۇ ناخشىنىڭ،
ئىجادچىسى ئانىجان خەلقىم.

# شېئىرلار

ئەركىن ئەبەيدۇللا

## قاپاق

ئۈگىنىپ ئولتۇرسام دېدىڭ: قاپاق باش،
ياشىنى بىلمەيسەن، كاللاڭ ئىشلىمەس.
كۈنۈ - تۈن كىتاپتىن كۆتەرمەيسەن باش،
شۆھرىتىڭ، پۇلۇڭ ... بار، قايسى ئىشىڭ تەس؟

جاۋابىم: قاپاقتەك بولسام مەيلىدى،
قاپاقنىڭ رولىمۇ بارغۇ ئىنسانغا.
سوغۇقسۇ ساقلاشقا ئىشلەپ قالارمەن،
شۈكلاشقا دېمەيمەن: «ئىسسىت بۇ جانغا!»

## كەچۈرگىن، رەنا

ساڭا قاراپ مەن كۈلسەم زوقلۇنۇپ،
«كۈلمە» دېدىڭ يار، ئاغزىمنى تۇتۇپ.
تۇرۇپ قالدىمەن، پەخىلدىغانچە،
كەلگەن كۈلكىنى ئىچىمگە يۇتۇپ.

ھېلىغۇ ئاغزىم توسۇپ ئالدىڭسەن،
قويۇپ بېرىشىڭ بەربىر (ئېنىق).
ھەتتا يۈرۈگۈم يۇلۇپ ئېلىپ كۆر،
توختىماس كۈلكەم، بۇ، شۇنداق قىلىق:

كەچۈرگىن رەنا، كۈلدۈردى دەۋران،
كۈلدۈم (بۇ دېگەن كۆڭۈل خوشلۇغى)،
كۆڭلۈڭگە كۈلكەم سىغمىسا بوپتۇ...
كەڭرى ئىسكەنغۇ ئالەم بوشلۇغى!

## قارىداپلا قالمىسا كۆڭلۈڭ

كۈندە بىر كېلىپ كۆرۈشەر ئىدىڭ،
بۈگۈن نىمىشقا كەلمىدىڭ يارىم.
يولۇڭغا قاراپ تالدى كۆزلىرىم،
چىدىمايدىكەن چۈنكى بۇ جانىم.

«بۈگۈن سەھەردە كەلمەكچى ئىدىم،
بىر ئىش بىلەن مەن كەلمىدىم بىلسەڭ:
ئاپپاق كىيىمىم بوپ كەتتى قارا،
نىمە قىلارمەن مازاق قىپ كۈلسەڭ؟»

ماڭا جانانىم، كىيىمىڭ ئەمەس،
پاك ھەم سەممى يۈرۈگۈڭ لازىم.
قارىداپلا گەر قالمىسا كۆڭلۈڭ،
تاكى ئۆلگىچە ئىشتىمەن تازىم.

## قەلەندەر

قەلەندەرسەن دەپ تىللىساڭ مەيلى،
قەلەندەرمەن راست، بىلىمگە بۈگۈن.
"خۇرجۇن"كۆتۈرۈپ، ئىشىك-ئىشىك تەلمۈرۈپ،
بايمۇ بولارمەن ئەتە يا ئۆگۈن.

بىر كۈنلەر بولۇپ، خورجۇنۇم تولۇپ،
بولارمەن چوقۇم خېلى يوغان باي.
"قەلەندەر» دېگەن ئاغزىڭدىن شۇ چاغ،
ئېسىڭدە يوقلا چىققۇسى "ئاي -هاي!..."

## يېڭى يار

كۆرگەنچە يارىمنى كېلىدۇ كۆرگۈم،
هەر كۆرسەم مېھرىگە قانمايمەن پەقەت.
چىن رىشتىم شۇنىڭغا باغلانغان ئۈچۈن،
سۆيىمەن، ۋەدەمدىن يانمايمەن ئەبەت.

يېنىمدىن ئۇنى هېچ ئايرىغىنىم يوق،
باغچىدا، سەيلىدە... يېنىمدا بار ئۇ.
ماڭا كۆپ پەم - ئەقىل ئۆگىتىپ تۇرسا،
ۋاپالىق دوستىنى تاشلىغان بارمۇ؟

ئۆيۈمدە بىللە ئۇ - كارۋات ئۈستىدە،
ئىشخانا ئىچىدە يەنە قېشىمدا.
كېچىچە هەم ئۇنى چۈشەيمەن تېخى،
هەتتاكى ياستۇقتا - تۇرار بېشىمدا.

سىرىنى ئېيتار ئۇ كېچە - كېچىلەپ،
چىراقنى ئۆچۈرمەي ئېتىپ قالار تاڭ.
هەر سۆزىنى ئاڭلىسام، يۈرۈگۈمگە ئۇ-
بېغىشلاپ شىجائەت، سالار يېڭى ئاڭ.

هەيرانلىق ئىلكىدە قارىماڭ ماڭا،
ئۇ تېخى يېڭىدىن تۇتقان ئاشىقىم.
بىر چاغلار... بىلەمسىز، (بەڭۋاش چاغلىرىم)
ئۇنىڭسىز خار ئۆتكەن ئېزىز ياشلىقىم.

مەن تۇتقان شۇ يارنىڭ تېنى قەغەزدىن،
(هە، مېنىڭ دېگىنىم شۇنداق يار ئىدى).
ئەڭ ئېسىل، ۋىجدانلىق دوستۇر ئۇ ماڭا،
كىتاپنى يار تۇتسا، كىملەر خار ئىدى؟

## دەپ قالماڭ

بېشىمنى ئەمدىلا ياستۇققا قويسام،
ئىلھامنىڭ پەرىسى تۇتتى قولۇمنى.
ماڭاي دەپ تۇرغاندا ئۇنىڭ كەينىدىن،
ئۇيقىنىڭ لەشكىرى توستى يولۇمنى.

ئېلىشىپ بىر قەپەز كۆتۈرۈپ بېشىم،
ئۇ تۇتقان شاراپنى سۈمۈردۈم تىزلا.

يېپىرلاپ دېدى ئۇ قۇلاقلىرىمغا،
ماڭىسىزمەن بىلەن مۇھىم بىرگەپ با:

قوياشتىن نۇر ئېمىپ كۆكلەيدۇ يىلتىز،
سۇ، هاۋا، يەم بىلەن باشايدۇ يىلپىز.
ئىنسانىنى ئىنسان قىلىپ تۇرغىنى ۋىجدان،
ياشالماس بىرەر كۈن ئادەم ئۇنىڭسىز.

دەپ قالماق: بەزىلەر بارغۇ دۇنيادا؟
ۋىجدانسىز خەلقى ۋاخ ياشاۋېرىدۇ.
بىراق بىز ئۇلارنى دىمەيمىز ئادەم،
(تەبىئەت ئىشەك قىپ ياساۋېرىدۇ!)

## بوۋامنىڭ ناخشىسى

باققا كىرسەم ئىشلەيتتى بوۋام،
"يارى ـ يار" دەپ ناخشىسىن ئېيتىپ.
دەيتتى تېخى: "كەلمىدىڭ يارىم،
يۈرۈكۈمنى بىللە ئەپ كىتىپ..."

— بوۋا، ـ دىدىم ئەركىلەپ ئاكا، —
قېرىغاندا نىمە "يار" دىگەن.
ئارام ئالماي ئىشلەپ كىتىپسەن،
سەپ قويايىۇ ساڭا يا يۈگەن!؟

دىدى: "بالام، ئىشىڭنى قىلسەن،
بۈگۈن تولا ـ شاتلىقىم مېنىڭ.
كۆلگە ئوخشاش كۆلگەندە بەختىم،
كەلمەمدىكەن تاتلىقىم مېنىڭ؟!..."

## تاڭدىكى ئاق لىباس

گۈل چىمەن نىياز (ئوقۇغۇچى)

تاڭ سەھەردە يۇرتۇمدا قار لەپىلدەپ ياققاندا،
مامۇق كەبى ئاپپاق قار يەر يۈزىنى ياپقاندا.
پەيدا بولدى قامەتلىك ئاق باش بوۋاي ئالدىمدا،
مەن ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ تالا ـ تۈزگە چىققاندا.

دىدىم: "بوۋا ـ قانداقچە مېھمان بولۇپ كەلدىڭىز،
قىشنىڭ سوغۇق بورىنى ئۇچۇپ تۇرسا ھەر ياندا؟"
دىدى بوۋاي چېھرىدىن خۇش تەبەسسۇم ياغدۇرۇپ:
"ئېلىپ كەلدىم ئاق لىباس سوۋغا ئۇچۇن، توڭغاندا..."

نەزەر سالسام ئەتراپقا زوق ـ ھاياجان ئىلكىدە،
كۈمۈش نۇرلار چاقنىدى ئاق لىباسىنىڭ ھۆسنىدىن.
بولدۇم گويا كۆرگەندەك ئەلگە پۈتمەس بەرىكەت،
ئاشۇ ئاق چاچ بوۋاينىڭ بۈيۈك قامەت ـ بەستىدىن.

قەدىرلەيمەن يۈرەكتىن ئاشۇ سېخى بوۋاينى،
ھوسۇل ئوخشار ئۇ بىلەن ئېتىز، باغدا ھەم تاغدا.
دىللار ئېلىپ يايرىغاي، گۈللەر كۆكلەپ ياشنىغاي،
يەنە كۆلگەي بەختىمىز روناق تاپقان بۇ تاڭدا.

# پەرھات - شىرىن

ئۆمەر باقى يەركەندى

## نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

باتۇرلۇق، بىلىمى چوڭقۇرلۇق، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئەمگەكنى سۆيۈش، مۇشەققەتتىن قورقماسلىق، مۇھەببەتكە سادىق بولۇشتەك تولىمۇ ياخشى خىسلەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن چىن شاھزادىسى پەرھات بىلەن، گۈزەل، ۋاپادار، مەرىپەتپەرۋەر، ساداقەتلىك ئەرمەن مەلىكىسى شىرىن توغرىسىدىكى داستان 15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر ناۋايى تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلىپ چىققاندىن كېيىنلا پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالدى ۋە ئالاھىدە شۆھرەت قازاندى. بۇ داستاندا ساپ مۇھەببەتكە يۈكسەك دەرىجىدە مەدھىيە ئوقۇلغاندىن سىرت، ئادالەتنىڭ زۇلۇم ئۈستىدىن، پاكلىقنىڭ رەزىللىك ئۈستىدىن، ساپ مۇھەببەتنىڭ پەسكەش ئارزۇ ئۈستىدىن، ھەققانىيەتنىڭ ناھەقچىلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغانلىقى ئوبرازلىق يوسۇندا ئاجايىپ گۈزەل ئىبارىلەر ۋە مۇكەممەل دەلىللەر بىلەن شەرھىلەنگەن، ياۋۇزلۇق، رەزىللىك، سۇيىقەست، ھىيلە-مىكىرلەرگە نەپرەت ئوقۇلغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ چوڭ ھەجىمدىكى داستان يېزىلغىنىغا 500 يىلچە ۋاقىت بولغىنىغا قارىماي تارىخنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ ۋە سۆيۈپ ئوقۇلۇپ كەلمەكتە.

ۋاپادار ئاشىق - مەشۇقلاردىن بولغان پەرھات ۋە شىرىن قىسسىسى مىلادى 7 - ئەسىردىن بۇرۇنلا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پۈتكۈل شەرق خەلقى ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ چۆچەك ۋە رىۋايەت تەرىقىسىدە ئەسىرلەر بويى ئېقىپ يۈرگەن. دەستلەپ بۇ داستان 7- ئەسىردە ئۆتكەن ئىران پادىشاسى خىسراۋنىڭ نامى بىلەن باغلىنىپ «خىسراۋ- شىرىن» نامى بىلەن تارقالغان بولۇپ، «خىسراۋ-

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

شىرىن » داستانىنى ئەڭ ئەۋۋەل 10 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئىران شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى يازما ئەدەبىيات ھالىتىگە كەلتۈرگەن. 12 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ئازاربەيجاننىڭ ئۇلۇغ شائىرى نىزامى گەنجەۋى فارسچە تىلدا يەنە شۇ نامدىكى داستاننى يېزىپ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ «خەمسە» سىگە كىرگۈزگەن. ئەمما ئۇ ئىككەيلەننىڭ داستانىدىكى ئاساسى قەھرىمان خىسراۋ بولۇپ، فىردەۋسى پەرھات ئوبرازىنى تىلغا ئالمىغان، نىزامى پەرھاتنى چىنغا بېرىپ ئوقۇپ كەلگەن بىلىملىك يىگىت دەپلا تەسۋىرلىگەن. نىزامىنىڭ داستانى بەك شۆھرەت تېپىپ كەتكەنلىكتىن ئۇنىڭغا تەقلىت قىلىپ داستان يازغۇچىلار كۆپلەپ مەيدانغا چىقىشقا باشلىغان، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى خىسراۋنى ئىجابى ئوبراز قىلىپ تەسۋىرلىگەن. 13ـئەسىردە شەيخ سەئدى ئۆزىنىڭ شېئىرى كىتاۋى «بوستان» دىمۇ «خىسراۋنىڭ ئوغلىغا قىلغان نەسىھىتى » دىگەن بىر ماۋزۇنى قىستۇرۇپ خىلىلا ئىلغار پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

14 ـ ئەسىردە ئەمىر خىسراۋ دىھلەۋى نىزامىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ خېلى چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئەمما ناۋايى ئۆزىدىن بۇرۇنقى شائىرلارنىڭ تەجرىبەلىرىنى ئوبدان يەكۈنلەپ، بۇ داستاننى يېڭى ۋەقەلىك، يېڭى پىكىر، يېڭى تەسۋىرلەر بىلەن يېزىپ چىقىپ، ئۇنى يېڭى بەدىئى يۈكسەكلىككە كۆتەرگەن، پەرھاتنى باش قەھرىمان، خىسراۋنى سەلبى ئوبراز قىلىپ تەسۋىرلىگەن ۋە داستانغا « پەرھات ـ شىرىن » دەپ يېڭى نام قويغان. ناۋايى بۇ داستاننى فىردەۋسى ۋە نىزامىلارنىڭكى ئاساسىدا يېڭىدىن يازغانلىقىنى ئىپادىلەپ شۇنداق دەيدۇ:

ئىمەس ئاسان بۇ مەيدان ئىچرە تۇرماق،

نىزامى پەنجەسىغە پەنجە ئۇرماق.

.................................

دىيالمەسمەنكى خىسراۋ يا نىزامى،

ۋە يا نەزم ئەھلىنىڭ سەرخىلى جامى.

نىچۈككىم چىكتىلەر سۆز خەنجەرىنى،

سەراسەر ئالدىلەر سۆز كىشۋەرىنى.

ئەلەر ئوتروسىدە مېن ھەم چېكىپ تىغ،

چىكەرگە سوز سىنانىن قىلغەمەن بىغ.

ئەلىشىر ناۋايىدىن كېيىن يەنە نۇرغۇن شائىرلار«پەرھات ـ شىرىن» داستانىنى يېزىشتى، لېكىن ھېچقايسىسى ئۇنى ناۋايى كۆتەرگەن يۈكسەكلىككە كۆتىرەلمىدى.شۇنىڭ ئۈچۈن ناۋايىنىڭ بۇ داستانى ئۆزىنىڭ قەدرى قىممىتىنى يوقاتمىدىلا ئەمەس، بەلكى داۋاملىق تۇردە قەدرى ـ قىممىتى ئېشىۋەردى ۋە بارغانسېرى ئۇلۇغلاندى. ناۋايىدىن توپ توغرا 300 يىل كېيىن بۇ داستاننىڭ ئۆمەر باقى تەرىپىدىن نەسرى شەكىلگە ئۆزگەرتىلىشىمۇ ئۇنىڭ خەلق ئىچىدە نەقەدەر ئېتىۋارلاشقا ئېرىشكەنلىكىنىڭ بىر دەلىلىدۇر.

ئۆمەر باقىنىڭ تۇغۇلغان، ئۆلگەن ۋاقىتلىرى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا تېخى تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. ئەمما ئۇنىڭ 1750 ـ يىللىرى ئۆپچۆرىسىدە تۇغۇلغانلىقىنى قىياس قىلىش مۇمكىن. ئۇ يەكەنلىك بولۇپ، 1792 ـ يىلى يەكەن ھۆكۇمرانى ئىۋەز بەگ نامىغا ناۋايىنىڭ «پەرھات ـ شىرىن» ۋە «لەيلى ـ مەجنۇن» دىن ئىبارەت ئىككى داستانىنى نەسرى، نەزم ئۇسلۇبىدا يېزىپ چىققان.

ئۆمەر باقى ئۆزى ئىشلىگەن بۇ نەسرى ئەسەردە ناۋايىنىڭ داستانىدىكى ۋەقەلىكنىڭ مۇھىم تەرەپلىرىنى مۇمكىن قەدەر تولۇق ئىپادىلەش بىلەن بىللە ناۋايىنىڭ تىلىدىكى گۈزەللىك پاساھەت ۋە جانلىق ئوخشۇتۇشلىرىنىمۇ مۇمكىن قەدەر ئەينى ئىپادىلەشكە تىرىشقان. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەسەرنىڭ سۆزى راۋان، ۋەقەلىكنىڭ باشلىنىشى ئېنىق بولۇشىغىچە خېلى تىرىشچانلىق كۆرسۇتۇپ مەقسەتكە يەتكەن، يەنە ۋەقەلىكنىڭ جەريانىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان جايغا ئىككى پارچە غەزەلنى ئۆزى يېزىپ قىستۇرغان. نەتىجىدە بۇ داستان ئىخچام، مەزمۇنلۇق، تەسىرلىك، سۆزى راۋان، تىلى گۈزەل بىر نەسرى ئەسەرگە ئايلانغان. بىز بۇنى ئۆمەر باقى يەركەندىنىڭ 1792 ـ يىلى ئىشلىگەن ئەسەرىنىڭ يەركەندە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ئاساسىدا نەشرگە تەييارلىدۇق.

سۇزۇك، نېمىتۇللا ئەبەيدۇللا

## سۆز گۈلۇستانىنىڭ بۇلبۇللىرى ۋە تۇتىلار شەكەرىستانىنىڭ سۇخەنچىلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، كەمىنە ئىستىدادىسىز ئۆمەر باقى، «پەرھات ـ شىرىن» داستانىنى نەسرى ئۇسۇل بىلەن ئۇشبۇ تەرىقىدە بايان قىلدىم

رىۋايەتچىلەرنىڭ رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، قەدىمقى زاماندا چىن مەملىكىتىدە، خاقانى چىن ئىسىملىك بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. بۇ پادىشانىڭ شان ـ شەۋكىتى تەڭداشسىز بولۇپ، دۇنيا ـ دەپىنە، خەزىنىلىرى ھارۇندۇنمۇ كۆپ ئىكەن، لەشكەرلىرىنىڭ سانى باياۋان قۇملىرىدىنمۇ كۆپ ئىكەن. ئۇنىڭغا تەۋە جايلار شۇنچىلىك كەڭرى ئىكەنكى، ئۇنىڭ ئىتائىتىدىكى ھەر بىر شەھەر ـ دىن بىردىن تېرىق ئالسا بىر توغرا① تولىدىكەن. ئۇنىڭ دۆلىتى ۋە ھەشەمىتى شۇنچىلىك كاتتا بولسىمۇ، بىرمۇ پەرزەنتى يوق ئىكەن. شۇ سەۋەپتىن، ئۇ پادىشا دائىم " كاشكى مەندە بىر ئوغۇل پەرزەنت بولغان بولسا، مەن ئۆلگەندىن كېيىن تەختىمدە ئولتۇرسا، مېنىڭ ئىزىم ئۆچمىگەن بولاتتى " دەپ ئارزۇ قىلىدىكەن ۋە خۇداغا يالۋۇرۇپ پەرزەنت تەلەپ قىلىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە خاقانىنىڭ ئايالى ھامىلدار بولدى. بۇنىڭدىن شاتلانغان خاقان تاكى پەرزەنت تۇغۇلغىچە نەزرە ـ نىياز ۋە خەيرى ـ ئېھسان بىلەن مەشغۇللاندى. ئاي كۈنى توشقاندا مەلىكە بىر ئوغۇل پەرزەنت تۇغدى. خاقان ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خوشاللىققا چۆمدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بارلىق ئەمەلدار ۋە پۇخرالار مۇبارەكلەشتى. بۇ بالا ئىنتايىن چى ـ

① توغرا ـ ئاتقا بوغۇز بېرىدىغان، ئات بېشىغا ئېسىپ قويىدىغان كىچىك قاپ.

www.uyghurkitap.com



رايلىق ۋە يېقىملىق بولۇپ، ئۇنىڭ يۈزىدە ئىشقى مۇھەببەتنىڭ نۇرى ئوچۇق-ئاشكارا جىلۋىلىنىپ تۇراتتى، چىرايىدىن پادىشالىق ھەممىتى ۋە ئەيىالى زاھىر بولاتتى. خاقان بۇ ئوغلىغا پەرھات دەپ ئىسىم قويدى. تامامى خالايىق كېلىپ بۇ ئوغۇلنى كۆردى. پەرھات( فـرھـاد ) دىگەن ئىسمىدىكى " ف » فىراقتىن، " ر » رىيازەتتىن، " ھ » ھىجراندىن، "ا» (ئېلىـپ) ئاھدىن،" د « دەرتتىن بىشارەت بىرەتتى بۇ ھەرپلەرنى ئىشىق ئۇستازى تەرتىپ بىلەن يازغان ئىدى.

شاھزادە پەرھات، شاھانە تەربىيەت ئۇسۇلى بىلەن تەربىيىلەندى. ئۇ ئۈچ ياشقا كىرگەندە بۆشۈكتىن ئايرىلدى ۋە تىلى چىقتى. گەرچە ئۈچ ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، بەدىنى خۇددى ئون ياشلىق بالىنىڭ بەدىنىدەك كۈچلۈك ئىدى. خاقان شاھزادىنىڭ بۇنداق ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقانلىغىغا تەئەججۇپلىنەتتى. شاھزادە ئوقۇش يېشىغا يەتكەندىن كېيىن، خاقان ئۇنى ئوقۇش ئۈچۈن بىر ئالىمغا تاپشۇردى ۋە ئۇنى ياخشى تەربىيىلەشنى تەكىتلىدى.

ئالىم شاھزادە پەرھاتنى ئوقۇتۇشقا باشلىدى. ئەمما ئۇ پەرھاتقا ئېلىپبە ئۆگەتكەندە پەرھات " ئېلىپ » ( ا ) دىن ئەلەمنى ،" ب » دىن بالانى تەلىم ئالدى. شۇ يوسۇندا ئۇ بىرنەچچە ۋاقىت ئوقىدى. ئۇنىڭ ئوقۇغان ھەر بىر ساۋىغى كۆڭلىگە خۇددى تاشقا مۆھىر باسقاندەك ئورناپ قېلىۋەردى، شۇڭا تەكرارلاشقا ھاجەت قالمايتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ پات پۇرسەتتە تۈرلۈك ئىلىملەرنىڭ ھەممىسنى ئۆگىنىپ، ئىلىمدە تەڭداشسىز بولدى. ئەمما ئۇ دائىما كۆڭلى پەرىشان يۈرەتتى. ئەگەر ئىشىق-مۇھەببەت توغرىسىدا سۆز چىقىپ قالسا، ئۇ تولىمۇ پەرىشان بولۇپ، چىن كۆڭلىدىن دەرتلىنىك، سوغۇق ئاھ تارتاتتى ۋە بىر نەچچە كۈنگىچە ئەشۇ ھالەتتىن خالى بولمايتتى. چۈنكى، ھەركىمگە قانداق تەقدىر يېزىلغان بولسا ئۇنى كۆرمەي چارە بولماس، ۋە ھەر كىمكى ئىشىق ئاپىتىگە مۇپتىلا بولغان بولسا، ئاڭا پىغاندىن ئۆزگەچارە قالماس.

شۇنداق قىلىپ شاھزادە پەرھات10 ياشقا كىردى. لېكىن كۈچ-قۇۋەت، ئەقىل-پاراسەتتە20 ياشقا كىرگەن كىشىدىن زىيادىراق ئىدى. ئەمما يەنىلا بۇرۇنقىدەك، ئىشق مۇھەببەتتىن بىرەر سۆز ئاڭلىسا مەست ھۇستەغرەق بولۇپ قالاتتى بۇ ئەھۋالدىن ئۇنىڭ ئۇستازى ھەيران بولاتتى. ئاقىۋەت ئۇ ئوقۇيدىغان ئىلىملەرنى تۈگىتىپ، ئىلىمدە ئۇستازىغا يېتىشىپ ئالدى ۋە ھەربى تەلىم ۋە ئۇرۇش ئىلىمنىمۇ مۇكەممەل ئىگەللىدى. ئاتا-ئانىسى ئۆز پەرزەنتىنىڭ بۇ ئىستىداتى ۋە قابىلىيىتىگە تولىمۇ ھەيران ئىدى. ئۇلار ئوغلىغا يامان كۆز تەگمىسۇن دەپ پات-پات بېشىدىن دۇر-جاۋاھىرلارنى چاچاتتى. ھەممە كىشى ئۇنى ھۆرمەتلەپ، ئۇنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇراتتى. ئەمما، ئۇ گەرچە ئىنتايىن ئىززەتلىك بولۇپ ھۆرمەتلىنىپ تۇرسىمۇ، ئۆزىنى ئىنتايىن كەمتەر ۋە شىكەستە تۇتاتتى.

شۇ رەۋىشتە پەرھات ئون تۆت ياشقا كىردى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇھەببەت ئوتى غەلىبە قىلىشقا باشلىدى. خاقان ئوغلىنى بۇنداق پەرىشان ھالدا كۆرۈپ، ئەمىر ۋە ۋەزىرلەرگە ئېيتىپ، ئۇلار بىلەن مەسلىھەت قىلدى ھەم ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، تۆرت چوڭ ئىمارەت ياساش، ھەر ئىمارەتنىڭ روبىروسىدا باغ بىنا قىلىش، ھەر باغنىڭ ئىچىدە قەسىرلەرنى بەرپا قىلدۇرۇپ ئالتۇن كەمەرلىك غۇلاملار ۋە ئاي يۈزلۈك كەنىزەكلەرنى خىزمەتتە قويۇش قارارىغا كېلىشتى. ئۇلار : شۇنداق قىلغىنىمىزدىلا پەرھات بۇ باغ-قەسىرلەردە ئويۇن-كۈلكە ۋە بەزمە-شاراپ

بىلەن مەشغۇل بولۇپ، بېشىدىكى سەۋدا كۆتۈرۈلۈپ كۆڭلى ئېچىلدۇ ۋە بارچىمىزنى خوشال قىلدۇ دەپ ئويلاشتى.

خاقان مەملىكەتنىڭ ھەر تەرىپىدىن ماھىر ھۈنەرۋەنلەرنى يىغدۇرۇپ كېلىپ ياسىماقچى بولغان تۆرت چوڭ قەسىرنىڭ تۈزۈلۈشىنى چۈشەندۈردى ۋە ئىش باشلاشقا بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن قىزغىن دەبدەبىلىك ئىش باشلىنىپ كەتتى. ئىمارەت قۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئۇستىلار ياغاچ ئورنىدا تاشلارنى ئويۇپ ئاجايىپ چىرايلىق نەقىشلەرنى ياسىدى. لاي ئورنىغا گېچماچ ئىشلەتتى. ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئاجايىپ ماھارەتلىرىنىڭ تەئرىپىنى ئاڭلىغان پەرھات ئىش قايىنمى بولغان بۇ مەنزىرىنى كۆرگىلى ئاتلاندى. ئۇ ئىمارەتلەرنىڭ قېشىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى ئاجايىباتلارنى تاماشا قىلغاچ ھۈنەرۋەنلەرنىڭ خىلمۇ-خىل ھۈنەر-سەنئەتلىرىگە تەھسىن ئاپىرىن ئوقىدى. ئۇ ھەر تەرەپكە نەزەر تاشلاپ تاش يونۇغۇچىلارنىڭ قېشىغا كەلدى. قارىسا تاشچىلار قاتتىق تاشنى خۇددى سېرىق ياغنى كەسكەندەك يۇمشاق كېسىدىكەن، بەزىلىرى ناھايىتى ئاسان ئۇسۇل بىلەن تاشقا ھەرخىل گۈللەرنى نەقىش قىلىدىكەن. شاھزادە ھەيرانلىق بىلەن تاماشا قىلىشقا باشلىدى. ھۈنەرۋەنلەر پەرھاتقا تۆرلۈك نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەنگەن بىر تاش تەختىنى قويۇپ بەردى. پەرھات بۇ تەختىگە چىقىپ ئولتۇردى. ئۇ، بۇ تەختىدىكى نەقىشلەرنى تاماشا قىلىپ ھەيرانلىقتا چۆمدى ۋە ئۇستىلارنى قېشىغا چاقىرىپ، ئۇلاردىن بۇنداق قاتتىق تاشنى ئاسانلىق بىلەن يونۇشنىڭ سىرىنى سورىدى.

ئۇستىلارنىڭ ئىچىدە قارەن ئىسىملىك ماھىر ۋە كامىل بىر نەققاش بار ئىدى. ئۇ شاھزادىنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بېرىپ ئالدى بىلەن ئۆز نامى نەسەبىنى بايان قىلدى ۋە: "بۇ ئىشنىڭ سىرى تاش يونۇيدىغان كەكىنى سۇغۇرۇشتا بولۇپ، كەكە ياخشى سۇغۇرۇلغاندا، تاشنى مومدەك كېسىشى مۇمكىن» لىگىنى بايان قىلدى. پەرھات قارەندىن كەكىنى سۇغۇرۇشنى كىم بىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا قارەن:

— بۇ ئىشنى مەندىن ئۆزگە ھېچكىمشى بىلمەيدۇ. كەكىنى مەن سۇغۇرىمەن، تاشنى باشقىلار تاراشلايدۇ، — دەپ جاۋاپ بەردى. شاھزادە:

— كەكە قانداق تەرىقىدە سۇغۇرىلىدۇ، ماڭا ئەيتىپ بەرسەڭ، — دىدى.

— ئى شاھزادەم! بۇ بىر مەخپى ئىشتۇر، مەن بۇ سىرنى ھەرگىز كىشىگە ئاشكارا قىلمايمەن، ئەگەر ئاشكارا قىلسام، ھۈنىرىمنىڭ قەدرى قىممىتى قالمايدۇ، — دەپ جاۋاپ بەردى.

پەرھاتقا ئۇنىڭ سۆزى ماقۇل كەلدى، لېكىن ئۇ ئاتلىنىپ ئوردىغا يانغان بولسىمۇ، پۈتۈن پىكرى خىيالى شۇ ئىشنىڭ جەريانىنى بىلمەكتە بولۇپ قالدى. شۇ كېچىسى ئۇنىڭ ھەرگىز ئۇيقىسى كەلمىدى. ئىككىنچى كۈنى پەرھات يەنە ئىش ئورنىغا كەلدى ۋە تۆمۈرچىلەرگە بۇيرۇپ بىر كەكە سوقتۇرۇپ، قارەننى خىلۋەت بىر جايغا چاقىرىپ كەكىنى سۇغۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. قارەن كەكىنى ئۆز ئۇسۇلى بويىچە سۇغاردى. پەرھات كۆرۈپ ئۆگىنىۋالدى. پەرھات ئۆزى تەبەرۋەكەكلەرنى سۇغۇرۇپ، ئۆزى سۇغارغان كەكە بىلەن تاشنى مومدەك تاراشلاشقا باشلىدى. پەرھات ھەر كۈنى بۇ يەرگە كېلىپ ئەشۇ ئىشى بىلەن شۇغۇللىناتتى، قارەن باشلىق بارلىق ھۈنەرۋەنلەر شاھزادىنىڭ بۇ ماھىرلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇيتتى. شۇنداق قىلىپ تۆرت يىلدا بۇ تۆرت ئىمارەت ياسىلىپ پۈتتى. رەڭگارەڭ نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەنگەن بۇ ئىمارەت گويا كى بېھىشتىن نىشان بېرەتتى. خاقان بارلىق ئەمىر، ۋەزىر ۋە لەشكەرلىرى بىلەن كېلىپ ئىمارەتنىڭ پۈتكەنلىكىنى مۇ-

www.uyghurkitap.com



بارەكلەپ قىرىق كېچە-كۈندۈزلۈك توي-تاماشا قىلدى. ھەر كۈنى ئىككى-ئۈچيۈز ئات، قوي-
كالىلارنى ئۆلتۈرەتتى. كۆمۈش بەدەنلىك ساقىلار پىيالىنى ئايلاندۇرۇپ تۇراتتى . ھەممىسى
پەرھاتنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەيتتى .لېكىن پەرھاد غەم-قايغۇغا چۆمگەن بۇلۇپ، پەقەت كۆڭلى
ئېچىلمايتتى.

قىرىق كۈنلۈك توي مۇراسىمىدىن كېيىن، ئىمارەت قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان بارلىق ئۇستا ۋە ھۈنەر-
ۋەنلەرگە ھەددى ھېسابسىز مۇكاپاتلار تارقىتىلدى .ھەممەيلەن مەمنۇن بولۇپ، ئۆز جايىغا تار-
قاشتى. شاھزادە ئۆزىنىڭ خاس مەھرەملىرى بىلەن بۇ ئىمارەتتە قالدى ۋە ئەيشى-ئىشرەتكە مەشغۇل
بولدى. ئەمما، قارىماققا ئويۇن-تاماشا بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ھەقىقەتتە ئۇنىڭ
كۆڭلى غەمكىنلىكتىن خالى بولالمىدى. خاقانمۇ شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى كۆزەتمەك ئۈچۈن پات-پات شاھ-
زادە تۇرغان قەسىرگە كېلىپ شاھانە بەزمىلەرنى ئۆتكۈزۈپ تۇردى. گايىدا ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ
چار باغلارنى سەير قىلدى. لېكىن ئىچىگە ئالتۇن كۈمۈشتىن قىشلار ياتقۇزۇلغان، ئېرىقلىرى ئىس-
چىگە ئۈششاق تاشلار ئورنىغا لەئلى-مارجان ۋە ھەر خىل جاۋاھىراتلار قويۇلغان بۇ باغ پەر-
ھاتنىڭ كۆزىگە بىر دانە ئۈششاق تاشچىلىكمۇ كۆرۈنمەيتتى. بۇنىڭدىن خاقان بۇ باغ ۋە قەسىر-
لەرنىڭ پەرھاتقا ھېچقانداق تەسىرى بولمىغانلىقىنى بىلدى.

× × ×

ۋاقىت ئۆتتۈەردى. خازان پەسلى يېتىپ كەلدى. شاھزادە پەرھاتمۇ خازاندەك سارغىيىپ
پىراق ئوتىدا كۆيمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى ھەرگىز ئارام تاپالمايتتى. خاقان ھەرقانچە چارە-
تەدبىرلەرنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، پايدا بەرمىدى. لېكىن خاقان خۇدانىڭ تەقدىرىگە رىزالىق
بەرمەي، چارە - تەدبىر قىلىشنى توختاتمىدى. تەدبىرلىرىنىڭ پايدا بەرمىگىنىدىن
ئەلەملىك بولغان خاقان ئاقىۋەت: ”ئۆزەمنىڭ ھايات ۋاقتىمدا سەلتەنەت تەختىمنى ئوغلۇمغا تەق-
دىم قىلاي، شۇنچە چوڭ مەملىكەتنىڭ ئىشى بۇنىڭ زىممىسىگە چۈشسە ئۇ نائىلاج كۆڭلىنى يىغىپ،
شىكەستىلىك ۋە پەرىشانلىقىنى تەرك قىلىپ، پادىشالىقتا بەر قارار بولسا ئەجەپ ئەمەس» دىگەن
تەدبىرنى ئويلىدى. كۆڭلىدە ئويلىغان خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇ بارلىق ئۆلىما-ھۆ-
كىما ۋە ئەدىپلەرنى يىغىپ شاھانە بەزمە ئۇيۇشتۇردى. بەزمە راسا قىزىۋاتقاندا، خاقان ئۆلىما-
ھۆكۈمالارنى ئۆزى بىلگەنچە ھېكايە ئېيتىشقا ئەمىر قىلدى. ھەممەيلەن بىر - بىرىگە ئوخشىمى-
غان لەتىپە ۋە ھېكايىلارنى سۆزلەشتى. پەرھات ئىشق-مۇھەببەت توغرىسىدىكى ھېكايىلارنى دىققەت
بىلەن ئاڭلاپ، قىزىقىپ سۈرۈشتۈرەتتى. خاقان ئۆز ئوغلىنىڭ ئىشق-مۇھەببەتكە مايىللىقىنى يە-
نە بىر قېتىم چوڭقۇر سەزدى. بەزمە ئاياقلاشقاندا خاقان پەرھاتقا مۇنداق خىتاپ قىلدى:
— ئوغلۇم! تەڭرى ئۆز ئىنايىتى بىلەن مېنى بۇ ئۇلۇغ ئەلگە-چىنغا پادىشا قىلدى، باشقا
مەملىكەت پادىشالىرىدىن ئۈستۈن قىلدى. شۇنچە نۇرغۇن خەلقنى مېنىڭ پەرمانىمغا ياراتتى، خە-
زىنىلىرىمنى مال ۋە دۇنيا بىلەن تولغۇزدى. تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن شۇنچە ئىززەت - ھۆرمەت-
كە سازاۋەر بولدۇم. ئەمما كۆڭلۈمدە پەرزەنت ئارزۇسى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇلۇغ تەڭ-
رىگە راز ۋە تەرەززۇ قىلىپ، تەڭرىدىن پەرزەنت تىلىدىم. تەڭرىم بۇ ئارزۇيىمنىمۇ بەردى: ساڭا
ئوخشاش ياخشى ۋە قابىل پەرزەنت ئاتا قىلدى. شات - خورام بولدۇم. ئى، ئوغلۇم! ھازىر مېنىڭ

مۇ ئۆمرۈم ئاخىرىغا يېتىپ قالدى. سەنمۇ كامالىتىڭغا يەتتىڭ. ھەر كىمدە ئەگەر ئىلىم بولۇپ، ئىش-لىمىگە ئەمەل قىلمىسا، ئۇنىڭ نىمە پايدىسى؟ ھەر كىمنىڭ ئەگەر كۈچ - قۇدرىتى بولسا-يۇ، ئۇنى ئىشلىتەلمىسە ئۇنىڭدىن نىمە پايدا؟ ئەگەر بىركىم پادىشاھزادە بولسا-يۇ، مەملىكەت تەختى ئۇنىڭ-غا لايىق بولۇپ تۇرۇغلۇق، سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرۇپ پۇقرالارنىڭ ھال - ئەھۋالىدىن خەۋەر-دار بولمىسا، پادىشاھزادىلىك ئۇنىڭغا قانداقمۇ راۋا بولسۇن؟ ئوغلۇم! مېنىڭ مۇشۇنداق قېرىغان ۋاقتىمدا سېنىڭ مېنىڭ تەختىمدە ئولتۇرۇپ، قاراڭغۇ تۈنلىرىمنى يورۇق كۈنگە ئايلاندۇرۇشىڭنى ئارزۇ قىلىپ قالدىم. مەن سەندەك ياراملىق ئوغلۇم بولغانلىقى ئۈچۈن قېرىلىقىمدىن غەم يېمەيۋا-تىمەن. مۇرادىم شۇكى، كۆزۈمنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا ئورنۇمدا ئولتۇرۇپ مەملىكەتنى قولۇڭغا ئال. مەن تائەت-ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇپ، ھۆكۈمرانلىقنى ساڭا تاپشۇرۇپ، يېنىڭدا تۇرۇپ، بىلمە-گەنلىرىڭنى بىلدۈرۈپ، يۇرت سوراشنىڭ رەسىم - قائىدىلىرىنى ئۆگىتىپ تۇراي.

پەرھات ئاتىسى خاقاننىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ تازىم بىجا كەلتۈرۈپ، تۆۋەندىكىچە جاۋاپ بەردى:

— ئى پادىشاھى ئالەم! سۆزلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ياخشى سۆزلەر، لېكىن ئەجەل ئوقى ياش - قېرىغا باقماس. ۋاقتى كەلسە ھەممىسىگە ئوخشاش تېگىشىۋېرىدۇ. بەزى قېرىلار تېخى ياشلاردىن ئۇ-زۇن دەۋر سۈرىدۇ. مەسىلەن، بوستاندا گۈل - گىيالار ئۈنىدۇ، ئەمما پات پۇرسەتتە خازان بو-لىدۇ. لېكىن سەرۋىلەر يۈز يىللاپ ياشايدۇ. باغلاردا رەڭگا - رەڭ گۈللەر ئېچىلىدۇ، ئەمما پات پۇرسەتتە ئۇنىڭ مەۋسۇمى ئۆتۈپ كېتىدۇ. لېكىن، چوڭ مىۋىلىك دەرەخلەر ئۇزاق ياشايدۇ. مانا شۇ تەرىقىدە تەگىرىنىڭ تەقدىرى ياش - قېرى دەپ ئايرىمايدۇ. مەن بۇ كەمگىچە مەملى-كەت ئىشىغا كۆز سالماپتىمەن، شۇڭا، ماڭا بىر نەچچە ۋاقىت مۆھلەت بەرسىڭىز، مەن ھەمىشە يې-نىڭىزدا خىزمىتىڭىزدە بولۇپ، پادىشالىق قىلماقنىڭ يوللىرىنى ئۆگىنىپ، ئاندىن كېيىن قانداق پەر-مانىڭىز بولسا قوبۇل قىلسام.

خاقان پەرھاتنىڭ سۆزىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭغا بىر يىللىق مۆھلەت بەردى.

× × ×

كۈنلەرنىڭ بىرىدە خاقان پەرھاتنى ئۆز خەزىنىسىگە ئېلىپ كىرىپ سەيىر قىلدۇردى. ئۇلار خەزىنىدىكى بارچە ئاجايىپ - غارايىپلارنى كۆرۈپ تاماشا قىلدى. كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ ئە-قىللەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان بايلىقلار بىلەن تولغان خەزىنىنى ئارىلاپ يۈرۈپ پەرھاتنىڭ بىر نەقىشلەنگەن ساندۇققا كۆزى چۈشتى. ئۇ ساندۇقنىڭ ئىچىدە نىمە بارلىقىنى سورىغان بولسىمۇ خاقان مۇجمەل گەپلەرنى قىلىپ توغرا جاۋاپ بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى. شاھزادە پاراسەتبى-لەن بۇ ساندۇق ئىچىدە ئاجايىپ بىر نەرسە بارلىقىنى پەملىدى. پەرھاتنىڭ ساندۇق ئىچىدە زا-دى نىمە بارلىقىنى بىلگۈسى كېلىپ، تەكرار سورىغانلىقى ئۈچۈن، نائىلاج "ئاچقۇچى يوق" دېدى. لېكىن پەرھات ئۇ گەپكە ئىشەنمىگەنلىكتىن، خاقان ئاچقۇچنى ئەكەلدۈرۈپ ساندۇقنى ئاچتى ۋە ئۇ-نىڭ ئىچىدىن بىر ئەينەكنى ئالدى. لېكىن ئەينەك تىلىسىم بىلەن بەنت قىلىنغانلىقتىن ئۇنى ئې-چىپ كۆرۈش مۇمكىن بولمىدى. بۇ ئەينەكنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ئەپلاتون باشلىق بارلىق ھۆكۈمالارنى يىغىپ ئۆزىدىن كېيىنكى پادىشالار ئۈچۈن ئىجات قىلغان ئىدى. كىشىنىڭ تەقدىرىدە

ياخشى ـ يامان ھەر نىمەرسە يېزىلغان بولسا، بۇ ئەينەككە قارىسا مەلۇم بولاتتى. ئەينەكنىڭ ئارقا تەرىپىگە: "بۇ ئەينەكنى ھەر كىم ئىچىپ كۆرمەكچى بولسا، يۇنان شەھرىگە بارغاي ۋە شەھەرنىڭ شىمالىدا بىر چوڭ تاغ باردۇر ئۇل تاغ تەرىپىگە بارغاي، ئۈچ پەرسەڭ يول قالغاندا ئۈچ ئاپەت باردۇر: ئەۋۋىلى، تاغدەك چوڭ بىر ئەجدەر باردۇر ؛ ئىككىنچى، بىر چوڭ دىۋە باردۇر؛ ئۈچۈنچى، بىر ئۇلۇغ تىلىسىم باردۇر. بۇ ئۈچ ئاپەتتىن ئۆتسە ئول تاققا بارۇر. تاغدا بىر غار باردۇر. ئاندا سوقرات ھەكىم دەپ بىر ھۆكۇما باردۇر. ئەگەر ئول ھۆكىما ھايات بولسا، بۇ ئەينەكنى ئاچماق ئۇنىڭ قولىدىن كىلۇر، ئەگەر ئۇئالەمدىن كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ روھىغا تەۋەججۇ قىلماق كېرەك. تەدبىرىنى ئول ئېيتىپ بىرۇر»، دىگەن خەت يېزىلغان ئىكەن. شاھزادە بۇ خەتلەرنى ئوقىغاندىن كېيىن تولىمۇ ھەيران قالدى. ئۇ خەزىنىدىن چىققاندىن كېيىن كۆڭلىگە ئۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەك ھەۋىسى چۈشتى. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلى قىلچىمۇ ئارام تاپمىدى.

پەرھاتنىڭ كۆڭلىدە بۇ ئەينەكتىكى تىلىسىمنى ئېچىپ كۆرۈش ئىشتىياقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، خاقان بۇ ئىشنى ئالىملارنىڭ مەسلىھەتىگە سالدى. ئۆلىمالار: "پادىشاھى ئالەم، بۇ شەھەرنىڭ ئارقىسىدا بىر تاغ بار، تاغدىكى غار ئىچىدە سۇھەيلا ھەكىم دەپ بىر ئۆلىما ھەكىم بار. بۇ ئىشنىڭ كەيپىتىنى بىزدىن ياخشىراق ئۇ بىلىدۇ. ئەگەر ئىختىيار قىلسىلا، بىز باشلاپ بېرىپ ئۇنىڭدىن سوراپ باقساق» دەپ مەسلىھەت بېرىشتى. پادىشا خوشال بولۇپ، ئۆلىمالارنى يول باشلىتىپ، پەرھاتنى يېنىغا ئېلىپ، خاس ئەمىر ۋە ئالىملار بىلەن بىللە تاغ تەرەپكە راۋان بولدى. تاققا بېرىپ غارنىڭ ئاغزىنى تاپتى ۋە بىر دەم تۇرۇپ تۇردى. سۇھەيلا ھەكىم "كىرىڭلار" دەپ ئىشارەت قىلغاندىن كېيىن، خاقان شاھزادە بىلەن كىرىپ سۇھەيلاغا سالام قىلدى. سۇھەيلا ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى ۋە نىمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سورىدى. شاھزادە ئەينەكتىكى تىلسىمغا كۆشادلىق تىلەپ كەلگەنلىكىنى بىرمۇ ـ بىر بايان قىلدى.

ــ بۇنىڭغا ئىنتايىن ھەيران بولۇپسىزھە، ئوغلۇم، ـ دىدى سۇھەيلا.

ــ شۇنداق، ـ دەپ جاۋاپ بەردى پەرھات. سۇھەيلا ھەكىم بەكمۇ خۇرسەن بولۇپ كەتتى ۋە:

ــ جاماس ھەكىم يېزىپ قالدۇرغان «جاماسنامە» دىگەن كىتاپتا، "سۇھەيلاغا سالام دىگەچ سۆز بۇكى: مىڭ يىلدىن كېيىن پەرھات دىگەن بىر شاھزادە ۋۇجۇتقا كىلۇر، خاقاننىڭ خەزىنىسىدىن ئاينەئى ئىسكەندەرنى تاپار، ئول ئاينەنى سوقرات ھەكىمدىن ئۆزگە كىشى كۇشاد قىلالماس. ئەگەر سوقرات قاشىغا بارماقنى ئىختىيار قىلسا، ئۇنىڭ يولىدا ئۈچ خەتەر باردۇر. ئەۋۋەل ئەجدار، ئىككىنچى دىۋە، ئۈچۈنچى تىلسىمدۇر. بۇ ئاپەتلەرگە ئىلاج تاپالىماي سۇھەيلا ھەكىم قاشىغا بارۇر. سۇھەيلا ھەكىم ئەيتىپ بەرسۇن» دەپ يېزىپ قالدۇرغان سۆزلەرنى كۆرگەن ئىدىم. مانا بەش يۈز يىلدىن بىرى مەن ساڭا مۇنتەزىر بولۇپ تۇرغان، خۇداغا شۈكرى، بۈگۈن سېنى كۆردۈم ئوغلۇم، ـ دىدى ۋە پەرھاتنى قۇچىقىغا ئېلىپ پىشانىسىغا سۆيگەندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ مەن ساڭا ئىنتىزار ئىدىم، سېنى كۆردۈم ئوغلۇم، ئەينەكتىكى تىلىسىمنى ئېچىپ ئۆز تەقدىرىڭنى كۆرمەكچى بولساڭ، يۇنانغا بارغىن، ئۇنىڭ قول تەرەپتىكى تاققا يەتكىلى ئۈچ مەنزىل

قالغاندا ئاغزىدىن دەھشەتلىك ئوت چاچرىتىپ بىر ئەجدەرھا چىقىدۇ. ئۇ نىمەرسىنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئوت ئالەمنى قاپلاپ، تەككەنلا نەرسىنى كۆيدۈرىدۇ. ئى شاھزادە! ھەرگىز قورقمىغايسەن. ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ماكانىدىكى ئالتۇن-كۆمۈشلەرنى ئېلىپ خاقانغا تەقدىم قىلغىن. ئۇنىڭ ساقلاپ ياتقان خەزىنىسى ئىچىدە بىر قىلىچ ۋە بىر قالقان بار. بۇ قىلىچ قالقان بىلەن ئالدىڭغا ئۇچرىغان دىۋىنى ئۆلتۈر ۋە دىۋىنىڭ قولىدىكى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەنگۈشتەرىنى قولۇڭغا ئال. ئاندىن دىۋىنىڭ بويىنىدىكى كۆمۈش تاختايغا يېزىلغان تىلسىمنى ئېچىش تەدبىرلىرىگە ئەمەل قىلساڭ، تىلسىم كۇشادە بولىدۇ. ئۇ يەردە سەن جامى جەمشىدنى قولغا كەلتۈرىسەن. سەن ئېچىپ كۆرمەكچى بولغان ئەينەكنىڭ كەيپىيىتىنى ئەشۇ بايان قىلۇر.

سۇھەيلا ھەكىم سۆزىنى تاماملىغاندىن كېيىن ئىچكىرىدىگە كىرىپ كېتىپ بىر جام ئېلىپ چىقىپ، فەرھاتنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە:

— بۇ جامدىكى نەرسە يۈز يىلدىن بېرى سەن ئۈچۈن يىغىپ قويۇلغان سەمەندەر يېغى، سەن ئەجدەرھاغا روبىرو بولۇشتىن ئىلگىرى بۇ ياغنى بەدىنىڭگە سۈرتىۋال. ئۇندىن كېيىن ئەجدەرھانىڭ ئالدىغا بارساڭ ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئوت ساڭا كار قىلالمايدۇ - دېدى. سۇھەيلا ھەكىم سۆزىنى تۈگىتىپ پەرھاتقا پاتىھە بەردى. ئاندىن كېيىن،-ئوغلۇم، ئەمدى بۇندىن زىيادە سۆزلەشكە ماڭا رۇخسەت يوق، خۇدايىتائالا يارىڭ بولسۇن، - دېدىدە جان بەردى. خاقان ۋە پەرھات باشلىق ھەممەيلەن سۇھەيلا ئۈچۈن خۇددى باش باھارنىڭ بۇلۇتىدەك زار - زار يىغلاشتى ۋە يۇيۇپ - تاراپ، نامىزىنى ئۆتەپ، ئەشۇ غارغا دەپنە قىلدى.

(داۋامى بار)

(بېشى 65 - بەتتە)

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، تۇرسۇن، مەن ئىشىڭىزدىن ئەتىگەنلا خەۋەر تاپقان... تەجرىدىلەرنى يەكۈنلەپ، يەنىمۇ ئىرىشىدىغانلا بولىسىز، گەپ يوق كېلەر يىلقى ئىمتىھاندىن چوقۇم ئۆتىسىز!

— ۋايەي، يەنە شۇ ئوقۇشنىڭ گېپىمۇ مۇئەللىم، — شەرۋانىخان ئەزۋەيلەپ سۆزلىدى، — قولىغىم ئاڭلىمىسۇن ئوقۇش دېگەننى، ئوقۇسا يەنە شۇنچىلىك ئوقا!؟ مەدىكار ئىشلەپ پۇل تاپسۇن ئۇ!

— بۇنداق دېسىلىرى بولمايدۇ، — دېدى مۇئەللىم چۈشەندۈرۈپ، — تۇرسۇن ئەسلىدە دەرستە ياخشى ئوقۇغۇچى ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ يىلقى دۆلەتلىك ئىمتىھاندا 20 نومۇر كاملاپ قېلىپ تاللانماي قالدى. قايتا بىر يىل ئوقۇسۇن، مەن بارلىق چىقىمىنى زىممەمگە ئالسام مۇ ئالاي، — ئۇ، ئۆپكىدەپ يىغلاۋاتقان تۇرسۇننىڭ بېشىنى سىلاپ، ئۇنىڭدىن سورىدى، — دەرسلىك ماتېرىياللىرىڭنى يوقاتمىغانسەن؟

تۇرسۇن جاۋاپ بېرەي دەپ تۇرۇشىغا، ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا ئولتۇرغان 7 ياشلىق ئۇكىسى چۇقىرىدى:

— دادام چۈشتە ئاكامنىڭ كىتاپ-دەپتەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋەتتى!

uyghurkitap.com
Altun

# ئايخاننىڭ خوشاللىقى

(ھېكايە)

ئېلجان ئابىخان



تاڭ سەھەر، شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن شەپەق نۇرى پۈتۈن كائىناتنى قىزىللىققا پۈركىگەن بولۇپ، بۇ ئۇزۇمزار ۋادىنى ئادەتتىن تاشقىرى گۈزەل تۈسكە كىرگۈزگەن ئىدى. يول بويلىرىدىكى قاتار كەتكەن ئۆيلەرنىڭ ھويلىلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان مەرۋايىتتەك ساپاق - ساپاق ئۈزۈملەر ۋە يەرگە كەڭ قۇچاق يېيىپ ئۆسكەن ئەنجۈر شاخلىرىدىكى ساپ-سېرىق پىشقان ئەنجۈرلەر كىشىنى ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىگە تارتاتتى.

ئايخان ئاچا باغدىن ئېلىپ چىققان چۆپنى قويغا سېلىپ بېرىپ ئەندىلا ئارقىسىغا يېنىشىغا، ھويلىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ بويىنىغا دوختۇر سومكىسى ئاسقان بىر قىز بىلەن ھەربىچە كىيىنگەن بىر ئايال كىرىپ كەلدى. ئايخان ئۇلارنى كۆرۈپ، قولىدىكى سۆۋەتنى دەرھال ئوقۇر تۈۋىدە قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى ۋە خوشاللىق بىلەن:

—مارىيە، سىنى خۇدايىم يەتكۈزدىمۇ نىمە؟ بالىلىرىڭىز تېچلىقمۇ قىزىم!؟—دىگىنىچە ھېلىقى ھەربىچە كىيىنگەن ئايال بىلەن قۇچاغلىشىپ كەتتى ۋە بىر ھازا مەگىزىنى - مەگىزىگە يېقىپ، تېچلىق - ئامانلىق سوراشتى.

—ئايخان ئاچا سىلە كۈندىن - كۈنگە ياشىرىپ كىتىپلا،جۇمۇ؟— دىدى كۆرۈشۈشتىن كېيىن ئايخانغا چاقچاق قىلىپ،— كۆز تەگمىسۇن يەنە؟

—ھەر قايسىڭلارنىڭ دۆلىتى، مارىيە،— دىدى ئايخان خوشاللىق ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ. ئايخان شۇ تاپتا تويغا جابدۇنغان ياش جۇۋانلاردەك ياسانغان بولۇپ، ئۇچىسىغا ئۇزۇن چەچرەك ئىنگىلىشىن كۆينەك، بېشىغا ئاق داكا رومال، ئۈستىدىن باسۇرۇپ تەتىللا دوپپا كېيىۋالغان ئىدى. دىمىسىمۇ، ئۇنى ھازىر بىر قانچە ئاي ئىلگىرى كۆرگەن ھەر قانداق ئادەم ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالاتتى. چۈنكى، ئۇ راستىنلا كۈندىن-كۈنگە ياشىرىپ، باشقىچىلا سەمرىپ كەتكەن ئىدى.

× ×

ئايخاننىڭ يولدىشى 70 - يىللى دوختۇرخانىدا بىر قانچە ئاي يېتىپ، كونا يۈرەك كېسەللىكى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. شۇڭا ئۇنىڭ دوختۇرخانىنىڭ ئىسمى چىقسىلا، كۆڭلى بۇزۇلاتتى. ”قورقىقانغا قوش كۆرۈنەر، كۆلەڭگىسى بەش (كۆرۈنەر)» دىگەندەك، يېقىنقى بىر قانچە ئايدىن بۇيان ئۇنىڭ قوسىقى توساتتىن يوغۇناپ قالدى. كېيىنچە، يول يۈرسە ھاسىراپ دىمى ئىچىگە چۈشمەيدىغان، ئولتۇرسا قوپالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. بىر كۈنى ئايال خوشنىلىرىدىن بىرى، ئايخاننىڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قوسىقىغا قاراپ:

— ئايخان، يېقىندىن بۇيان بەك سەمرىپ كەتتىڭغۇ؟ — دىدى. بۇ گەپتىن ئايخاننىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزاردى - دە، ئوڭايسىزلانغان ھالدا جاۋاپ بەردى:

— ئۆزەممۇ قوسىقىمنىڭ يوغىناپ قالغانلىقىغا قاراپ، كىشىلەر نىمە دەپ قالغاندۇ، دەپ نۇمۇسۇم كېلىدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا، ئىسسىقتىمۇ چاپان كىيىۋالىمەن.

ئايخاننىڭ خوشنىسى چاپىنىنى قايرىپ كۆرۈپ، سەمىملىك بىلەن:

— ” كېسەلنى يوشۇرسا، ئۆلۈمى ئاشكارا بولۇر » دىگەن گەپ بار. بىپەرۋالىق قىلماي دوختۇرخانىغا بارسىلا، كىشىلەردە ” ئاغرىمىغان دەرتتىن قورق» دىگەن گەپ بار، كېسەلگە سەل قارىمىسىلا — دىدى.

— خېلى سەۋەپلەرنىمۇ قىلىپ باقتىم، كەپتەر، خورازقېنى قىلدىم، پىرىخونلارغىمۇ خېلى مىلىم كەتتى.

— سىلە ئەخمەق بولۇپ قاپلا، داخان پىرىخون دىگەنلەرنىڭ قېشىغىمۇ بارامدىغان، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پۇللىرىنى ئېلىشىنىڭ كويىدا ھەر نىمە دەيدۇ. ئۆتكەندە بىر تۇققىنىمىزنىڭ ئۆيىگە بارغان ئىدىم، ئۇمۇ سىلىگە ئوخشاش كېسەل بولۇپ قالغان مەزلۇم ئىدى. دوختۇرخانىغا بارسا قوسىقىدىن 5 كىلوگىرامدىن كۆپرەك سېرىق سۇ ئاپتۇ، ئىككى ئايغا يېقىن داۋالىنىپ، سەللىمازا ساقىيىپتۇ.

بۇ گەپلەر ئايخاننىڭ دوختۇرخانىغا بېرىش ئىشەنچىسىنى كۈچەيتتى، ئۇ كەچتە يېتىپ قوسىقىنى سىلاپ كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. ئۆزىنىڭ بۇرۇنراق دوختۇرخانىغا بارمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ، ئىچىدە ئۆزىنى ئەيىپلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن يولدىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئازراق قورقۇش ئىچىدىمۇ قالدى. ئايخان گۇڭشې دوختۇرخانىسىغا بارغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك دوختۇرغانىغا بېرىشنى ئەيتتى. ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىكىلەر تەكشۈرۈپ ئۈرۈمچىگە بارمىسىلا بولمايدۇ، دەپ قايتۇردى. ئۇ ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھېچ يەرگە بارماي ئۆيىدە يالغۇز يېتىۋەردى. ئۇنىڭ ھالىدىن كۆپۈنچە 15 ياشلىق يالغۇز ئوغلى خەۋەر ئېلىپ تۇردى، ئۇنىڭ كۈندىن - كۈنگە روھى چۈشۈپ، تامىقى ئازىيىپ، ئۇيقىسى كېمىيىپ كەتتى.

ئايخاننىڭ ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىن قايتىپ كەلگەنلىك خەۋىرى تىزلا پۈتۈن مەھەللىگە تارالدى. ئۇنىڭ ھامىلدار ئايالدەك چوڭىيىپ كەتكەن قوسىقىنى كۆرگەن بەزى كىشىلەر ”ئايخان ساقايماس ھېلىقى كېسەل ئوخشايدۇ، بولمىسا ناھىيىدىن قايتۇرۇۋەتمەيتتى» دېيىشىپ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ چىقىپ كېتىشەتتى. يەنە بەزىلەر ” ئۈرۈمچى دىگەن يېقىن يەر ئەمەس، ماشىنا بىلەن 6 كۈندە ئاران يېتىپ بارىدۇ. ئايخان ناھىيىدىن بۇ ھالەتتە كەلدى، ئۈرۈمچىگە بېرىپ ساقىيىش-

غا كۆز يەتمەيدۇ. جەزمەن ھېلىقى كېسەل بولسا كېرەك، دۇنيادا تېخى ئۇنىڭغا داۋا تېپىلغىنى يوق» دېيىشەتتى، ئايخانمۇ ئۇلارنىڭ گېپىنى قوللاپ «ھەر نېمە بولسام ئۆز يۇرتۇمدا بولاي، ئۆلۈكۈم ياقا يۇرتتا قالمىسۇن» دەپ يىغلايتتى. ئۆزىنى ھازىرقى ھالەتتە راستىن ئۈرۈمچىگە ئاپىرىشقا كۆزى يەتمەيتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ياداڭغۇ چىرايى ۋە باش سۆڭىكى پەقەت سېرىق بىر قەۋەت نېپىز تېرە بىلەن ئورالغان بولۇپ، ئادەمگە موسكۇلدىن ئايرىلغان قۇرۇق كاللىنى ئەسلەتەتتى. ئۇنىڭ ھەركەتلىنىپ تۇرغان بىر جۈپ نۇرسىز كۆزىلا ھايات ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىمۇ ھاياتتىن ئاللاقاچان ئۈمىت ئۈزگەن بولۇپ، پەقەت ئەزرائىلنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپلا ياتاتتى. ئاخىرەتلىك ئۈچۈن كېتىدىغان بارلىق لازىمەتلىك نەرسىلەرنىمۇ تەييارلاپ قويغان ھەتتا ئىككى ئادەمگە پۇل بېرىپ، يەرلىكنىمۇ كولىتىپ قويغان ئىدى. ئۇ، قېشىغا كىرگەنلىكى كىشىلەرگە رازىلىق بېرەتتى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتى. ئايخان شۇ ھالەتتە ياتقاندا، ئۇنىڭ ھويلىسىغا بىر كۈنى ئىككى كىشى كىرىپ كەلدى ۋە ئايخان بىلەن قىسقىچە سالاملىشىپ، سۇپىدىكى كىگىزدە ئولتۇرۇشتى. بۇلارنىڭ بىرسى ھەربىيچە كىيىنگەن سېمىزغىنە، كۈلۈپ تۇرىدىغان ئوتتۇرا بويلۇق 34 ـ 35 ياشلاردىكى ئايال ئىدى. يەنە بىرسى، دادۈينىڭ يالىڭاياق دوختۇرى ئىدى. شۇ چاغ دادۈينىڭ يالىڭاياق دوختۇرى يېنىدىكى ئايالنى كۆرسىتىپ:

ــ ئايخان ئاچا، بۇ ھەربىي رايون دوختۇرخانىسى ئاياللار بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى مارىيە بولىدۇ. ئۇ، دادۈيىمىزنىڭ مەدەنىيەتلىك يېزا قۇرۇش ئىشىغا ياردەم بېرىش ھەم سەييارە داۋالاش ئۈچۈن چىققان ئىكەن، ئۆزلىرىنىڭ كېسىلىنى كۆرسىتىپ بېقىش ئۈچۈن باشلاپ كەلدىم، ـ دېدى.

ــ ئوبدان قىپلا، بالام، ـ دېدى ئايخان پەس ئاۋازدا.

مارىيە ئايخاننىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ دىئاگنوز قەغىزىنى كۆردى. ئاندىن ئايخاننىڭ ئۈستىدىكى يوتقاننى قايرىپ، قوسىقىنى بېسىپ تەكشۈردى، كەينىدىن ئۇنى يېرىم ھالەتتە ئولتۇرغۇزۇپ، سومكىسىدىن تىڭشىغۇچنى ئېلىپ ئۆپكە، يۈرەكنى تەكشۈردى. ئاخىرىدا:

ــ ئۆزلىرىنى ئاپراتسىيە قىلسا بولىدىكەن، بۈگۈن مەن قايتقاندىن كېيىن ئەھۋالنى دوختۇرخانا رەھبەرلىكىگە مەلۇم قىلاي، كېيىن چىققاندا ماشىنىدا ئېلىپ كىرىپ كېتەيلى، ـ دېدى.

ــ مېنى داۋالايمىز دەپ ئاۋارە بولماڭلار، مەن ھامان ساقىيالمايمەن، قېرىغاندا ئۆز ئەجىلىمدە كېتەي.

مارىيە ئايخاننىڭ بۇ سۆزىدىن ھەيران بولۇپ، دادۈينىڭ يالىڭاياق دوختۇرىغا قارىدى.

ــ ئايخان ئاچام مېنىڭ كېسىلىم ھېلىقى «ساقايماس كېسەل» دەپ، ئۇ دۇنياغا ئاللاقاچان تەييارلىق قىلىپ قويغان، شۇڭا ئۆز كۆڭلىدىكىنى دەۋاتىدۇ، ـ دېدى يالىڭاياق دوختۇر.

ــ ئايخان ئاچا، قوساق يوغىناپ كەتسىلا شۇ كېسەل بولىۋەرمەيدۇ، ـ دېدى دوختۇر چۈشەندۈرۈپ، ـ باشقا كېسەلدىنمۇ يوغىنايدۇ، سىلىنىڭ بۇ كېسەللىنى ئوپىراتسىيە قىلسىلا ساقىيىپ كېتىدۇ، دوختۇرخانىمىز جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە چوڭ دوختۇرخانىلارنىڭ

بىرى، بۇرۇنمۇ نۇرغۇن كېسەللەرنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ساقايتقان.

— قىزىم، مەن - بىر ئاجىز تۇل ئايال، بىرلا يالغۇز ئوغلۇم بار، ياتاقتا ياتسام قارايدىغان ئادىمىم يوق...

— سىلىلە بۇ جەھەتتىن خاتىرجەم بولسىلا، دوختۇرخانىدا ياتقان كېسەللەرگە ئائىلىدىن ئادەم قاراش ھاجەتسىز، مەخسۇس قارايدىغان كۈتكۈچى بار. ياتاق، تاماق ھەممىسى دوختۇرخانىدىن بېرىلىدۇ، ھەتتا كېسەللەرگە ياتاقتا يېتىش جەريانىدا مەخسۇس كىيىم بېرىلىدۇ.

— بوپتۇ، پىشانەمدىن كۆرەي.

ئايخان ئاخىرى نائىلاج دوختۇرنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى.

× ×

يېڭىلا ئوپېراتسىيەدىن چىققان ئايخان كۆزىنى مەھكەم يۇمۇپ، يەڭگىل نەپەس ئېلىپ كارىۋاتتا ياتاتتى. بىلىكىگە ئېسىلغان ئاسما ئوكۇل بىر خىل رىتىمدا تامچىلاپ چۈشمەكتە ئىدى. ئايخاننىڭ ئەتراپىدا ئۇنىڭغا قاراۋاتقان سېستىرادىن باشقا مارىيە بىردەم كېسەلنىڭ قان بېسىمىنى ئۆلچىسە، بىردەم قولىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرەتتى. ئايخان ئوپېراتسىيەدىن چىقىپ، تەخمىنەن بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، كۆزىنى ئاچتى ۋە:

— مېنى ئوپېراتسىيە قىلىپ بولدۇڭلارمۇ؟ — دېدى تۇنجى رەت سۆز قىلىپ.

— ھەئە، ئوپېراتسىيە قىلىپ بولدۇق، قوساقلىرى يەڭگىللەپ قالغاندۇ؟ — دېدى مارىيە.

ئايخان قورسىقىنى سىلاپ تۇرۇپ بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلۈمسىرىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ قورسىقىدىن ئۇزۇندىن بۇيان ئۇنى قىيناپ كەلگەن 34 جىڭ ئېغىرلىقتىكى تۇخۇمدان ئۆسمىسى ئېلىپ تاشلانغان ئىدى. ئايخاننىڭ ئوپېراتسىيەسى ئوڭۇشلۇق ئاياغلاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بەدىنى ئاجىز بولغاچقا، ئوپېراتسىيەدىن كېيىنكى ئەھۋالى دوختۇرلارنى خېلى ئەنسىرەتتى. بىر نەچچە كۈنگىچە دوختۇر، سېستىرالار ئۇنىڭ قېشىدىن ئايرىلماي جىددى داۋالاش نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ ھاياتى خەۋپتىن ساقلاپ قېلىندى. مارىيە ئايخان ئاچىنى ئوپېراتسىيە قىلغان شۇ كۈنى كېچە كىرپىك قاقماي تاڭنى ئاتقۇزدى. ئايخاننىڭ سالامەتلىكى ئاستا - ئاستا ياخشىلىنىشقا باشلىدى. بىر كۈنى مارىيە ياتاققا بىر داس ئىللىق سۇ ئېلىپ كىرىپ:

— ئايخان ئاچا، پۇتلىرىنى يۇيۇپ، تىرناقلىرىنى ئېلىپ قوياي، — دەپ ئايخاننىڭ يوتقىنىنى قايرىغان ئىدى، ئايخان خىجىل بولۇپ:

— مارىيە، سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا تولىمۇ ئۇياتلىق ئىشلارنى قىلىپ قويدۇم. ھېلىمۇ تەرەتتىمگە قاچا تۇتقانلىرى يېتەر، يەنە پۇتۇمنى يۇيۇپ قويامسىلا، بولدى، ساقايغاندا ئۆزۈم يۇيىۋالىمەن، — دەپ ئۇنىمىدى. مارىيە ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي، پۇتىنىڭ تىرناقلىرىنى ئالدى. ئاندىن پۇتىنى كارىۋاتتىن پەسكە ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغۇزۇپ، پۇتىنى داستىكى ئىللىق سۇغا چىلاپ، سوپۇنلاپ يۇيۇشقا باشلىدى. مارىيەنىڭ ئاق پاختىدەك يۇمشاق قوللىرى ھەر قېتىم ئايخاننىڭ پۇتىغا تەككەندە، گويا ئۇنىڭ تومۇرىدىن يۇقۇرىغا بىر خىل ئىللىق ئېقىم ماڭغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ ئىچىدە ئۆز ھاياجىنىنى باسالماي، "خۇدايىم ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىلسۇن، خۇدا بۇيرىسا ئۆمۈر ۋايە

(ئاخىرى - 97 - بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# دام ـ دام

(ھېكايە)

ئوبۇلھاشىم قاسىم

ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكۇمغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتۈم. لېكىن، بىرەر مەكتەپنىڭ چاقىرىق قەغىزىنى تاپشۇرۇۋالغىچە بولغان ئىنتىزارلىقىم مېنى ھەر كۈنى دىگىدەك ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىغا كىرىشكە، پايدىلىق خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ چىقىشقا مەجبۇر قىلاتتى.

بۈگۈنمۇ سەھەر تۇرۇپ، ئانچە ـ مۇنچە ناشتا قىلىپلا، مائارىپ ئىدارىسىغا كىردىم. ئىمتىھاندىن ئۆتكەن ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە ئىكەن. بەزىلىرى قەۋەتلا خۇشال، بەزىلىرى مەيۇس كۆرۈنەتتى.

— تۇرسۇنجان، ساڭا شىنجاڭ مالىيە ـ سودا مەكتىۋىدىن چاقىرىق قەغىزى كەپتۇ، بىرگە ئوقۇيدىكەنمىز، — دىدى بىر ساۋاقدىشىم ماڭا خوش خەۋەر يەتكۈزۈپ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، يۈرىكىم «جىغ» قىلىپ، ئاغزىمغا قاپلاشقاندەك بولدى. نېمە دىگەن زور خۇشاللىق ـ ھە؟ زارىقىپ كۈتكەن كۈنلەر ئاخىر كەپتۇ.

مەن، خۇشاللىق بىلەن چاقىرىق قەغىزىنى ئېلىپ، ئۆيۈمدىكىلەرگە خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ماڭدىم. يول بويى ئوقىغان ۋاقتىلىرىم ئېسىمگە كېلىپ، ئىنىم پەرھاتنىڭ «دام ـ دام» دىگەن سۆزى كۆڭلۈمنى كەلتۈرۈپ، ئۆتكەن ئىشلارنى ئېسىمگە سالدى:

سىلەرگە ئېيتسام، ئىنىم پەرھاتجان بۇ يىل 13 ياشقا كىردى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2 ـ يىللىقىدا ئوقۇيدۇ. ئۇ تېخى كىچىك بولسىمۇ، مېنىڭ نەزىرىمدە كىچىك بالا ئەمەس. ئۇنىڭ «دام ـ دام» دەيدىغان سۆزى مېنى ئۆگىنىشكە ئۈندەپ، ئاخىرى نەتىجىگە ئېرىشتۈردى. مەنمۇ قولۇمدىكى بۇ چاقىرىق قەغىزىنى ئۇنىڭغا دام ـ دام قىلىپ كۆرسەتسەم بولارمىكىن ؟!

مەن ئىككىنچى سىنىپتا ئوقۇيدىغان ۋاقتىمدا، پەرھات ماڭا ئەگىشىپ مەكتەپكە بىرىپ يۈرۈپ ئوقۇشقا بەكلا قىزىقىپ قالدى. ئۇ كىچىك بولىشىغا قارىماي، ئېسىدە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى مېنىڭكىدىن يۇقۇرى ئىدى. كۆندە ئۆتۈلگەن 3 ـ 4 ھەرىپنى شۇ كۈنىلا ئوقۇيالايدىغان، چىرايلىق قىلىپ يازالايدىغان بولدى. ئۇ بىرىنچى ئوقۇش يىلىلا ئەلاچى بولۇپ باھالىنىپ، 5 دەپتەر، 2 قېرىنداش مۇكاپات ئالدى. مەن ئۇ مۇكاپات ئالغان كۈنى ئاخشىمى:

— ئۇكام، دەپتىرىڭدىن ئىككىنى، قېرىندىشىڭدىن بىرنى بەرگىن، — دىدىم، پەرھات بەرگىلى ئۇنىمىدى. مەن ئاكىسى بولغانلىقىم ئۈچۈن، زورلۇق ئىشلىتىشكە باشلىدىم. دادام بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ مېنى ئەيىپلىدى:

— سەن پەرھاتنىڭ ئاكىسى تۇرۇقلۇق، ياخشى ئوقۇپ مۇكاپات ئالماي، ئۇكاڭنىڭكى-

نى تالىشامسەن ـ ھە؟ ئىزا تارت! چوپ-چوڭ تۇرۇپ قىلىۋاتقان ئىشىنى قارا بۇنىڭ...

مەن گەپ قىلالماي قالدىم. دادام پەرھاتنى ” دام ـ دام » دەپ مېنى ئىزا تارتقۇزۇشقا بۇيرىدى. دادامنىڭ بۇ گېپى ئۇنىڭغا بولۇپ بەردى. ئۇ:

ـ ئاكا، دام ـ دام، مېنىڭكىدەك دەپتىرىڭ بارمۇ؟ مۇكاپات ئالالامدىڭمۇ؟ مەكتەپكە بارماي ئوينايسەن، بارساڭ باللار بىلەن ئۇرۇشىسەن، سىنىپتا مۈشۈك، كۈچۈكلارنى ئەكىرىپ مۇئەللىمنى رەنجىتىسەن. ياخشى ئوقۇغان بولساڭ، ماڭا ئوخشاش مۇكاپاتلىناتتىڭ، دام ـ دام، ـ دەپ چىشىمغا تېگىشكە باشلىدى. بارا-بارا بۇ گەپ ھەر كۈنى دېيىلىدىغان بولدى. ئۇ ھەر قېتىم ” دام ـ دام» دېگەندە، بەكمۇ خىجىل بولاتتىم، يۈزۈم خۇددى چۈمۈلە ماڭغاندەك چىمىلدايتتى. ئىككىنچى يىلى مەن كەپسىزلىك ۋە ئويۇنلىرىمنى تاشلاپ، پۈتۈن ئوي ـ خىيالىمنى ئۆگىنىشكە مەركەزلەشتۈردۈم. لېكىن، ئاساسىم باشتىن ئاجىز بولغاچقا، قانچە تىرىشساممۇ، يەنىلا ئەلاچى بولالمىدىم. پەرھات يەنىلا ئەلاچى بولۇپ،” دام ـ دامغا » چۈشتى . باللاردىنمۇ ئىزا تارتىشقا باشلىدىم. بىر كۈنى مۇئەللىم:

ـ تۇرسۇن، نېمىشقا ئۇكاڭچىلىك بولالمايسەن؟ـ دېۋىدى، ئىزا تارتقىنىمدىن بېشىمنى پارتىغا قويۇپ ئولتۇرۇۋالدىم. مەندە نىمە ئامال، شۇنچە تىرىشساممۇ ئەلاچى بولالمايدىكەنمەن. شۇندىن كېيىن بەل قويۇۋېتىپ بوشۇشۇشقا باشلىدىم ... مانا، 5 ـ سىنىپىمۇ مىڭ تەستە پۈتتى. لېكىن، نەتىجەم تۆۋەن ئىدى. ئوتتۇرا مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئاران ئۆتتۈم. دادام مېنى ئۆزى مەكتەپكە ئاپىرىپ، مۇئەللىمگە:

ـ بۇ بالام كەپسىز رەك، ئويۇنغا ئامراق، شۇ ۋەجدىن ئۆگىنىش نەتىجىسى ياخشى ئەمەس. شۇڭا، سىلە چىڭراق تۇتۇپ، تەلەپنى قاتتىق قويۇپ ئوقۇتسىلا؛ مەكتەپكە تولۇق ئەۋەتىشكە مەن كېپىل، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇش ھاياتىمنى باشلىۋەتتىم. شۇنداق قىلىپ، كۈندۈزى بىر كۈن بولسىمۇ پەرھاتتىن نېرى بولدۇم، ” ئۇكاڭچىلىك بولالمايسەن » دەيدىغان سۆزلەرنى ئاڭلىمايدىغان بولدۇم. لېكىن ئاخشىمى، ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىمدە ، يەنىلا ئۇ گەپتىن قۇتۇلالمايتتىم.

ھەش ـ پەش دېگىچە يېرىم يىل توشۇپ، پەرھاتمۇ ئوتتۇرا مەكتەپكە باردى.

مېنىڭ بېشىمغا يەنە غەم چۈشتى، پەرھات يەنە ئەلاچى بولسا، مۇئەللىم ئەلبەتتە ” ئۇكاڭچىلىك بولالمىدىڭ »دەپ ئىزاغا قويۇشى تۇرغان گەپ ئىدى. تۇۋا، ماۋۇ ئىشنى كۆرمەمدىغان، راس دېگەندەك، پەرھات يىل ئاخىرىدا ئەلاچى بولۇپ مۇكاپات ئېلىپ، مېنى ساۋاقداشلىرىم ئالدىدا ئىزاغا قويدى. بۇ ، دەل تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2-يىللىقىنى تۈگەتكەن ۋاقتىم ئىدى.دادام يەنە پەرھاتنى ” دام ـ دام» دېگۈزۈپ، مېنى ئىزا تارتقۇزدى. مەن ئاخىرى چىداپ تۇرالمىدىم ـ دە، قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، ئۆگىنىشكە باشقىدىن كىرىشتىم. ” قېيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە » دېگەندەك، دىققەت بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغان دەرسلىرىم مېڭەمدىن ئورۇن ئېلىشقا، ” ئويۇن »لار چىقىپ كېتىشكە باشلىدى. ئۆگىنىش قىلىشقىمۇ كەڭرى ۋاقىت چىقتى. قىيىن مەسىلىلەر ئاسانغا چۈشىدىغان بولدى. مۇئەللىم، ساۋاقداشلىرىم ئۆگىنىش روھىغا ئىلھام ـ مەدەت بەردى. بەزى تەكرارلاش ۋاقىتلىرىدا ” كىچىك مۇئەللىم »مۇ بولۇپ قالدىم. بەختىمگە

يارىشا يىللىق ئىمتىھاندا ئەلاچى بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپات ئالدىم. پەرھاتمۇ يەنە مۇكاپات ئاپتۇ. ئاخشىمى ئىككىلىمىز ئالغان مۇكاپاتلىرىمىزنى دادامغا كۆرسەتتۇق. دادام خۇشال بولۇپ:

— تۇرسۇن، سېنىڭ بولسا بىرىنچى قېتىم مۇكاپات ئېلىشىڭ، ئۇكاڭنىڭ بولسا 14 - قېتىملىقى، يەنىلا ئۇكاڭ ياخشى. قېنى ئوغۇل بالا بولساڭ، كېلەر يىلى دۆلەتلىك ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، ئۇكاڭغا «دام - دام» قىلالىساڭ ھېساپ، — دېدى.

شۇندىن كېيىن، مىنۇت ۋاقتىنىمۇ قولدىن بەرمەي، ئىمتىھانغا ياخشى تەييارلىق قىلىپ، ئاخىرى ئەلا نەتىجە بىلەن ئىمتىھاندىن ئۆتتۈم، مانا چاقىرىق قەغىزىنىمۇ ئالدىم. ئۇنى ئېلىپ ئۆيگە كېتىۋاتىمەن...

مەن شۇ ئوي-خىياللار بىلەن ئۆيگە قانداق يېتىپ كەلگەنلىكىمنى سەزمەي قاپتىمەن. ئۆي ئىچىدە-دېرىزە ئالدىدىكى شىرە يېنىدا ئۇكام پەرھات پۈتۈن زېھنى بىلەن تەتىللىك تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەۋاتقان ئىكەن. پەرھاتنىڭ ھېلىقى «دام - دام» سۆزى مېنىڭ ئۇگىنىشىمگە ۋە بۇ قېتىم ئىمتىھاندىن ئۆتۈشۈمگە غايەت زور تۈرتكە بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇنىڭمۇ كېلەر يىلى دۆلەتلىك ئىمتىھاندىن ياخشى نەتىجە بىلەن ئۆتۈشىگە تۈرتكە بولسۇن ئۈچۈن، پەرھاتنىڭ كۆزىگە چاقىرىق قەغىزىنى تەڭلەپ، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— پەرھات! قارا، دام - دام ...— دېدىم.



# ئەجەبا...

(ھېكايە)

يار مۇھەممەت تاھىر

— ۋاي گۈلباھار، مۇبارەك بولسۇن! خېلى ئىشلەڭ بار ئىكەنجۇمۇ، خېنىم، — دېدى خالىدەم دوستىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقان كاستىيوم - بۇرۇلكا، چەمەن دوپپىلىق يىگىتنى ئىما قىلىپ ۋە ھەيرانلىق ئىلكىدە زوقلۇنۇپ. چۈنكى ئۇ، گۈلباھار بىلەن بىرگە ئىشلىگەن ئىككى يىلدىن بۇيان، ئۇنىڭ يىگىتلەر بىلەن يۈز - تۈرانە، ئوچۇق - يورۇق سۆزلىشىپ تۇرغانلىغىنى مانا بۈگۈن تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى.

— نەدىكىنى، — دېدى گۈلباھار ئۆزىنى تاسقاپ، مەغرۇر قىياپەتتە، — بىر-ئىككى كۆرۈشكەنگە بولىدىغان ئۇنداق ئاسان ئىش يوق!

— ھىم، تېخى مەندىن يوشۇرۇپ كەتكىنىڭنى قارا، كۆزۈڭدىن مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرمامدۇ...

— ئىھى...

گۈلباھار زىلۋا بوي، ئاق پىشماق، قاشكۆزى جايىدا قىز بولۇپ، لېكىن مىجەزىدىكى ھەددىدىن-زىيادە كىبىر - غۇرۇر، دائىم لەۋلىرىنى ياراتماسلىق نەزىرى بىلەن پۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈشى، باشقىلارنى مەگىستىمەي بويۇن تولغاشلىرى ئۇنى ئۇچكىسى ئاچچىق ئۆرۈكنەك قىلىپ قويغان. ياش باللارنىڭ ئۇنىڭغا "ياغاچ بويۇن" دەپ لەقەم قويۇشىمۇ ئورۇنسىز ئەمەس ئىدى.

بۇ قېتىم ئۇ، گېزىتخانىدىكى تاغىسىنىڭ ئۆيىدە سەمى ئىسىملىك كىلىشكەن بىر يىگىت بىلەن تاسادىپى تونۇشۇپ قالدى. سەمىنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشلىرى، ئېغىر - بېسىق مىجەزى، گەپ - سۆزلىرىدىن گۈلباھار ئۇنى گېزىتخانىنىڭ مۇخبىرى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى ۋە يىگىتكە ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلە ھەم ئىلتىپات كۆرسەتتى. كۈچلۈك ھەۋەستىن تۇغۇلغان ھېسسىيات ئۇنى يىگىتكە قەلبىدىكى مېھرىۋانلىق ئىشكاۋىنى ئېچىش ئىستىگىنى ئويغاتقان ئىدى. مۇنداق قىزغىن ئىلتىپات ۋە مېھرىۋانلىقنىڭ تەپتى سەمىدىمۇ بۇ قىزغا نىسبەتەن نازۇك ئىنتىلگۈچى تۇيغۇسىنى ئويغاتتى... بىراق، ئۇ ئۆز تۇيغۇسىنى يۈز-تۈرانە ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. بىر كۈنى ئۇ، ئالقانچىلىك باغاقچىگە: "ھۆرمەتلىك گۈلباھار، ئەگەر كۆڭۈل مايىللىقىڭىز يول قويسا، ئەتە سائەت 5 تە باغچىدا ئۇچراشساق، دېيدىغان مۇھىم گېپىم بار. سىزنى كۈتۈپ: سەمى" دەپ يازدى.

مانا، باغچىنىڭ بىر چېتىدىكى بۆكىدە قارىغاي كۆچەتلىرى بىلەن ئورالغان شىپاڭدا يانمۇ - يان ئولتۇرۇشقان بىر جۈپ ياش، تۇرمۇشنىڭ گۈزەل ئارزۇ قاينامىلىرىدا ئەركىن ئۈزۈشۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ھايات ۋە تۇر-

مۇشقا بولغان غايىلىرىنى ئۆز ئارا پاراڭسە-
ھىپلىرى ئارقىلىق ئىپچىشماقتا. سەمىنىڭ ئۇ-
مىتۋارلىق ئەكس ئېتىپ تۇرغان نۇرلۇق كۆز-
لىرى گۈلباھارغا مۇھەببەت بىلەن تىكىلگەن،
گۈلباھارمۇ قىزلارغا خاس ئۇياتچانلىق ھېس-
لىرىنى ئۇنۇتۇپ، كىرپىك ئوقيالىرىنى يىگىت-
نىڭ كۆز قارچۇغىغا سانجىپ، تەبەسسۇم قى-
لاتتى...

— سەمى، گېزىتخانىدا نېمە ئىش قىلىسىز؟ —
سورىدى گۈلباھار كۆڭلىنى تىندۇرماق بولۇپ.

— مەن گېزىتخانىدا ئەمەس، گۈلباھار، —
دەپ جاۋاپ بەردى سەمى ھەيرانلىق ئىپادى-
لەنگەن بىر خىل تەبەسسۇم بىلەن.

— نېمە دەيدىكىز؟ ئۇ... ئۇنداقتا، نەدە،
نېمە ئىش قىلىسىز؟

— شەھەرلىك ماشىنا ئەترىتىدە رېمونت-
چىلىق قىلىمەن.

"رېمونتچىلىق" سۆزى گۈل-
باھارنىڭ تېنىگە بىر چېلەك سۇ قۇيۇۋەتكەندەك
قاتتىق ئەندىكتۈرىۋەتتى. ئۇ چاخچاق قىلىۋا-
تامدىكىن دەپ، يىگىتكە سىناش نەزىرى بى-
لەن قارىدى ۋە ئۇنىڭ راستىنلا رېمونتچى
ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشەنگەندىن كېيىن، چى-
رايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتتى — دە، قاپاق
تۈرگىنىچە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئۈن — تىن-
سىز ئولتۇرۇپ قالدى...

"رېمونتچى — ماي چاپان دېگەن سۆز،
مەن-پىركازچىك، ئۇنىڭ بىلەن... ياق، ياق
نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم — ھە، مۇمكىن
ئەمەس...!"

— كەچ بولۇپ قالدى، گۈلباھار، چىقىپ
كېتەيلى، — دېدى سەمى چوڭقۇر خى-
يال دەرياسىدا تېپىرلاپ يۈرگەن گۈلباھار-
نى ئاستا نوقۇپ.

— قولىڭىزنى تارتىڭ! — گۈلباھار خۇددى
بىر نىجاسەتتىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك مۇرى-
سىنى سىلكىپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇردى — دە،
دىمىغىنى قېقىپ، تاقىلداپ ماڭغىنىچە، ئالدى-
ئارقىسىغا قارىماي چىقىپ كەتتى...

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەن بىركۈنى ئەت-
گەن خالىدەم پۇكەي ئۈستىنى سىيرىتىۋاتقان
گۈلباھارنىڭ يېنىغا كەلدى:

— كۆردۈڭمۇ، گۈلباھار، سەمى چوڭ ياز-
غۇچى ئىكەن، «ھايات قاينىمىدا» دېگەن
ھېكايىسى گېزىتكە چىقىپتۇ.

— نېمە دەيدىڭ؟ ۋاي ئىسىت، ما ئىقىلسىز-
لىقىمنى قارا، ئۇ مېنى سىناپتىكەن — دە، — گۈل-
باھار گېزىتنى بېشىدىن گويا سەمىنى كۆرگىلى
بولىدىغاندەك سىنچىلاپ قارىدى ۋە ئىنچىكە
قاشلىرىنى ھىمىرىپ، ئويلىنىپ قالدى: "نې-
مىشقىمۇ چاندۇرۇپ قويغاندىمەن، ئىشچى بول-
سىمۇ ئېرىك بارمۇ دىسە، بار دېگۈچە-
لىكى بار ئىدى. ئېھتىمال ھېكايىنى يېزىپ پۇل تا-
پىدىكەن ئەمەسمۇ...."

شۇ خىيال ۋە پۇشايمان ئىلكىدە چىرايى-
نىڭ گۈزەل ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن گۈلباھار
ئۈزۈلگەن يىپنى قايتىدىن ئۇلاش نىيىتىگە
كەلدى، ئارقىدىنلا "كېسەل كۆرسىتىمەن"
دەپ، ئىشتىن بىر يېرىم سائەت بۇرۇن ئۆيى-
گە قايتتى. ئۆيدە يۈزلىرىگە ئۇپا — ئەڭلىك
سۈرتۈپ، چاچلىرىنى مايلاپ، ئۆزىگە ئەڭ يا-
رىشىملىق كىيىملىرىنى كەيدى. مانا، ئۇ تۆرت
كوچىنىڭ دوقمۇشىدا سەمىنىڭ يولىغا تەلمۈ-
رۈپ قارىماقتا. بىر ئازدىن كېيىن غەربىي يول-
دىن ئىش كىيىمى كەيگەن سەمى ئوتتا بويى-
لۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك، رەتلىك كىيىنگەن
بىر قىز بىلەن قىزغىن پاراڭلاشقىنىچە چىقىپ
كەلدى، گۈلباھارنىڭ يۈرىكى ئۆز رىتىمىنى
بۇزۇپ، تېپچەكلەپ سوقۇشقا باشلىدى. ئۇ
يۈرەك ھەركىتىنى باسماقچى بولغاندەك، قولى-
دىكى گېزىتنى مەيدىسىگە چىڭ باستى: "يېنى-

دىكى قىز نېمىسى بولىدىكىنا؟ تۇرىقىدىن قارىغاندا سەھرالىق تومپايدەك تۇرىدۇ، ھەقىچان بىر تۇققىنىمىكىن...»

— سىزنى تەبرىكلەيمەن! قاراڭ، ھىكايىڭىز چىقىپتۇ!— دېدى گۈلباھار ئۇلار بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرتىپ، گېزىتنى سەمىگە سۇنۇپ. بىراق، سەمى ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. ئۇ يېنىدىكى قىزنىڭ باش-ئايىغىغا گۈلباھارنىڭ شۇنچە سىنچىلاپ قاراپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى تونۇشتۇرۇپ قويۇشنى لايىق تاپتى:

— بۇ قىزنىڭ ئىسمى ھەبىبە...

— نىمىڭىز بولىدۇ؟

— سۆيگۈنۈم.

بۇ جاۋاپتىن گۈلباھارنىڭ ئۈمىت گۈلىستانىغا ئۇششۇك تېگىپ، چىرايى تامدەك تاتىرىپ، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ بۇ ئازاپقا بەرداشلىق بېرىشكە تىرىشاتتى، „ تېپىشمىغىچە، بېكىشمەس دېگەن شۇ-دە، بىر سەھرالىقنى تېپىپتىغۇ، تايىنلىق ...» ئۇ، قىزنىڭ نەدە، نېمە ئىش قىلىدىغانلىغىنى ئۇچۇق بىلىپ، سەمىگە مەسخىرىلىك كۈلمەكچى بولدى.

— نېمە ئىش قىلىسىز؟— سورىدى گۈلباھار لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ھەبىبىگە مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قاراپ.

— بۇ يىل ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كېلىپ، ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشخانىسىدا ئىشلەۋاتىمەن،— ھەبىبە ئۇچۇق-يورۇقلۇق بىلەن جاۋاپ بەردى.

گۈلباھار داڭ قېتىپ بۇتتەك تۇرۇپلا قالدى.

— ۋويەي... توۋا، شۇنداقمۇ ئىش بولىدىكەنا؟!— گۈلباھار باغچا تەرەپكە ياندىشىپ كېتىۋاتقان سەمى بىلەن ھەبىبەنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ، ئاستا شىۋىرلىدى، — ئەجىبا...، ئەجىبا...»

ئەگەر ئۇنىڭ نېرۋا سىستېمىسىدا قاتار تىزىلغان „ئەجىبا» نى بىرەر ماشىنا ئارقىلىق كۆرگىلى بولسا ئىدى، سىز چوقۇم بۇ قىزنى „ئەجىبا سەۋدايىسىكەن» دەپ قالاتتىڭىز ...

(بېشى 91 - بەتتە)

سىلىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئۆمۈر ۋايەت ئۇنتۇمايمەن. ساقايسام، باغلىرىمغا ...» دېگەن سۆزلەرنى پىچىرلايتتى، كۆز چاناقلىرى لىق ياشقا تولۇپ، لەۋلىرى ئىختىيارسىز تىترەيتتى...

× ×

ئايخان دوختۇرخانىدا بىر ئاي يېتىپ ئۆيىگە قايتتى. ياز كېتىپ سېرىق كۈز ئايلىرى يېتىپ كەلدى، ئۇنىڭ بېغىدىكى مىۋىلەر خۇددى بىر-بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك كەينى-كەينىدىن پىشىشقا باشلىدى. ئۇ، ھەر قېتىم بېغىغا كىرگەندە، ئۆزىنى ئەجەل ئاغزىدىن قۇتقۇزۇۋالغان كۆيۈملۈك شەپقەتچىسى مارىيەنى ئەسلەيتتى، ئۇنىڭغا بېغىدىكى مىۋىلەرنىڭ پىشقانلىرىنى ئاپىرىپ بەرگۈسى كېلەتتى. بىراق، ئارىلىق يىراق بولغاچقا، ماشىنىدا بېرىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇ كۈندە دادۈيگە بىر قانچە قېتىم بېرىپ، مارىيەنىڭ چىققان-چىقمىغانلىغىنى سورايتتى، ھەتتا ماشىنا ئاۋازى چىقسىلا ئىشىك ئالدىغا چىقىپ يولغا قارايتتى. ئۇنىڭ شۇ كۈتكەن ئەزىز مېھمىنى مارىيە بۈگۈن ئۇنى يوقلاپ چىقتى، ئۇنىڭ خوشال بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ ئىدى.

# ئىككى پارچە خەت

(نەسىر)

بۇلبۇل ئەكرەم

I

سۆيۈملۈك ئۇستازىم:

ياخشىمۇ سىز؟ بۈگۈن كەچتە رادىئودىن جاراڭلىغان «سالام سىزگە، مۇئەللىم» ناملىق ناخشا يۈرەك تارىمىنى تىترىتىپ، ئىختىيارسىز ھالدا سىزنى ئېسىمگە سالدى. دائىم خۇشاللىق ئالامەتلىرى كەتمەيدىغان ئىللىق ۋە مېھرىۋان چىرايىڭىز كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەندى. ئەنە، ماڭا كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرىسىز. شۇ ھامان قەلبىمدە سىزگە خەت يېزىش ئىستىكى پەيدا بولۇپ، قولۇمغا قەلەم ئالدىم.

ھۆرمەتلىك ئۇستازىم، چەكسىز بەختلىكمەن. ھەممە يەر كىشىنى ھوزۇرلاندۇرغۇچى رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر، بۈك-باراخسان ئورمانلار بىلەن قاپلانغان، قەۋەت-قەۋەت كۆركەم بىنالىرى كۆككە تاقاشقان بۇ گۈزەل مەرىپەت باغچىسى مېنى ئۆزىگە ناھايىتى تېز لاكۆندۇرۋالدى. بۇ يەرنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىنى دېمەمسىز، تېخى. قاراڭ، ئەتراپتىكى كېچىنى كۈندۈز قىلغۇچى سانسىزلىغان نۇرلۇق چىراقلارغا. ئۇلار خۇددى يۇلتۇزلارغا ئوخشاش چىمىرلاپ كۆزنى قاماشتۇرىدۇ. مەن سىزنى ئەشۇ نۇرلۇق چىراقلارغا ئوخشىتىمەن. چۈنكى، سىز كۆپ يىللاردىن بېرى خۇددى مۇشۇ چىراقلاردەك ... گەن قاراڭغۇ قەلبلەرنى بىلىم نۇرى بىلەن يورۇتتىڭىز. سىز مېنىڭ گۆدەك ۋە چاڭقىغان قەلبىمنى بىلىم شەربىتى بىلەن سۇغاردىڭىز، قەلبىمگە قويغان بۇ ئابى كەۋسەرلىرىڭىز تومۇرلىرىمدا ئېقىن ھاسىل قىلىپ، ۋۇجۇدۇمدا بىلىم بىخلىرىنى پەيدا قىلدى. بۇ بىخلار سىزنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشىڭىز نەتىجىسىدە، مېنى ئاخىرى گۈزەل مەرىپەت گۈلزارىدىن ئورۇن ئالغۇزدى. مەن سىزنىڭ بۇ ئەجرىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن.

ئۇستازىم! ئۈمىدىڭىزنى ھەرگىز يەردە قويمايمەن. سىز ئۆز تەرىڭىز بىلەن يېتىلدۈرگەن بىلىم بىخلىرى ئەمدى راسا كۆكلەپ غۇنچىدا چېچەكلەپ، مېۋە بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى...

ئۇستازىم، كۆڭلۈم شۇ تاپ تولىمۇ يېرىم بولىۋاتىدۇ. ئىككىمىز ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر ۋەقە ئۇزۇندىن بېرى تۇرۇپ-تۇرۇپ ئېسىمگە كېلىۋېلىپ، مېنى تولىمۇ بىئارام قىلماقتا. مېنى چىۋىن يەۋالغاندەك ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدىغان بۇ ۋەقەنى ئېھتىمال سىز ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەنسىز. بۇ ۋەقەنى قايتا ئېسىڭىزغا سېلىپ، سىزدىن ئەپۇ سورىمىغىچە، كۆڭلۈم زادىلا ئارام تاپمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

× ×

كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى. مەكتەپكە كېتىۋې-

تىپ، يول ياقىسىدىكى زەيكەشتە شىرىلداپ ئېقىۋاتقان زۇمرەتتەك سۇغا كۆزۈم چۈشتى. بۇنىڭ بىلەن مەكتەپكە بېرىشتىن ۋاز كەچتىم-دە، كىچىك چاقپىلەكتىن بىرنى ياساپ، راسا ئوينىۋېلىش خىيالىغا كەلدىم. جىلتامنى يول بويىغا تاشلاپ قويۇپ، قوناقلىقتىن بىر تال قوناق شېخىنى سۇندۇرۇپ، ئەپلەشتۈرۈپ بىر چاقپىلەك ياسىدىم. ۋاي-ۋۇي! چاقپىلەك «پىر-پىر-پىر» چۆگىلىدى... ئويۇن بىلەن بولۇپ كېتىپ، كۈن پېشىن بولۇپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن... چۈشتىن كېيىنكى دەرسكە ئاران ئۈلگۈردۈم. سىزگە ئانامنى دوختۇرخانىغا ئاپاردىم دەپ يالغان ئېيتتىم.

ئەتىسى سەھەردە يەنە ھېلىقى يەرگە كەلسەم، چاقپىلىكىم تېخىچە پىقىراپ چۆرگىلەپ تۇرۇپتۇ. شۇنچە ئوبدان ئويۇننى تاشلاپ كېتىشكە قانداقمۇ كۆڭلۈم ئۇنىسۇن؟ مەكتەپكە كېتىۋاتقان تۇرغۇن بىلەن ياسىننى چاقىرىپ، بۇ ئويۇننى كۆرسەتتىم. ئۇلارمۇ زوقلىنىپ قاراپ قېلىشتى. مەن ئۇلاردىن:

— قاراڭلار، نېمە دېگەن قىزىق ئويۇن بۇ!؟ مەن سىلەرگىمۇ بىردىن چاقپىلەك ياساپ بېرەي، بۈگۈن مەشەدە ئوينايلى، قانداق؟ — دەپ سورىدىم. ياسىن چاۋاك چېلىپ سەكرەپ كەتتى:

— بولىدۇ، بولىدۇ... ئوينايلى! بىراق تۇرغۇن ئىككىلىنىپ قالدى:

— مەكتەپكە بارمىساق قانداق بولار؟ — دېدى ئۇ ئارىسالدى بولۇپ.

— ۋاييەي، بىرەر كۈن بارمىغانغا نېمە بوپتۇ؟ ئەجەپ نېمىكەنسەنغۇ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا دوق قىلىپ. ھەش-پەش دېگىچە ياسىن بىلەن تۇرغۇنغا بىردىن چاقپىلەك ياساپ بەردىم-دە، خۇشال ھالدا ئويۇنغا كى-

رىشىپ كەتتۇق. بىر ھازادىن كېيىن، ياسىن ئەنسىز ۋاقىرىۋەتتى:

— يامان بولدى! مۇئەللىم كېلىۋاتىدۇ!

تۇرغۇن بىلەن ياسىن بەدەر تىكىۋەتتى. مەن ناھايىتى ئالاقزادە بولۇپ، يولغا بۇرۇلۇپ قارىدىم. شۇئان گويا مېڭەمدە چاقماق چېقىلغاندەك بولۇپ، قاتتىق قورقۇپ كەتتىم ۋە بەدەر قاچتىم.

— قۇربان، توختاڭ!

ئاۋازىڭىزنى ئاڭلاپ، يۈرىكىم ئاغزىمغا قاپلىشىپ قالغاندەك بولدى. قەدىمىمنى يەنىمۇ تېزلەتتىم. تۇيۇقسىز «پالاققىدە» قىلغان ئاۋاز مېنى ئارقامغا قاراتتى. سىز زەيكەشلىك قىرى بىلەن يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپ، تاشتەك قاتتىق شورغا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپسىز.

بۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ ساراسىمىگە چۈشۈپ، ئۇدۇلدىكى قوناقلىققا يوشۇرۇنۇۋالدىم-دە، سىزگە نېرىدىن قاراپ تۇردۇم. ئورنىڭىزدىن تەستە تۇردىڭىز. بېشىڭىزنى تۇتۇپ، مەن تەرەپكە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئارقىڭىزغا ئاستا قايتىپ كەتتىڭىز...

ئېچىمگە ئاجايىپ بىر قورقۇنچ كىرىۋېلىپ، مېنى گادىرماش ئويلارغا سالدى. ئويلىغانسىرى بەك قورقۇشقا باشلىدىم... شۇ قورقۇنچ ئىچىدە كېچىچە ئۇخلىماي، تەستە تاڭ ئاتقۇزدۇم. ئەتىسى مەكتەپكە بارسام، سىز مېنى تىللىمىدىڭىز ياكى تەنقىدمۇ قىلمىدىڭىز. 2-سائەتلىك دەرستىن چىققاندا، مېنى ئىشخانىڭىزغا چاقىردىڭىز.

مەن قورقۇنچ ۋە دەككە-دۈككە ئىچىدە، خۇددى بويىنىدىن باغلىغان كىيىكتەك، نائىلاج كەينىڭىزدىن ئاستا مېڭىپ ئىشخانىغا كىردىم. سىز ئۇچۇق چىراي بىلەن مېنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ، بىر پىيالە چاي قۇيۇپ، ماڭا

ئۇتتىڭىز. قوللىرىم تىترەپ، پىيالىدىكى چاي تۆكۈلۈپ كىتىشكە تاسلا قالدى...

— نىمانچىلا جىددىيلىشىپ كىتىسىز، قۇربان، بەھوزۇر، ئەركىن — ئازادە ئولتۇرۇڭ.

بېشىمنى تەستە كۆتىرىپ، سىزگە قارىدىم. سىزنىڭ ماڭا مېھىرلىك كۆزلىرىڭىزنى تىكىپ، خۇشخۇي كۈلۈمسىرەپ تۇرغانلىقىڭىزنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم ئارامغا چۈشتى.

— قۇربان، — دىدىڭىز تولىمۇ مۇلايىم ئاھاڭدا، — سىز ئويۇننىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ ئويۇن ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلىك ئاجايىپ نەرسە. ئۇ بالىلارنى ئۆزىگە ئاسانلا قارىتىۋالىدۇ. ئۇنى ئوينىغانىسىرى ئوينىغۇسى كىلىپ، ئۆزى سىنىپتا بولسىمۇ، خىيالى ئويۇن بىلەن بولۇپ، دەرس قۇلىقىغا كىرمەيدۇ. ھەددىدىن ئارتۇق ئويۇن سىلەرنى دەرس تاشلاشقا، ئۆگىنىشنىمۇ ئۇنتۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئويۇننىڭ كەينىگە كىرىپ، تۇنۇگۈنكىدەك ئىشنى يەنە سادىر قىلىۋەرسىڭىز، ئۇ ھالدا كەلگۈسىدە يارالمىسىق ئادەم بولۇپ چىقىشىڭىزدىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن؟ شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، ھازىر سىزنىڭ كېيىنكى ئۇرغۇن بىلىملەرنى ئىگىلەش ئۈچۈن ھۇل ھازىرلايدىغان ۋاقتىڭىز. بۇ — ناھايىتى قىممەتلىك ۋاقىت، ھازىر سىز ئۆگىنىشنىڭ تېخى تۇنجى قەدىمىنى بېسىۋاتىسىز. بۇ قەدەمنى پۇختا باسمىسىڭىز، ئاخىردا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمەيسىز...

ئۇستازىم، سىزنىڭ شۇ چاغدىكى بۇ سەمىمى، مۇلايىم، تەربىيىۋى سۆزلىرىڭىز ماڭا خىيلىلا تەسىر قىلغان ئىدى. شۇندىن باشلاپ، ھەر قېتىم ئويۇنساقچى بولغان چېغىمدا، بۇ سۆزلىرىڭىز قۇلاق تۈۋىمدە خۇددى قوڭغىراقتەك جاراڭلاپ، ئويۇندىن ئۆزەمنى تارتىشقا، پۈتۈن زېھنىمنى ئۆگىنىشكە قارىتىپ، تىرىشىپ بىلىم ئىگەللەشكە ئۈندەيتتى. بىراق، سىز بىلەن ئۇچرۇشۇپ قالسام، قاتتىق خىجىل بولىدىغان، چىرايىڭىزغا قاراشقىمۇ پېتىنالمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدىم. مەن ھەقىقەتەن يۈرەك مۇجۇلىدەك، ئېچىشقۇدەك، چەكسىز پۇشايمان قىلغۇدەك ئىش قىلىپ قويغان ئىدىم. مەن سىزدىن ئەپۇ سوراشنى خېلىدىن بىرى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كەلگەن بولساممۇ، لېكىن، ئالدىڭىزدا خىجىل بولۇپ، ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. مەن سىزدىن ئەپۇ سورايمەن، مېنى كەچۈرۈڭ! مېنى كەچۈرىشىڭىزنى ئۈمىت قىلىمەن!

ئۇستازىم، شۇ تاپتا خىيالىمغا يەنە بىر ئىش كىلىۋېلىپ، مېنى چوڭقۇر ئويغا سالماقتا. ئېيتىڭا، ئەينى ۋاقىتتا مەندەك ناچار ئىشلارنى قىلغۇچى بالىلار مەكتەپتە ھازىرمۇ بارمۇ؟ بولىدىغان بولسا بۇ خېتىمنى ئۇلارغا ئوقۇپ بېرىڭ. مەندىن ئوبدان ساۋاق ئېلىپ، دەرھال ئۆزىنى تۈزىۋالسۇن!

خەير، ئۇستازىم! ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن خېتىمنى توختىتاي. مەن سىزگە مەڭگۈ سادىق بولىمەن، سىزنى ئەسلەيمەن! سىز مېنىڭ ئانام، مېھرىۋان ئانامسىز!

سىزگە سالامەتلىك تىلەپ : ئوقۇغۇچىڭىز قۇربان.

1982 — يىل، سىنتەبىر

## 2

ئوغلۇم قۇربان :

خېتىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ئۈرۈمچىگە سالامەت يېتىپ بارغانلىقىڭىزنى ھەم تۇرمۇشۇڭىزنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرىۋالغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ، كۆپ خوشال بولدۇم. سىز ئېيىم-

لەرنى ئويلاپ كەتتىڭىز؟ مەن ئۇ ئىشنى راستىلا ئۇنتۇپ كەتكەنمەن. مەن سىزنى شۇ چاغدىلا كەچۈرۈۋەتكەن ئىدىم. ئوغلۇم، ئازمايدىغان ئادەم يوق. تەربىيىنى قوبۇل قىلىپ، كەمچىلىكنى تۈزەتسىلا بولىدۇ، سىز ئەنە شۇنداق قىلدىڭىز. سىز ئەمدى ئۇ ئىشلارنى قايتا ئەسكە ئېلىپ يۈرمەڭ. كۆڭلىڭىز ھەرگىز يېرىم بولمىسۇن! سىزنىڭ خوشاللىقىڭىز — مېنىڭ خوشاللىقىم، سىزنىڭ بەختىڭىز — مېنىڭمۇ بەختىم. سىزنى داشۆگە ئۇزاتقاندىن بىرى، باشقىچىلا تېتىكلىشىپ قالدىم، ئۆزەمنى گويا قايتىدىن ياشىرىپ قالغاندەكلا ھېس قىلىۋاتىمەن.

ئوغلۇم خېتىڭىز ساۋاقداشلار ئارىسىدا زور تەسىر قوزغىدى. خېتىڭىزنى ئوقۇپ بەرسەم، سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار كۆزلىرىگە ياش ئالدى. قارىماسىز، خېتىڭىز سىنىپىمىزدىكى كۈندە چاقىرمىغىچە كەلمەيدىغان، گەپ ئاڭلىماس سەمەتنىمۇ ئۆزگەرتتى... سىز ئوقۇغۇچىلارغا ئۈلگە بولىدىغان بىر قىممەتلىك ئەمەلىي تەربىيە بېرىپ، خىزمەتلىرىمىزگە زور ياردەم بەردىڭىز. مەن سىزگە چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، مەن سىزدىن كۆپ رازى! سىزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن. سىزنى ئۆز ئوغلۇمدىنمۇ چارە كۆرىمەن، سىز مېنىڭ ئوغلۇم، ئەڭ قەدىرلىك ئوغلۇمسىز!

ئۆگىنىشىڭىزنىڭ ئۈنۈملىك بولۇشىنى تىلەپ، ئوقۇتقۇچىڭىز: تۇرسۇنخان

1982 - يىل، ئۆكتەبىر

(بېشى 102 - بەتتە)

ئۇلار تۆللەردىن ئېلىپ مول - ھوسۇل، ھالال ئەمگىكىنىڭ قەنتىنى چاقتى، شانلىق يىللار سەھىپىسىگە زەپەر داستانى يازدى...

كۆرىۋاتامسىز؟ ئەنە، قارلىقچوققىلاردا قەيسەر بۈركۈت ئۆتكۈر كۆزلىرىنى تىكىپ يىراق-يىراقلارغا، بىت - چىت قىلىپ قاغا - قوزغۇن، تۈلكە - مەلئۇنلار قەستىنى، قوغدىماقتا ئەلنىڭ بەختىنى.

ئەنە، كۆيۈمچان باغۋەنلەر تەر تۆكۈپ، غۇنچە - كۆچەتلەرگە ئىلىم - پەن جامىدىن بال-شەربەت بېرىپ، تەربىيىلىمەكتە ساغلام ۋە تېتىك. ئۇلار — مېھنەتكەش، جاپاكەش كىشىلەر، ئىنسان روھىنىڭ ئىنجېنېرىدۇر، بۇنىڭدا شەك يوق قىلچىلىك.

ئەنە، تەجرىبىخانىدا، مىكروسكوپ ئالدىدا ئالىملار، تەتقىقاتچىلار چىڭ تۇتۇپ ھەر بىر دەقىقە، ھەر بىر مىنۇتنى، ئىلىم - پەنگە بېغىشلاپ زېھنىنى، ياق، پۈتۈن ئۆمرىنى! كەشپىيات - ئىختىرا بىلەن ۋەتەن كۆكسىگە تاقىماقتا شەرەپ گۈلى؛ مانا، شائىر، ئارتىستكىلار بۇ زور شان، ئۇتۇقلارنى كۈيلىمەكتە بولۇپ دەۋرىمىزنىڭ كۈيچى بۇلبۇلى...

تاڭ ئەلچىسى - خوراز ئۈنلۈك قىچقىرىپ، ۋەتەن ئاسمىنىدا قىلىۋاتقان پەرۋاز، ئىلھام قۇشۇمنى كەلدى قايتۇرۇپ...

# يېڭى يىل ئىلھامى

( نەسرى شېئىر )

ئەنۋەر ئىسمايىل

ھارپا ئاخشىمى، ئولتۇرىمەن چىراق تۈۋىدە، قولۇمدا قەلەم، تۇرار ئالدىمدا ئەنە دەپتىرىم. ئىزدەۋاتىمەن گۈللەر خىيالىنى، تىزىپ گۈلدەستە، يېڭى يىلغا تۇتماقچى بولۇپ؛ خىيالىم شۇ تاپ غۇر - غۇر شامالدەك كەزمەكتە ۋەتەن باغرىنى چەكسىز روھلىنىپ.

تاۋۇستەك گۈزەل سالا ئېتىزلار، مىسلى جەننەتتەك بوستان يېزىلار، يېشىل مەخمەلدەك كەڭرى يايلاقلار ۋەتەن ھۆسنىنى بىزەپتۇ ھەسەن - ھۆسەندەك، بۇ گۈزەل مەنزىرىلەر تۇيىلار كىشىگە نەفىس رەڭدار گىلەمدەك.

ئېھ، سۆيۈملۈك ۋەتەن! ئېيتقىنا، نىمانچە گۈزەلسەن؟ مەن ھەر قېتىم ئاجايىپ كېلىشكەن ھۆسنى - جامالىڭنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە، ساڭا سەلتەنەت ۋە گۈزەللىك بەخش ئەتكەن، شانلىق يىللار قوينىغا، تارىخ بېتىگە ھالال ئەمگىكى ۋە بۈيۈك مەدىنىيەت، شانلىق تارىخى ئارقىلىق زەرلىك نەقىش چەككەن ئىشچان، ئەقىل - پاراسەتلىك، باھادىر خەلقىمگە بولغان ھۆرمىتىم، ئىپتىخار - غورۇرۇم ھەسسىلەپ ئاشىدۇ؛ ئۇلارغا مەدھىيە ئوقۇغۇم، كۈيلەر قاتقىم كېلىپ، ئىلھامىم قايناپ تاشىدۇ!

ئەنە، دېخان يىگىت ئېتىزلاردا چېچىپ ئۇرۇقنى ئالتۇن تۇپراققا، ئەل - ۋەتەننى پۈكۈپ قەلبىگە، ئىشلىمەكتە مېھنەت تەرىنى تۆكۈپ؛ ئۇلار ئەجرىدىن بولدى بىنا تاغدەك خامان، پاختىلار. تەنگە داۋا، بىمارغا شىپا تاۋۇز، قوغۇن، ئۈزۈم، نەشپۈت، ئالما، ئانارلار، رەت - رەت ئورمانلار.

قاراڭ، بورىۋاي سىپىسىدا، پىچ ئالدىدا، سېخلاردا ئاجايىپ جۇشقۇن مەنزىرە؛ ئۇلار ئۆز كەسپىگە باغلىغان چوڭقۇر مۇھەببەت، ۋاقىت بىلەن تالىشىپ سۈرئەت، ئاشۇرۇش ئۈچۈن ۋەزىپىنى جەڭ قىلىپ قاتتىق، يىللار قوينىغا، تارىخ بېتىگە يازماقتا ئۆچمەس يارقىن سەھىپە.

ئاڭلاۋاتامسىز؟ ئەنە، يىراقتىن ئاڭلانماقتا نەي ئاۋازى؛ ياق، بۇ نەينىڭ ئاۋازى ئەمەس، چارۋىچى يىگىتنىڭ يۈرەك سادىسى، سانسىزلىغان چارۋىچىلارنىڭ شاتلىق ناۋاسى…

(ئاخىرى 101 - بەتتە)

# باتۇر يىللارنىڭ ئەزىمەت كۈيچىسى



"دىلىڭدىن ئۇرغىغان ئاشۇ ئاۋازدىن،
يۈرەك زوقلىرىغا ھوزۇر ئالىمەن.
جاراڭلىق سازىڭنىڭ مىراسخورىمەن،
چالىمەن شۇسازنى، مەڭگۈ چالىمەن»

(ت. ئېلىيوۋ: «ئۆمەر مۇھەممەدى خاتىرىسىگە»دىن)

بىز ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى پىشۋالىرىدىن لوتپۇللا مۇتەللىپ، زۇنۇن قادىرى، تۇرغۇن ئالماس، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، تېيىپچان ئېلىيوپ، ئەلقەم ئەختەم، ۋەمەھەممەتجان سادىق قاتارلىقلارنىڭ ئىجادىيەت يولىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇلارنىڭ ئەدەبىيات مەيدانىغا كىرىشتىن ئاۋۋال، باتۇر يىللارنىڭ ئەزىمەت كۈيچىسى، سوۋېت ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پىشىۋاسى، خەلق ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان تالانتلىق شائىر ۋە يازغۇچى ئۆمەر مۇھەممەدى ئىجادىيىتىدىن مەلۇم دەرىجىدە تەسىر ۋە ئىلھام ئالغانلىقىنى كۆرۈمىز.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققى قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان مەرھۇم شائىر ئۆمەر مۇھەممەدى يالغۇز سوۋېت ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈنلا ئەمەس، شۇنداق كۈنسېرى گۈللىنىۋاتقان شىنجاڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈنمۇ شۇنچە سۆيۈملۈكتۇر.

ئۆمەر مۇھەممەدى 1906- يىلى ھازىرقى ئالمۇتا ئوبلاستىغا قاراشلىق ئەمگەكچى قازاق رايونىنىڭ يېڭىشەر يېزىسىدا بىر كەمبەغەل ئوتتۇنچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، بالىلىق، ياشلىق چاغلىرى ئاشۇ ئوبلاستتىكى تالغار يېزىسىدا ئۆتكەن. گەرچە ئۆمەر تا ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى غەلىبە قىلغىچە ئارىلىقتا ئوقۇشقا ئۇلگۈرەلمىگەن. چۈنكى، ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۆز بېلىگە ئەپراپ يېسىنىڭ خاتىرىسى بولغان «ئېغىر كۈنلەردە» دېگەن ھېكايىسىدا تەسۋىرلەنگىنىدەك، ئاتىسىنىڭ تىرىكچىلىكىگە



يۈلۈنۈپ جان باقىدىغان نامرات ئائىلىلەردىن ئىدى. ئاتىسى قىش كۈنلىرى بىردىن-بىر تىرىكچىلىك قۇرالى بولغان يالغۇز ئېشىكى بىلەن تاغدىن ئوتۇن ئەكىلىپ ساتسا، ياز كۈنلىرى مەھەللىسىدىكى بايلارنىڭ يېرىنى سۇغۇرۇپ، ئومىسىنى ئورۇپ، مەدىكارچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى يەنىلا ئېغىر بولغاچقا، ئاغرىقچان ئانىسى كېسەللىكىگە قارىماي بىر پارچە نان، ياكى ئەسكى - تۈسكى كىيىم - كېچەك ئۈچۈن باشقىلارنىڭ نېنىنى يېقىش، كىرلىرىنى يۇيۇشقا ئوخشاش ئېغىر ئەمگەكلەرنى قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. مۇنداق يامان تۇرمۇش شارائىتىدا ياشاۋاتقان كەمبىغەل ئاتا - ئانا ئۆزىنىڭ بىردىن-بىر يالغۇز ئوغلى ئۆمەرنى تەربىيە ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئەتىدىن كەچكىچە ئىش بىلەن بەنت بولۇپ كېتىپ، ئاتا - ئانىلىق مېھرى بىلەن قاراشقىمۇ چولىسى تەگمەيتتى. بىچارە ئۆمەر: "دېرىزىلىرىگە قەغەز چاپلانغان»، كۈن چىقىشقا قارىغان بىر يان باغرىدىكى قاراڭغۇ ئۆيدە ئالامۇشۈكى، بويناق كۈچىكى بىلەن ئاچ قوساق يالغۇز قالاتتى.

ئۆمەر ئالتە ياشقا كىرگەندە ئانىسىدىن ئايرىلدى. بۇلارنىڭ يالغۇز، غېرىبانە تۇرمۇشىغا ئىچ ئاغرىتقان بىر تۇققىنى ئاتا - بالا ئىككىيلەننى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. بىراق، بۇلارنىڭمۇ ھال-ئوقىتى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۆمەر ئاتىسىغا ياردەملىشىپ، ئاۋۋال مەدىكارلىشىپ، ئوما ئوردى، قىش كۈنلىرى بولسا تاغدىن ئوتۇن توشىدى، كېيىن ئېغىر ئەمگەكنىڭ جاپاسىدا ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش مېجىلىپ- مۇكچىيىپ قېلىشىنى خالىمىغان ئاتىسىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن موزدوزلۇققا شاگىرتلىققا كىردى. ئەمما، بۇ ئىشمۇ ئۇزۇن داۋاملاشمىدى. ئۇستىسىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئۆمەر موزدوزلۇقتىن توختىدى، شۇندىن باشلاپ يېزىنى تاشلاپ، شەھەرگە كەتتى. ئۇنىڭ مۇنداق جاپالىق تۇرمۇشى تا ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى غەلىبە قىلغىچە داۋاملاشتى. 1917- يىلى بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋى غەلىبە قازىنىپ، سوۋېت سوتسىيالىستىك رېسپوبلىكىلار ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 11 ياشلىق ئۆمەر ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئالمۇتا ئوبلاستىغا قاراشلىق يېتىملار مەكتىۋىدە ئوقۇپ، باشلانغۇچ مەلۇماتقا ئىگە بولدى، 1922- يىلى بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، تاشكەنتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلىم يۇرتىغا ئوقۇشقا كىردى. ئۇنىڭ بۇ بىلىم يۇرتىدىكى ھاياتى كېيىنكى ئىجادىي پائالىيىتى ئۈچۈن ئىز سالغان ئەڭ ئەھمىيەتلىك يىللار بولدى. ئۆمەر مۇھەممەدى بۇ بىلىم يۇرتىدا روس كلاسسىكلىرىدىن پۇشكىن، لېرمونتوۋ، سوۋېت ئەدەبىياتىدىن ماكسىم گوركى، ماياكوۋسكى، تاتار ئەدەبىياتىدىن ئابدۇللا توقاي، ھادى تاقتاش قاتارلىقلارنىڭ ئىجادىيەتلىرى بىلەن تونۇشۇپ، مەلۇم تەسىراتقا ئىگە بولغاندىن باشقا، ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتىغىمۇ قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، ئۇنىڭ نەمۇنىلىرىنى پۇختا ئۆگەندى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ 1924- يىلى ئۆزى ئەزا بولۇپ كىرگەن كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ تەشكىلاتچىلىقى بىلەن ئويۇشتۇرۇلغان ئەدەبىي كۇرۇژوكقا قاتنىشىپ، قىسقا - قىسقا لىرىك شېئىرلارنى يېزىش ئارقىلىق ئىجادىيەت مەيدانىغا ئاتلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى ئەدەبىي كۇرۇژوك تەرىپىدىن ھەپتىدە بىر چىقىرىلىدىغان تام گېزىتىدە ئېلان قىلىنىدى.

ئۆمەر مۇھەممەدى 1927- يىلى تاشكەنت ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلىم يۇرتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئالمۇتىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىدى. ئۇ ئاۋۋال ئالمۇتىدىكى «زارۋات» ناملىق توققۇز يىللىق تولۇقسىزدىكى ئۇيغۇر مەكتىۋىدە ئوقۇتقۇچى، 1928-، 1929- يىللىرى بولسا، چېلەك رايونى-

دىكى ئۆلگۈلۈك ئۇيغۇر مەكتىۋىدە ئوقۇتقۇچى، ئىلمىي مۇدىر بولۇپ ئىشلىدى. 1930- يىلى ئالمۇتا ئوبلاستلىق مائارىپ بۆلۈمى ئۇنى ياركەنتتىكى پېداگوگىكا تېخنىكومىغا خىزمەتكە ئېۋەتتى. بىراق ئۇنىڭ ئۆزۈلدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سىل كېسىلى بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن يەنە قوزغۇلۇپ، سالامەتلىكىنى ناچارلاشتۇرۇۋەتكەنلىكتىن، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، بەختكە قارشى 1931- يىلى 14- مارتتا، 25 يېشىدا ياركەنتتە ۋاپات بولدى. ئۆمەر مۇھەممەدىنىڭ بۇلاققا ئوخشاش قايناپ تېشىپ، چەكسىز ھاياتى كۈچقا تولۇۋاتقان بىر مەزگىلدە ئارىدىن كېتىشى 30- يىللاردىكى تېخى ئەندىلا تىن بىخلىنىۋاتقان ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئۈچۈن چوڭ يوقۇتۇش بولدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئازغىنا كەم تۆت يىللىق ئىجادى ئەمگىكىنىڭ مېۋىسى بولغان «ئېغىر كۈنلەردە»، «سىرلىق ئايدىڭدا»، «باتۇر يىللار»،«يازنى سېغىنىش»، «پايدىسىز پۇشايمان» قاتارلىق ھىكايە - نەسىرلىرى ۋە بىر مۇنچىلىغان جەڭگىۋار شېئىرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ پىروزا ژانىرىغا، شۇنداقلا شېئىرىيىتىمىزدىكى يېڭى بىر ئەدەبى شەكىل بولغان چاچما (ئەركىن) شېئىرغا ئاساس سېلىپ كەتتى. ھايات چېغىدا ئۇنىڭ «باتۇر يىللار»،«گەمىلەردىن» ناملىق ئىككى توپلىمى نەشر قىلىنغان ئىدى. ئۆمەر مۇھەممەدى ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇ ھاياتۋاقتىدا ئېلان قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن بىر قىسىم ئەسەرلىرى «شېئىرلار»، «تاڭ نۇرى»، «ئۆمەر مۇھەممەدى ئەسەرلىرى» دىگەن ناملار بىلەن ئەدەبى توپلام قىلىپ ئىشلىنىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ۋاقىتسىز ئەجەل ئۇنىڭ ھايات كۈچىگە يەنە بىر ئاز پۇرسەت بەرگەن بولسا ئىدى، يېزىپ ئاياقلاشتۇرالمىغان «چېلىش يىللىرى» ناملىق رومانىنى پۈتتۈرۈپ، ئۇيغۇر پىروزا ئىجادىيىتىنى تېخىمۇ يۇقۇرى بالداققا كۆتەرگەن بولاتتى.

ئۆمەر مۇھەممەدىنىڭ ئىجادىيىتى 1927 - يىلدىن باشلاپ مەتبۇئاتتا رەسمى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى «گۈللەر تېرىدۇق» - 1927- يىلى ئالمۇتىدا نەشر قىلىنىدىغان «كەمبەغەللەر ئاۋازى» (ھازىرقى ياركەنتتە نەشر قىلىنىدىغان «كولخورچىلار ئاۋازى»)دا ئېلان قىلىندى. شائىر بۇ شېئىرىدا ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن پارلاق ھاياتنى يېڭى باققا، ئىشچى - دىخانلارنىڭ ھالال مېھنىتى بىلەن گۈللەپ ياشىنىغان گۈزەل مەنزىرىسى گۈل - سۈگەتلەر بىلەن قاپلانغان چىرايلىق باراڭلىققا ئوخشۇتۇش ئارقىلىق، سوتسيالىستىك تۇزۇمنىڭ ئەۋزەللىكىنى قىزغىن مەدھىيىلەپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ راھەت باغچىسى بولغان بۇ جەمىيەتنى ھەر قاچان ئاغدۇرۇش كويىدا بولۇۋاتقان ئىچكى - تاشقى دۈشمەنلەردىن مۇداپىئە قىلىدىغانلىقى ۋە قوغدايدىغانلىقىنى بىلدۇردى. ئىجادىيەت مەيدانىغا ئەندىلا تىن قەدەم قويۇۋاتقان 21 ياشلىق بىر يىگىتنىڭ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئاكتىۋال بولغان مۇنداق بىر تېمىنى تاللىۋېلىپ، ئۇنى گۈزەل بەدىئى ۋاستىلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئەتراپلىق، چوڭقۇر، مۇكەممەل ھالدا يورۇتۇپ بېرەلىشى، ئۆمەردە ئەزەلدىنلا تەبىئى بىر شائىرلىق تالانتىنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئۆمەر مۇھەممەدى شېئىرلىرىنىڭ ئاساسى تېمىسى ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن يېڭى ھاياتقا قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتقان سوتسيالىستىك يېڭى يېزىنى مەدھىيىلەشكە، يېزا بىلەن شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ بېرىۋاتقان دوستلۇق - ھەمكارلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا بېغىشلانغان بولۇپ، شائىر بۇ شېئىرلىرىدا يېڭى جەمىيەتنىڭ ئىگىسى بولغان ئىشچى - دىخانلار-

نى بەختىيار تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيۈپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، مول ھوسۇل ئېلىپ، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشكە چاقىردۇ.

ئۆمەر مۇھەممەدى شېئىرلىرىدا يەنە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىش، ئىنقىلاپتىن كېيىن قولغا كەلتۈرۈلگەن بەختلىك ھاياتنى قەدىرلەش ۋە قوغداش، يېڭى ھايات قۇرۇشقا جان پىدالىق كۆرسىتىش قاتارلىقلارمۇ مەزمۇن قىلىنغان.

ئۆمەر مۇھەممەدى شېئىرلىرىدا تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بويىچە ئىنسانىيەت تارىخىدىكى يېپ ـ يېڭى، پارلاق بولغان سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئېچىپ كۆرسىتىلىشى، ئازاتلىققا ئېرىشكەن ئىشچى ـ مېھنەتكەشلەرنىڭ خوشاللىقى ۋە سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىقىنىڭ قىزغىن كۈيلىنىشى سوۋېت ئۇيغۇرلىرىغىلا ئەمەس، بەلكى ئەينى ۋاقىتتا ئازاتلىققا تەشنا بولۇۋاتقان شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ چىن دىلىدىن سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى تىلىنىڭ ئاددىي، جاراڭلىق، ئوبرازلىقلىقى، شەكلىنىڭ يېڭىلىقى، ئۇسلۇبىنىڭ خاسلىقى، بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى بىلەنمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۆمەر مۇھەممەدى ئىجادىيىتىنىڭ يەنە بىر ئەھمىيەتلىك تەرىپى، ئۇنىڭ پىروزا ساھەسىدە سىڭدۈرگەن ئەمگىكىدە روشەن كۆرۈلىدۇ.

1927 ـ يىلى يېزىلغان «ئېغىر كۈنلەردە» ھېكايىسى ئاۋتوبىئوگرافىيىلىك ھېكايىدۇر. يازغۇچى بۇ ھېكايىدا كەمبەغەل بىر ئائىلىنىڭ فېئوداللىق تۈزۈم شارائىتىدا باشتىن كۆچۈرۈۋاتقان ئادەتتىن تاشقىرى ئېغىر جاپا ـ مۇشەققەتلىك تۇرمۇشىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، يەرلىك فېئودال ئەكسىيەتچىلەرنىڭ تىرىكتاپلىقى ۋە رەھىمسىزلىكىنى چوڭقۇر پاش قىلىدۇ، رېئال ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئادالەتسىزلىك، تەڭسىزلىكنى قاتتىق سۆكىدۇ.

ئۆمەر مۇھەممەدىنىڭ 1930 ـ يىلى يازغان «باتۇر يىللار» دېگەن لېرىك نەسرىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە، ئاپتور بۇ ئەسەرى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تېخى ھېچكىم ئىز بېسىپ باقمىغان بىر يولنى مېڭىپ، نەسرىدىن ئىبارەت بۇ يېڭى ژانىر ئۈچۈن داغدام يول ئاچتى.

ئاپتور بۇ نەسرىدە ئەركىن ھايات بىلەن ئىلھاملانغان سوۋېت ئەمگەكچىلىرىنىڭ پاراۋان ۋە بەختلىك تۇرمۇش يارىتىش يولىدا كۆرسەتكەن غەيرەت ـ شىجائىتىنى ھەم ئىجادىي ئەمگەك تەنتەنىسىنى لىرىك بىر تۈستە بايان قىلىپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى مەدھىيىلەيدۇ، شۇنىڭغا سېلىشتۇرما قىلىنغان ھالدا كاپىتالىستىك ئەللەردىكى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ماھىيىتىنىمۇ ئېچىپ كۆرسىتىدۇ.

ئومۇمەن «باتۇر يىللار» ئەسەرى ئۆمەر مۇھەممەدىنىڭ ئىجادىيەت جەھەتتە ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، ئۆزەلىكتىن تىرەنلىككە، بىرخىللىقتىن كۆپ خىللىققا قاراپ تەرەققىي قىلغانلىقى، بەدىئىي شەكىلدە مۇكەممەللەشكەنلىكى، پىروزا ساھەسىدە پىششىپ يېتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەپسۇسكى، ئۆمەر مۇھەممەدى سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن كۆپ نەرسىلەر قالدۇرۇپ كېتەلمىدى. بىراق، ئۇ سان جەھەتتىن ئاز، مەزمۇن جەھەتتىن ساز ھەم مول بولغان قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلىرى ئارقىلىق، 30 ـ يىللاردىكى ياش ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ، شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن يېڭى ئۆلگىلەر بىلەن تەمىنلىدى. ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قوشقان بۇ تۆھپىلىرى مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ.

# ئۆمەر مۇھەممەدى شېئىرلىرىدىن

## غازاڭلار چۈشكەندە

شىلدىر - شىلدىر
ئاستا چىققان شامالدا،
ئاداققى يوپۇرماقلىرى بىلەن،
ئاستا-ئېغىر بېسىققىنا،
بۈگۈن دەرەختلەر ئىغاڭلايدۇ.

شىرت - شىرت...
ئاستا يەر قۇچىغىغا،
يەرنى سۆيۈپ غازاڭلار چۈشىدۇ،
دەرەخلەردە يوپۇرماقلار شالاڭلايدۇ

1928 - يىل

## مۇڭلانماڭ سىڭلىم

(شەرق قىزىغا)

نېمىشكە بۈگۈن مۇڭلۇنۇپ،
غېرىبلىق بىلەن ساز چالىسىز، سىڭىل؟
مۇڭلانماڭ، سىڭلىم بۈگۈن.
چالماڭ سازىڭىزنى غېرىبلىنىپ،
مولدۇرلۇتۇپ قارا كۆزىڭىزنى،
غېرىبلانماڭ بۈگۈن.

خوشال بولۇپ مەرەم قىلىڭ،
سازلاڭ سازىڭىزنى خوشاللىق سازىغا.
غېرىبلىنىپ بۈگۈن ناخشىلارمۇ ئېيتماڭ،
ۋاقىراپ، خوشال بولۇپ بېيىتلار ئېيتىڭ.
بۈگۈن چىرايلىق، ئايدىڭلىق
يۇمشاق شاماللىق سەككىز تۈن.

## بۇلبۇل كەپتۇ

قاراڭىزۇ باغلارغا بۇلبۇل كەپتۇ،
كەچ - سەھەردە سالقىن باغدا،
ئۈزۈلۈپ مۇڭلۇق سايرايدۇ.
يالغۇز سەھەردىلا ئەمەس،
كېچچىسىمۇ شۇ،

شۇڭلاشقا چىرايلىق كەچ ئايدىڭ.
مېھمانغا كەپتۇ بۇلبۇللار،
كۆز كەلسە يەنە يىراققا كەتمەكچى.
شەھەردە ئۇيقۇدىن گۈدۈك ئويغاتسا،
مۇڭلۇق سايراپ

uyghurkitap.com



بۇلبۇل ئويغۇتىدۇ يېزىدا.
ئىخ مانا بۇلبۇل بالىسىنى،
ئۇھەتسەم ئىدىم بۇغداي بىلەن،
خالتا قىلىپ فابرىك قىزىغا.
قاراڭغۇ باغلارغا بۇلبۇل كەپتۇ،
ھەر سەھەردە سالقىن باغدا،
ئۈزۈلۈپ مۇڭلۇق سايرايدۇ.
بۇلبۇل سايراشنى تىڭشار ئىدىم،
يىراق، فابرىكىغا خالتا قىلىش ئۈچۈن،
خىزمەت قىلىدۇ ھەر ئايدىلىك.

1929 — يىل

## ئـۆمەر ئۆلدى

ئاچچىقمۇ قىلمايمەن ساڭا،
ناھايىتى:
ئاچچىق قىلدىم ئۆزەمگىلا...
چۈنكى، ساقلىم غېرىش كەلدى،
بەگۇۋاشلىغىم بار مېنىڭ تېخىلا.

شائىرلىق قىلدىم دەپ ناخشامدا،
"مۇھەببەت"مۇ ساتقان ئىسكە نىمەن؛
بەگۇۋاش كۆڭلۈمنى دەپ،
كوچىدا كۆرگەن بىرىگە
چالمىمۇ ئاتقان ئىسكە نىمەن.

ئەندى بىلدىم،
( تووۋا ، تووۋا!)
ئارتۇق بەگۇۋاشلىق قىلماسمەن ئەندى؛
چۈنكى:
بەگۇۋاشلىق بىلەن ئۆتتى،
زىلۋا ياشلىغىمنىڭ
تەگدىن تولىسى — تەگدىن.

سەنمۇ بەلكى ھەر يازدا،
" ئۆمەر كېلەر" دەپ
سېغىنىپ تاڭ بىلەن كۆتىدىغانسەن دۇ.
كىم بىلىدۇ، بەلكى،
بىز ئۈينىغان بۇلاق تۈۋىدىن،
ھەر تاڭدا بىر ئۆتىدىغانسەن دۇ.

كۆتمە جېنىم،
زىلۋا ياشلىق بىلەن ساراڭلانغان،
بەگۇۋاش ئۆمەر ئۆلدى ئەندى...
ئۇزاقتىن ئەندى،
مېنىڭ بەگۇۋاش ئويلىرۇمنى،
تاڭدا چېلىنغان گۈدۈك يەگدى.

بەگۇۋاش ئۆمەرنىڭ ئورنىغا،
كاڭ مەيدىلىك،
يىگىت ئۆمەر بولۇپ تۇغۇلدۇم.
قىزىل كۆكۈللۈك يىگىت چىقتى،
توشقان قوغلاپ ئۆسكەن ئوغۇلدىن.

1930 — يىل

# ياشلىق خاتىرىلىرى

( ئايبېكتىن )

قوللاردا قومۇشتىن ئۇزۇن شىلدىرما،
ئالما ئوغۇرلاپ يۈرگەن ئىككىمىز.
مەن ئېيتاتتىم: ئاستاماڭ، يەنە بىلدۈرمە،
سەن ئىدىڭ:
قانچىلىك جانلىق شوخ بىر قىز.

باغلاردا بىز دائىم بىللە ئوينىدوق،
خوشاللىق بىلەن تولاتتى سۆزلىرىڭ.
مايسىلار ئىچىدە كۆكۈل ئاچتۇق،
نۇر چاچاتتى شەھلا كۆزلىرىڭ.

باغلاردا يۈرگەندە سىپايتتى شامال،
كەينىڭگە تاشلانغان قارا چېچىڭنى.
كۈنمۇ يوچۇقلاردىن قارايتتى،
ئۇمۇ سۆيەتتى خوشال يۈزۈڭنى.

قېنى ئۇ ۋاخلىرىڭ، ئەركىڭنى كىم ئالدى،
كوچىدا ئۇچرىغان پەرەنجىلىك قىز!؟
مېنى تونۇدۇڭمۇ؟
ياشلىقتا قالدى،
ئىسىمدە قالدى،
پەقەت بىر تۇمانلىق ئىز.

نەشىرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇرېھىم سابىت

---

(بېشى 126 ـ بەتتە)

يادەك ئىگىلىگەن بەللەرمۇ تۈزلىنىپتۇ. قىرىق كۈنلۈك مۇسىبەت ۋاقتى پۈتكەندىن كېيىن توينىڭ داۋامى بولغان نىكا پاتىھەسى ئوقۇلۇپ، ئېقىللىق شاھزادە بىلەن گۆھەر مەلىكە مۇرات ـ مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ.

ئاردىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، شاھزادە ئۆز شەھىرىگە قايتىشقا ئىجازەت سوراپتۇ. پادىشامۇ، قىز بالا ھەر قانچە قىلغان بىلەنمۇ ھامان باشقىلارغا مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ماقۇل بوپتۇ ۋە يول تەييارلىقىنى قىلىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. ئۇلار خوشلىشىپ بىر قانچە كۈن يول يۈرۈپ، شاھزادىنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەلسە، پادىشا ئوغلىنىڭ دەردىدە سەۋدايى بولۇپ ئاخىرى ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن، خانىش بولسا تولا يىغلاپ ئىككى كۆزىنىڭ گۆھىرى ئېقىپ كېتىپتۇ. مەلۇم ۋاقىتتىن بۇيان ئوڭ قول ۋەزىر شاھزادىغا ۋاكالىتەن دۆلەت ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈپ تۇرغان ئىكەن. ئۇلار شاھزادىنىڭ سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىگە بەك خوشال بولۇشۇپتۇ. گۆھەر مەلىكە قېينانىسىنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى خاسىيەتلىك قوللىرى بىلەن سىلىغان ئىكەن، دەرھال ساقىيىپ، كېلىن ئىككىسى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ، شاھزادىمۇ ئىنتايىن خوشال بوپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، شاھزادە ئۆمۈربويى ئادىل پادىشا بولۇپ ئۆتۈپتۇ، يولۇچى ئوردا مەسلىھەتچىسى بوپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابدۇراخمان غوجى، رەتلىگۈچى: تۇردى قۇربان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بەختىيارنىڭ بەختى

( چۆچەك )

قەدىمقى زاماندا، يىراق ماكاندا چاۋار ئىسىملىك بىر يوقسۇل ياشىغان ئىكەن. بايلارنىڭ ئىشىكىدە يازنى قىشقا، كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ ئىشلىسىمۇ، قوسىقى تويغىچە ئاش - نانغا، بەدىنى يېپىلغۇدەك كىيىم - كېچەككە ئىگە بولالماي ئۆتۈپتۇ. يىللارنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ خوتۇنى بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. چاۋار بوۋاي ئۆز ھالىغا يارىشا مەرىكە قىلىپ، ئوغلىنىڭ ئات تويىنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

— ئۆمرۈمنىڭ غۇلىچى كىتىپ، غېرىچى قالدى. شۇچاققىچە تۇرمۇشۇم غۇربەتچىلىكتە ئۆتتى. ئوغلۇمنىڭ پىشانىسى ئوڭدىن كېلىپ، بەختى ئېچىلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس. شۇڭا بالامنىڭ ئېتىنى "بەختىيار" قويساق، — دەپتۇ ئۇ جامائەتكە قاراپ. بۇ ئىسىم جامائەتكە بەكمۇ ياراپتۇ. ھەممەيلەن بىردەك: " ئاسماندىن چۈشكەن ئاتلىرى بەختىيار بولسۇن، بەختىيار ئاتلىرىغا مۇبارەك بولسۇن، بەخت - سائادەت يار بولسۇن " دېيىشىپ، ئۈمىت بىلەن قويۇلغان بۇ مەنىلىك ئىسىمنى مۇبارەكلىشىپتۇ. چاۋار بوۋاي بەختىيارنى ھوشيار، خۇشخۇي، شېرىن سۆز، ئەدەپلىك چوڭ قىپتۇ؛ 7 ياشقا كىرگەندە، ئۆز يۇرتىدىن 2 كۈنلۈك يىراقلىقتىكى بىر مەدرىسكە ئېلىپ بېرىپ، نەچچە يۈزلىگەن تالىپ تەربىيىلەپ، پۈتۈن ئەلگە مەشھۇر بولغان ئۇستازلارنىڭ بىرى — ئىگەمبەردى موللامنىڭ تەربىيىسىگە تاپشۇرۇپتۇ. ئىگەمبەردى موللام بۇ بالىنىڭ ئىسمىنى سوراپ، گەپ - سۆزلىرىنىڭ جايىدىلىقىغا، قەددى - قامىتىنىڭ كېلىشكەنلىكىگە قاراپ " تەربىيەت قىلسا يارامىلىق ئادەم بولىدىكەن " دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، ساۋاق بېرىپتۇ. بەختىيار زېھنىنى دەرسكىلا بېرىپ، بىر كۈنلۈك ساۋاقنى يېرىم كۈندە يادلاپ بولۇپ، يەنە ساۋاق ئالىدىكەن. شۇنداق تىرىشچانلىق قىلىپ، باشقا بالىلار بىر يىل ئوقىغاننى يېرىم يىلدا، تۆت يىل ئوقىغاننى ئىككى يىلدا ئوقۇپ بولۇپتۇ. قۇرئاننى تاماملىغاندىن كېيىن، بىر مۇنچە كىتابلارنىمۇ ئوقۇپ تۈگىتىپتۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن ئوقىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھۆسنخەت يېزىشنى مەشىق قىلىپ، خەتتاتچىلىقنى ئۆگىنىۋاپتۇ. شۇ كۈنلەردە شام ئوردىسىغا بىر كاتىپ لازىم بولۇپ قالغان ئىكەن. پادىشانىڭ مۇلازىملىرى تەرەپ - تەرەپتىن ئادەم ئېلىپ كېلىشىپتۇ. ئەمما ھېچقايسىسى پادىشاغا ئەرزىمەپتۇ. ئاخىرى، پادىشا مەدرىسكە كېلىپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرغان تا-

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

لىپلارنىڭ ھەممىسىگە خەت يېزىپ تاپشۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ. بەختىيار بارلىق زېھنى كۈچىنى خەتتاتچىلىقنىڭ ئەڭ كۆركەم نۇسقىلىرىنىڭ بىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، پەي قەلەم تۇتقان ئىنتائەتچان قولىنى قەغەز ئۈستىدە دۇلدۇلدەك چاپتۇرۇپ، مۇنداق بىر تەمسىلنى يېزىپتۇ: " ئۆز ئېلىڭنىڭ نېمىنى يە، كېچە - كۈندۈز غېمىنى يە ". پادىشا تالىپلارنىڭ يازغان خەتلىرىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بىر - بىرلەپ كۆرۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا كۆزىنى بەختىيارنىڭ ھۆسنىخىتىگە تىكىپتۇ.

— مەن، — دەپتۇ پادىشا، — بۇ خەتنىڭ كۆركەم ھەم چىرايلىقلىقىدىن ھوزۇرلىنىپلا قالماستىن، مەزمۇنىدىنمۇ چوڭقۇر تەربىيە ئېلىۋاتىمەن. ئوردىغا مۇشۇ خەتنى يازغان بەختىيار ئىسىملىك بالا يارايدىكەن.

پادىشا بەختىيارنى ۋە ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ئوردىغا ئېلىپ كېتىپ، بەختىيارنى ئوردىنىڭ باش كاتىپلىق مەنسىۋىگە قويۇپتۇ. بەختىيار ئىش ۋاقىتلىرىدا پادىشانىڭ ئەمرى - پەرمانلىرىنى يازىدىكەن، بەگلەردىن كەلگەن مەكتۇپلارنى، يۇقرالاردىن كەلگەن خەت - چەكلەرنى پادىشاغا يوللاپ ئۇچۇر بېرىدىكەن، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا ھېكمەتلىك سۆزلەرنى تاللاپ ئوردا تاملىرىغا يازىدىكەن. ھۆسنىخەت بىلەن يېزىلغان بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەر ئوردا ئىچىگە زىننەت پەيدا قىلىپلا قالماستىن، ئوردا ئەھلىلىرىگە ئەقىل - پاراسەتمۇ بېغىشلاپتۇ. ۋەقىت ئۆزارغانسىرى بەختىيارنىڭ خىزمىتى پادىشانى قايىل، ئاي جامالنى مايىل قىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشا يالغۇز قىزى ئاي جامالنىڭ بەختىيارغا مايىل بولۇپ قالغانلىقىنى سېزىپ قاپتۇ. پادىشا بۇ ياراملىق يىگىتنى قولدىن چىقىرىپ قويماسلىق ئۈچۈن، مەملىكەتتىكى نەغمىچىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ، نەغمە - ناۋانى 40 كېچە - كۈندۈزگىچە توختاتماي، ئەل - يۇرتتىكى چوڭ - كىچىك، ئۇلۇغ - ئۇششاق، توك - پىششىقلارنىڭ ھەممىسىگە ئالدىدىن يانىغىچە ئاش - گۆش بېرىپ، ئاي جامال بىلەن بەختىيارنى بىر - بىرىگە چېتىپتۇ. ئارىدىن 3 يىل ئۆتكەندە پادىشا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىپتۇ. بۇ مەملىكەتنىڭ نىزامىدا، پادىشا ئۆلسە ئورنىغا ئوغلى پادىشا بولىدۇ، ئوغلى بولمىسا قىزى ۋارىسلىق قىلسىمۇ بولىدۇ، دەپ بەلگۈلەنگەن ئىكەن. پادىشانىڭ ئوغلى بولمىغاچقا پادىشالىق تەختىگە ئاي جامالنىڭ ئولتۇرۇشى كېرەك ئىكەن. بىر كۈنى مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن نۇرغۇنلىغان يۇقرالار ئاي جامالنىڭ پادىشالىق تەختىگە ئولتۇرغانلىقىنى تەبرىكلىگىلى كېلىشىپتۇ.

— خالايىق، — دەپ سۆز باشلاپتۇ ئاي جامال، — قائىدە بويىچە مەن پادىشا بولسام بولاتتى. بىزدە " ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى " دىگەن بىر تەمسىل بار، مېنىڭ ئىرىم گەرچە ئالىملىق دەرىجىسىگە يەتمىگەن بولسىمۇ، ئىلىم - بىلىمدىن ئاز - تولا خەۋىرى بار ئادەم. پادىشالىق تەختىگە ئىرىم ئولتۇرسا، ئەل - يۇرت تېخىمۇ ئاۋات، يۇقرالار كۈندىن - كۈنگە پاراۋان بولارمىكىن دەيمەن.

ئاي جامالنىڭ بۇ تەكلىۋى راۋاقنىڭ تېگىدە تۇرغان يۇقرالارغا بەكمۇ يېقىپتۇ. يۇقرالار ناغرا - كاناي چېلىپ بەختىيارنىڭ پادىشا بولغانلىقىنى مۇبارەكلەپتۇ. ئاي جامال بەختىيارغا ئۆز قولى بىلەن دادىسىنىڭ پادىشالىق تاجىسىنى كەيگۈزۈپ، تەختتە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. بەختىيار پادىشا بولغاندىن كېيىن دۆلەت ئىشلىرىنى تەمكىن، ئېھتىياتچان باشقۇرۇپتۇ، كۈندۈلۈك ئىشلارنى ئوردا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەمەلدارلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بېجىرىپتۇ، پات - پات يېزا سەھرالارغا چىقىپ، يەر تېرىغان، چارۋا باققانلارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئەمرى - پەرمانلىرىنى پۇقرالارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىغا لايىقلاشتۇرۇپ مېڭىپتۇ. بەختىيار پادىشا "ئۆز ئېلىنىڭ نىسنىي يە، كىچە - كۈندۈز غېمىنى يە." دېگەن تەمسىلنى يادىدىن چىقارماي، ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىپ، چۆل - جەزىرىلەرگە سۇ باشلاپتۇ. بىنام ئېچىپ قاقاسلىقنى ئېكىنزارلىققا ئايلاندۇرۇپ، دەل - دەرەخ تىكتۈرۈپ، زىرائەت تېرىتىپ، مەئىشەتنى كۆپەيتىپتۇ، ھۈنەر - كەسىپنى يولغا قويۇپ، پۇخرالارنى پۇل - پۇچەككە ئىگە قىپتۇ. مەكتەپ - مەدرىسلەرنى كېڭەيتىپ، پۈتۈن ئەلگە مەرىپەت نۇرىنى چېچىپتۇ. شۇڭا، پۇخرالار بەختىيار پادىشادىن رازى، بەختىيار پادىشا پۇخرالاردىن خاتىرجەم ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بەختىيار پادىشا ئۆز ئادىتى بويىچە پۇخراچە كىيىنىپ، شەھەر ئەتراپىدىكى بىر مەھەللىگە بېرىپتۇ. كېتىۋاتسا يول - بويىدىكى بىر تۈپ سېرىق سۆگەتنىڭ سايىسىدا 3 ئادەم مۈكدۈشۈپ ئولتۇرغىدەك.
بەختىيار پادىشا ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېپتۇ:

— بىز، - دەپتۇ يېشى چوڭراق بىرسى، - ئۇلپەت بولۇشقىلى خېلى ئۇزۇن بولۇپ قالدى، تا ھازىرغىچە قايسىمىزنىڭ نېمە ئىشلارنى ئويلاۋاتقانلىقىمىزنى بىلمەي يۈرۈۋاتىمىز، سىردىشىپ بىلىشۋالساق قىچۇ؟

— شۇنداق قىلايلى، - دەپتۇ ياندا ئولتۇرغان ئىككى ئادەم.

— مېنىڭ پادىشانىڭ ئارغىماق ئېتىغا مىنىپ، قىلىچۋازلىق قىلىشنى ئۆگەنگىم بار، - دەپتۇ بىرىنچىسى.

— مېنىڭ پادىشانىڭ خوتۇنىغا ئاشنا بولغۇم بار، - دەپتۇ ئىككىنچىسى.

— مېنىڭ پادىشانىڭ ئورنىغا پادىشا بولغۇم بار، - دەپتۇ سىردىشىش تەكلىپىنى قويغىنى.

پادىشا بۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، دەرھال ئوردىغا قايتىپ كېلىپ، ھېلىقى 3 ئادەمنى چاقىرتىپ كەپتۇ. ئۇلار ئوردىغا كەلگىچە راسا قورقۇپ " زىندانغا تاشلىنىدىغان بولدۇق" دېيىشكەن ئىكەن. ئۇنداق بولماپتۇ. پادىشا ئۇلارنى ئوچۇق چىراي قوبۇل قىلىپ، مۇنداق دەپتۇ:

— مەن سىلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرىڭلارنى ئاڭلىدىم، ئارزۇ - ئارمانلىرىڭلارغا ئىگىشلىك جاۋاپ بەرمىسەم، پۇخرالار ئالدىدا ئۆستۈمگە ئالغان مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلمىغان بولىمەن.

بەختىيار پادىشا ئاتخانىسىدىن جابدۇقلانغان ئارغىماقتىن بىرنى ئەپچىقتۇرۇپ، بىرىنچى كىشىگە مىندۈرۈپتۇ؛ ئىسكىلاتىدىن قىلىچ ئەپچىقتۇرۇپ تۇتقۇزۇپ: " ئات ئۈستىدە قىلىچۋازلىق قىلىشنى ئۆبدان ئۆگەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە لازىم بولۇپ قالارسەن" دەپ يولغا سېپتۇ، ئۇندىن كېيىن ئىككىنچى ئادەمنى ئىش بېجىرىش ئۆيلىرىنىڭ بىرسىگە باشلاپ كىرىپ، بىر لىگەن توخۇمنى ئالدىغا قويۇپ باھالىتىپتۇ. بۇ ئادەم " توخۇملارنىڭ ھەممىسى ئاقكەن، چوڭ - كىچىكلىكى بىر - بىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىكەن" دەپتۇ. بەختىيار پادىشا بۇ بىر لىگەن توخۇمنى رەڭدار قىلىپ پۇشۇرتقۇزۇپ، بۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا يەنە بىر قېتىم قويۇپتۇ. بۇ توخۇملارنىڭ بىر قانچىسى قىزىل، بىر قانچىسى سېرىق، بىر قانچىسى يېشىل، بىر قانچىسى سۆسنە، بىر قانچىسى ھاۋارەڭ ئىكەن.

— توخۇملارنىڭ تېشىغا قارىماي ئىچىگە قاراڭ، تېشى رەڭگارەڭ بولغان بىلەن ئىچى

AltunOq

ئوخشاش،-دەپتۇ بەختىيار پادىشا رەڭدار تۇخۇملارنى سوياپ لىگەنگە تىزىۋېتىپ.

— شۇنداق ئىكەنلىكىنى مەنمۇ بىلەتتىم،-دەپتۇ بۇ ئادەم.

— بىلگەن بولسىڭىز، ئۆيىڭىزدە خوتۇنىڭىز تۇرۇغلۇق، مېنىڭ خوتۇنۇمغا ھەۋەس قىلمىغان بولاتتىڭىز، - دەپتۇ بەختىيار پادىشا . بۇ ئادەم خىجىللىقتىن ئۆزىنى يوشۇرۇشقا ئامال تاپالماي قاپتۇ . بەختىيار پادىشا بۇ ئادەمگە بولمىغۇر خام - خىياللاردا بولماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت- لەر قىلىپ قايتۇرۇپتۇ . ئاخىرىدا ھېلىقى پادىشا بولۇش ئارزۇسىدا يۈرگەن ئادەمنى مېھمانخانىسىغا باشلاپ كىرىپتۇ . تېگى ۋە تاملىرى زىلچا - مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەن مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا (تورۇسقا) چوڭلۇقى شۇ ئۆينىڭ يېرىمىغا تەڭ كەلگۈدەك بىر تۆگىنىڭ تېشى ئېسىپ قويۇلغان ئىكەن. بەختىيار پادىشا بۇ ئادەمنىڭ قولىنى يۇغۇزۇپ، ئالدىغا پاخلان گۆشى بېسىلغان بىرلىگەن پولونى قويۇپ يېيىشكە تەكلىپ قىپتۇ. بۇ ئادەم قولىنى ئۇزۇتۇپ ئاشقا تەككۈزمەيلا ئۆزىنى قاچۇرۇپتۇ. قول كەلتۈرۈشكە تەكلىپ قىلىش، قول ئۇزۇتۇش، ئاشقا قول تەككۈزمەي ئۆزىنى قاچۇرۇش بىر قانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، بەختىيار پادىشا سوراپتۇ:

— نېمە ئۈچۈن ئاشقا قولىڭىزنى تەككۈزەلمەي، ئۆزىڭىزنى قاچۇرىسىز؟

— قوسۇغۇمنىڭ ئاچلىقىدىن يېگىم كەلدى ، ساڭگىلاپ تۇرغان تۆگىنىڭ تېشىنىڭ ئۈستۈمگە چۈشۈپ كېتىپ، جېنىمنى تېنىمدىن جۇدا قىلىۋېتىشىدىن قورقۇپ، ئاشقا قول تەككۈزەلمەي ئۆزەمنى قاچۇردۇم.

— مەن سىزگە ئەيتايكى، - دەپتۇ بەختىيار پادىشا،-مەملىكەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش، پۇخرالارنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكلىرىنى مول قىلىش، تۇرار جايىنى ياخشىلاش، ئىلىم - بىلىم ئېلىشنى تەمىن ئېتىش - پادىشالارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى . بۇ مەسئۇلىيەت خۇددى مۇشۇ ئېسىپ قويۇلغان تۆگىنىڭ تېشىغا ئوخشاش ئۈستىمىزدىلا ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. بىرىنچىدىن، تۆگىنىڭ تېشىنىڭ چۈشۈپ كەتمەسلىكىگە ئامال قىلالايدىغان ، ئىككىنچىدىن ، كۆڭلىنىڭ بىردە تاش چۈشۈپ كېتىپ، بېشى ئېزىلىپ، جېنى تېنىدىن جۇدا بولىدىغانلىقىنى يادىدىن چىقارمايدىغان ھەم بۇنىڭدىن ئانچە قورقۇپ كەتمەيدىغان ئادەملا پادىشالىق قىلالايدۇ. ئەكسىچە بولسا پادىشالىقنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالمايدۇ. سىز بۈگۈن پادىشانىڭ ئۈستىدىكى ئېغىر مەسئۇلىيەتنىڭ مىسالى بولغان تۆگىنىڭ تېشىدىن قورقۇپ بىر كاپام ئاشمۇ يېيەلمىدىڭىز . سىزنى تورۇستا ئېسىقلىق تۇرغان تۆگىنىڭ تېشىنىڭ تېگىدە پولو يېيىشكە تەكلىپ قىلىش-سىزدىن ئېلىنغان بىر قېتىملىق ئىمتىھان ئىدى. ئۈستىڭىزدە ساڭگىلاپ تۇرغان تۆگىنىڭ تېشىدىن قورقماي، ئاشنى تۈگىتىپ يېۋەتكەن بولسىڭىز، ئىمتىھاندىن ئۆتەلىگەن بولاتتىڭىز. ئۇ چاغدا، مەن پادىشالىقىمنى سىزگە ئۆتۈنۈپ بەرگەن بولاتتىم. ئاشتىن بىر كاپامۇ يېيەلمەي ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدىڭىز، ئەندى مەندىن خاپا بولماي، ئۆز تىرىكچىلىكىڭىزنى قىلىۋېرىڭ.

بەختىيار پادىشا مانا شۇنداق ئادالەتلىك يول تۇتۇپ، ئۇزۇن يىل پادىشالىق قىپتۇ . چاۋار بوۋاي ئۈمىت قىلغان بەخت - سائادەت چاۋار بوۋاينىڭ ئوغلى بەختىيارغىلا يار بولۇپ قالماستىن، چاۋار بوۋايغا ئوخشاش مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان يوقسۇللارغىمۇ يار بولۇپتۇ .

ئەيتىپ بەرگۈچى: موللەك ئىسمائىل

رەتلىگۈچى: كېرەم نىياز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# رەنايى جاھان

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

( ئايىغۇچى، كۆيۈنگۈچى ئاللانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن)

بەزى رىۋايەت قىلغۇچىلار ياخشى خەۋەرلەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، پاساھەتلىك مەدھىيە سۆزلىرى بىلەن داستان تىزىپ، جانانىنى خۇرسەند قىلغۇچى شىرىن سۆزلەر بىلەن جامىئىل ھىكايەت ئىچرە ئانداق كەلتۈرۈپتۇر كىم، قەدىن شەھىردە بىر پادىشا بار ئەردى. ئۇنىڭ بىرمۇ ئوغۇل پەرزەندى بولمىغاچقا، ئۇ كېچە ـ كۈندۈز يىغلاپ ھەقتىئالادىن ئوغۇل پەرزەنت تەلەپ قىلدى. ھەقتىئالا ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلدى. ئىسمىنى رەنايى جاھان قويدى. ۋاقتىكى، رەنايى جاھان يەتتە ياشقا كىرىپ، خۇشخۇي، خۇشپەھەم، ئەقىل- پاراسەتتە ئۈستۈن بولۇپ ئۆستى. شاھزادىنى مەكتەپكە بەردى، بىراق ئۇنىڭ ئوقۇشقا قىلچە رىغبىتى يوق ئىدى. پادىشا شاھزادىگە پەندى-نەسىھەت قىلدى. شاھزادە ئاتىسىغا قەھلى ئەھەت ( تەكرىنىڭ بىرلىكىدىن)، قەھلى رەسۇلىللادىن ( پەيغەمبىرىمىزنىڭ بەرھەق ئىكەنلىكىدىن)، پەرىز ، ۋاجىپتىن ۋە سۈننەت ، مۇستەھەپتىن، ئىلمى نۇجۇمدىن بىر ـ بىرلەپ تەقرىز ( قائىدىلىك سۆز ) ئەيلىدى. پادىشا شاھزادىنىڭ ئوقۇماي مۇنداق بىلىملىك بولغىنىغا ھەيران بولۇپ، ئەندىشە بىلەن يىغلاپ، ئۇنى قۇچاغلاپ سۆيۈپ تۇرۇپ مۇنداق دىدى: ” ئەي پەرزەنت، خۇدايىتائالا ساڭا رەھمەت قىلسۇن، موللىدا ئوقۇمىدۇڭ، ئاخۇنغا ئىبەرتىسەك، ئۇنى خىجالەت قىلدىڭ. شۇنداق تۇرۇغلۇق ئاجايىپ ھىكمەتلىك سۆزلەرنى قىلىۋاتىسەن.“

پادىشا شاھزادىنىڭ بۇ ھالىغا قۇرئە باقتۇرۇپ، ئۇنىڭ باشىغا كەلگۈسىدە كېلىدىغان بارلىق ۋەقە ئالامەتلىرىنى تامامەن كۆردى. ۋەزىر-ئۇمرا بىلەن مەلىكىنى ئالدىغا چاقىرىپ، بارلىق ۋەقەلەرنى ۋاھ ـ ۋەيلا بىلەن بىر ـ بىرلەپ بايان قىلدى. ئۇلار يىغا ـ زارە بىلەن ئەھۋالنى غولغۇلا قىلىشىپ، ئاخىرى: ” خۇدايىتائالانىڭ تەقدىرىگە ھىچ چارە يوقتۇر “ ـ دىگەن قارارغا كېلىشتى. پادىشامۇ نائۈمىت بولۇپ، رەنجىگە گىرىپتار بولدى. پادىشا شاھزادىنى قىچقىرىپ ئەيتتىكى : ” ئىھ پەرزەنت، مەنغۇ بۇ رەنجى بىرلە ئالەمدىن كېتەرمەن، بىراق سېنىڭ بېشىڭغا كېلىدىغان ۋەقەلەر ئاجايىپتۇر . تەقدىرگە نىمە چارە بولسۇن ؟! لېكىن ساڭا نەسىھەتىم شۇكى ، ئۆزۈڭدىن ئۇلۇغلار سۆزلىگەندە، زىنھار ـ زىنھار ئاغزىڭنى ئاچمىغىل، ھەر كىم ئۇلۇغ سۆزلەۋاتـ

قاندا سۆزلىسە، ئۇل كىشى رەسۋاچىلىقتا قالىدىغان چوڭ بالاغا گىرىپتار بولىدۇ. قىرغاۋۇل ئاتا ـ ئانىسىدىن ئىلگىرى سۆزلىگەن ئىدى، تۈگمەس بالاغا گىرىپتار بولۇپ ھالاك بولدى»
شاھزادە ئېيتتى: « ئۇل قانداق ئىش ئىدى؟»

## ھىكايەت

پادىشا ئېيتتى : ئېھ پەرزەندىم! بىر جاڭگالنىڭ تاقتا يېقىن جايىدا بىر قىرغاۋۇلنىڭ ماكانى بار ئەردى، قازارا ئۇل جاڭگاللىقتا پادىشا ئوۋغا چىقتى، بىراق ئۇ ھىچ ئوۋ قىلالمىدى . پادىشانىڭ ئوۋ ئىزلەپ يۈرگەنلىگىنى كۆرگەن ئانا قىرغاۋۇل بالىلىرىغا: « شۈك يېتىڭلار! ئۇلار ئەگەر بىزنىڭ بۇ جايدا بارلىغىمىزنى بىلىپ قالسا، ھەممىمىزنى ھالاك قىلىدۇ » ـ دىدى. قىرغاۋۇل بالىلىرى بىردەم شۈك ياتتى، ئاندىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نەسىھىتىنى ئۇنتۇپ قالدى. دىدىكىم : « بىر خىل ئاۋاز بىلەن سايرايلى ، ھەممە خالايىق ئىشتىپ ئارماندا قالسۇن ». شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بەلەن ئاۋازدا سايراشقا باشلىدى. ئوۋ قىلالماي پەرىشان بولۇپ يۈرگەن پادىشا قىرغاۋۇل بالىلىرىنىڭ ئۈنىنى ئاڭلاپ، ۋەزىر، ئۇمىرا، لەشكەرلىرىگە: « ھەممىڭلار ئولۇشۇپ ئۇۋىسىدىن قاچۇرماي تۇتۇڭلار، ئەگەر قاچۇرۇپ قويساڭلار تۇخۇمىڭلار بىلەن قۇرۇتىمەن » ـ دەپ بۇيرۇق قىلدى . لەشكەر، ئۇمىرالار تۆت تەرەپتىن قورشاپ، ئۇۋا ئاغزىغا يېتىپ بېرىشقان ئىدى، ئاتىسى بىلەن ئانىسى ئۇچۇپ كېتىپ، بالىلىرى مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالدى. لەشكەرلەر قىرغاۋۇل بالىلىرىنىڭ پۇت ـ قولىنى ماتاپ، ئوردىغا ئېلىپ كەتتى . ئەگەر قىرغاۋۇل بالىلىرى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نەسىھەتىنى قۇلىقىدا تۇتۇپ، سايرىمىغان بولسا ئىدى ، مۇنداق بالايى ئىزىمگە گىرىپتار بولمىغان بولاتتى . ئوغلۇم، سەن ھەم زىنھار ئۇزۇڭدىن ئۇلۇغلار ۋە سۇخەندانلار بار يەردە ئېغىز ئاچمىغىل. سېنىڭ ھەم سۆزلەش نۆۋىتىڭ كېلۇر. نۆۋەتتىن بۇرۇن بىر ئېغىز بولسىمۇ سۆزلىسەڭ، ئولۇغ ـ دەنالار ئالدىدا رەسۋاچىلىقتا قالۇرسەن، نادانلار قېشىدا ئىبرەتىمەن بولۇرسەن. سەن ئالدى بىلەن دانالارنىڭ سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ تىڭشا، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىكى پەزىلەتنى ئۈگىنىپ ئالغىل. سۆزلەش توغرا كەلگەندىمۇ سورالغان سوئالغا يېقىپ جاۋاپ بەر، زىيادە جاۋاپ بەرسەڭ، ئىززىتىڭ قالماس. ساڭا يەنە بىر نەسىھىتىم شۇكى، ئۇلۇغلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتما، سېنىڭ ھەم كۆڭلۈڭنى ئاغرىتقۇچى چىقار. ئېغىر تاشنى كۆتۈرۈپ تۆۋەن تاشلىماق ئاسان، يۇقۇرى چىقارماق تەس، ئۆزىدىن ئۇلۇغلارنىڭ دۇئاسى كىچىكلەرنى تۇتىدۇ، بىراق كىچىكلەرنىڭ دۇئاسى ئۇلۇغلارنى تۇتالماس. بىر ئېغىز سۆز ئۈگەتكەن كىشى سېنىڭ ھەم ئۇستازىڭدۇر. شۇڭا زىنھار، بى زىنھار پىر ئۇستازىڭنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتمىغىل، پىرىڭدىن ھەر قانچە قابىل بولساڭمۇ پىر ئۇستازىڭ ئالدىدا ناقابىل تۇرغىن، پىر ئۇستازىڭ بار يەردە بىلەرمەنلىك قىلىپ زىنھار ئىلگىرى ئېغىز ئاچمىغىل . پىر ئۇستازىڭنىڭ كۆڭلىنى خىرە قىلۇرسەن، قۇرۇق تۈھمەتكە ئۇچرايسەن.

ئانداقكىم، بىر شەھەردە بىر كىشى پىر ئۇستازىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتقان ئىدى، قۇرۇق تۆھمەتكە گىرىپتار بولۇپ، ئاخىرى ھالاك بولدى.

شاھزادە سورىدى: « ئۇ قانداق ئىش ئىدى»؟

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى www.uyghurkitap.com



# ھىكايەت

پادىشا مۇنداق دىدى: ئى پەرزەنت، بىر شەھەردە بىر ئۇلۇغ ئۆلىما، پازىل ھۆكۇما سۇخەنۋار بار ئىدى، بىر نادان ئۇ ئالىمغا شاگىرتقا كىردى. بىر قانچە كۈن ئالىمنىڭ قېشىدا تۇرۇپ ئىككى ئېغىز سۆز ئۆگەنگەندىن كېيىن، بۇ ئالىمدىن زىيادىراق ئىلمى ھىكمەت بىلىدىكەنمەن، دەپ ئويلاپ ئالىم قېشىدىن كەتتى. بىر نەچچە ۋاقت ئۆتتى، كىشىلەر بۇ ئالىمنىڭ سۆپىتىنى قىلغان ئىدى، بىراق ھېلىقى نادان شاگىرت: « ئۇ ئالىم بىلمەيدىكەن، شاگىرتلىققا كىرگەن ئىدىم، ئۆزۈم ئۇنىڭدىن زىيادىراق بىلىدىغان بولغاچقا، قايتىپ چىقتىم» - دەپ ئېيتتى. قازارا، بۇ شاگىرتنىڭ سۆزى ھېلىقى ئالىمنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى، « شۇنداق قىلىپ مېنىڭ غەيبىتىمنى قىلىپ يۈرۈپتۇ » - دەپ شاگىرتتىن كۆڭلى سۇندى. ئەمما ئەتىسى يېرىم كېچىدە شاگىرت بولغۇچى ئادەم كوچىغا تاھارەتكە چىققان ئىدى، ئىشىكى ئالدىدا بىر ئادەمنىڭ ئۆلىگىنىڭ تاشلىنىپ ياتقانلىغىنى كۆردى، تاھارەت قىلاي دىسە مۇبادا بىر كىشىنىڭ كۆرۈپ قېلىپ، « بۇ ئادەمنى سەن ئۆلتۈرۈپسەن » دىيىشىدىن قورقتى، ئۆيىگە كىرىپ كېتەي دىسە، پىشاپ قىستىدى. شاگىرت ياپىشاپقا ئولتۇرالماي، ياكى ئۆيىگە كىرىپ كېتەلمەي، ئىشىكنى بىر ئېچىپ، بىر يېپىپ، دېلىغۇلدا بولۇپ تۇراتتى، پاششاپ يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈك ھالدا ياتقانلىغىنى، بىر ئادەمنىڭ بولسا ئىشىكتىن بېشىنى بىر چىقىرىپ، بىر ئىشىكنى يېپىپ، يوشۇرۇنۇپ تۇرغانلىغىنى كۆردى. پاششاپ ئادەملىرى بىلەن دەرھال بۇ ئادەمنى باغلاپ، بويىنىغا زەنجىر سېلىپ، ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ چىقتى. ئۇ ئادەم: « ئېھ خوجىلىرىم! مېنى نىمە ئۈچۈن تۇتىسىلەر! مەن بىگۇنا، قۇرۇق تۆھمەتكە گىرىپتار بولدۇم. بۇ ئادەمنى مەن ئۆلتۈرمىدىم » - دەپ ھەر قانچە نالە-زار قىلسىمۇ، پاششاپ ئۇنىڭ پەريادىغا قىلچە قۇلاق سالماستىن، ئۇرا-ئۇرا پادىشانىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ كەلدى. ئاڭغىچە تاڭ ئاتتى. پاششاپ:

— داد، پادىشاھى ئالەم، مەن پالانچى كوچىدا كېتىپ باراتتىم، بۇ كىشى بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپتۇ، شۇڭا ئۇنى تۇتۇپ كەلدىم،- دىدى.

بۇ كىشى تاندى، بىراق گۇۋا يوق، ئىش زاھىر بولغاچقا دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئەمما، كوچىدىكى ئۆلۈكنى ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ ئاتىسىنى بۇ ئالىمنىڭ شاگىرتى ئولتۇرگەن ئىدى.

ئەي پەرزەندىم! ئۇستازىڭ تۇگۇل، قۇرۇق تۆھمەتكە ئۇچرىغان كىشى سىنىڭ كۆڭلۈڭنى ئاغرىتسا، ئاغرىتسۇنكى، مۇتلەق - مۇتلەق سەن ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتما؛ بىر يىل مۆھلەت بەرسەڭ، ئون يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ھوسۇلىنى يىغىپ ئالۇرسەن، ھىچ بولمىغاندا ئاخىرەتتە ئالۇرسەن؛ زابانى كۆيەرلەر ئارىسىدا سۆزلىمىگىل، كۆز ئالدىڭدا كۆيەرسەن، تىزكۇشلەر (خوشامەتچىلەر)نىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغىن، كىملەر ئارىسىدا تىز كۇش ئالۇرسەن؛ بۇ دۇنيايى پانىدا مەشھۇر بولمىغىل، ئاخىرەتتە مەشھۇر بولۇرسەن؛ بۇ دۇنيادا زەردار بولمىغىن، ئاخىرەتتە ئېتىبار ئالۇرسەن؛ بۇ دۇنياغا كۆڭۈل بەرمىگىل، ئاخىرەتتە كۆڭۈل تاپالماپسەن ؛

بۇ دۇنيادا ئۆزۈڭنى ئۇلۇغ تۇتمىغىل، ئاخىرەتتە خار بولۇرسەن؛ بۇ دۇنيادىن كۆڭلۈڭنى ئاغرىتمىغىل، ئاخىرەتتە ناھشات بولۇرسەن؛ بۇ دۇنيادا ئۇخلىمىغىل، ئاخىرەتتە ھەمار بولۇرسەن؛ بۇ دۇنيادا كىشىنىڭ مالىنى ئېلىپ قېچىپ ئىزاھ قىلمىغىل، ئاخىرەتتە دۇچار بولۇرسەن؛ بۇ دۇنيادا قان تۆكمىگىل، ئاخىرەتتە قۇرۇق قالۇرسەن؛ بىر ئىشقا تۇتۇش قىلىۋېتىپ ئىككىنچى بىر ئىشقا ئاتلانما، ئىككىلى ئىشتىن قۇرۇق قالۇرسەن.

ئاندا قىلىم، ئۇل موماي چاق ئىگىرىپ كۈن ئۆتكۈزەر ئەردى، بىراق ئۆچكە ئېلىپ، ئىشتىن قۇرۇق قېلىپ، ئاخىرى ھالاك بولدى.

شاھزادە سورىدى: «ئۇ قانداق ئىش ئىدى؟»

## ھىكايەت

پادىشا ئېيتتى: ئى، پەرزەنت! شەھەرگە يېقىن بىر كەنتتە چاقچى موماي بار ئىدى. بىر قانچە ۋاقىت چاقچىلىق قىلىپ يۈرۈپ، شۇ يۇرتتىكى ھال-ئوقىتى ياخشى بايلاردىن بىرى بولۇپ قالدى. بىراق ئۇ خۇدايىتائالانىڭ بەرگىنىگە قانائەت قىلماي، «خېلى باي بولۇپ قاپتىمەن، ئەمدى ئىككى تەرەپتىن ئوقەت قىلسام ياخشى بولمامدۇ؟» - دەپ ئويلىدى - دە، بازارغا بېرىپ ئىككى ئۆچكە سېتىپ ئالدى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە ئۆچكىنىڭ سۈتىنى سېتىپ تاپقان پۇلغا ئوزۇق، چاق ئىگىرىپ تاپقان پۇلغا ئىگىن ئېتىپ كەيمەكچى بولدىيۇ، بىراق ئۆچكىدىن سۈت چىقماي قويدى. بۇ ئىككى ئۆچكە مومايىنىڭ بىر نەچچە يىلدىن بېرى تاپقان-تەگەنلىرىنى يەپ بولدى. مومايمۇ تويماي قالدى. ئۆز قىلمىشىدىن پۇشايمان يېگەن موماي «بۇ ئۆچكىلەرنى بىر تەگمىدىن ئىككى تەڭگىگە ئالغان ئىدىم، ئەندى ھىچ بولمىغاندا سەمرىتىپ قاسساپقا ئىككى تەڭگىدىن تۆت تەڭگىگە ساتارمەن» دەپ ئويلاپ، ئۆچكىنى بېقىشنى داۋاملاشتۇردى. قازارا بىر كۈنى كەچ موماي تالاغا چىققان ئىدى، ئۇشتۇمتۇت بوران چىقىپ كېتىپ، ئىككى بۆرە پەيدا بولدى. بىرى مومايىنىڭ ئۆچكىلىرى بىلەن چاقىنىڭ كىرىچىگە ئېتىلدى، يەنە بىرى بولسا، مومايغا ئېتىلىپ، مومايىنىڭ قارنىنى يېرىۋەتتى. شۇ ئەسنادا، بىر ئوغرى پەيدا بولۇپ مومايىنىڭ چاق ۋە باشقا نەرسە - كېرەكلىرىنى ئالغىلى تۇرغان ئىدى، بۆرىلەر ئوغرىغىمۇ ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈردى.

پادىشا بۇ ھىكايەتنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

ئى پەرزەنت، ھەر كىم دۇنيادا ئىككى ئىشقا بىرلا ۋاقىتتا تۇتۇش قىلسا، بۇ دۇنيادىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ قۇرۇق قالىدۇ. سېنىڭ ئىشىڭ باشقا مەزھەپتۇر. مەن نامازدىن، روزىدىن نەسىھەت قىلمايمەن. سەن ئاشقىلىقتىن لاپ ئۇرىدىغاندەك قىلىسەن، بىراق ئاشىقلار قاتارىدا لاپ ئۇرمىغىل، چىن ئاشىقلار سېنىڭ ئاشىقلىقىڭنى پەم قىلسا، سەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاجىز بولغىل. ئاشىقلىق قۇۋۋىتى ئاجىز بولغان زاھىدلار ئالدىغا بارغىنىڭدا بۇنداق ھايۋانقا تارىدىكى زاھىدلارنىڭ ئاھىدىن قورقۇپ قالمىغىل، بىراق چىن ئاشىقلار ئاھىدىن ھەزەر قىل. زاھىدلار ئاھى ھايۋان مەسەللىك، ئاشىقلار ئاھى بولسا شەمشەردىن ئۆتكۈرەكتۇر، باھالادىرلار تەبرىدىن (غەزىۋىدىن) تېزرەكتۇر. ئى پەرزەنت،

دۇنيا ئىشىنى تۈگىتەمەن دەپ زىنھار ئالدىرىما! دۇنيا ئىشى تۈگەيدىغان ئىش ئەمەس، بۇ پانى دۇنيانىڭ ئىشى بىرنى تاپسا بىرسى يوقتۇر.

ئاندىقىم: ئۇل زاھىت ئېشەك تاپتى، پالان يوق، توقۇم تاپتى، خەير، — دېدى.

شاھزادە سورىدى: «ئۇ قانداق ئىش ئىدى»؟

## ھېكايەت

پادىشا ھېكايە ئېيتتى: ئەي پەرزەنت، شەھەرنىڭ تېشىدا بىر زاھىتنىڭ كەپىسى بار ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى كەپە يېنىدىكى مازارغا بېرىپ خۇدايىتا ئالاغا تائەت-ئىبادەت قىلاتتى. قازارا بىر كۈنى زاھىد پادىشانىڭكىگە باردى. پادىشا ئېيتتى: «ئەي زاھىد، نېمە ئۈچۈن يۈرىگىڭىز سالىدۇ؟»

زاھىد ئېيتتى: پىيادە يۈرسەم يۈرۈكۈم سالىدۇ.

پادىشا ئېيتتى: ئۇلاغ بىلەن يۈرۈڭ.

— ئۇلۇغۇم يوق، بولسىغۇ مىنىپ كېلەتتىم.

پادىشا: ئۇنداق بولسا يانار ۋاقتىڭىزدا بىر ئۇلاغ بېرەيلى، — دېدى.

زاھىد يانماقچى بولغان ئىدى، پادىشا بىر ئات ئېلىپ چىقىپ بېرىشنى بۇيرىدى.

زاھىد ئېيتتى: ئەي پادىشاھى ئالەم، قېرىپ قالدىم، ئاتقا مىنەلمەيمەن.

پادىشا: ئۇنداق بولسا تۆگە بېرىڭلار! — دېدى.

زاھىد ئېيتتى: پادىشاھى ئالەم، تۆگە ھەم پۇرقۇپ لىباسىمنى ناپاك قىلىدۇ.

پادىشا: ئۇنداق بولسا خېچىر ئەپچىقىپ بېرىڭلار! — دېدى.

زاھىد ئېيتتى: خېچىر چىچاڭشىپ تاشلىۋېتىدۇ. خېچىر ئاستىدا قېلىپ ئۆلەرمەن.

پادىشا دېدى: ئۇنداق بولسا، نېمە مىنەسىز؟

زاھىد: ئېشەك مىنسەم، — دېدى.

پادىشا: «مېنىڭ ئوردامغا كەلسىڭىز مىنىپ كېلەرسىز»، — دەپ بىر ئېشەك بەردى. زاھىد ئېشەكنى باغلىغىلى بىر نەرسە تاپالماي، ئاخىرى سەللىسىنى يېشىپ باغلاشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ، توقۇمسىز ئېشەككە مىنسەم لىباسىم ناپاك بولۇر، يا بولمىسا ئېلىپ قېچىپ يەرگە ئۇرار، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى-ۇ، بىراق سەللىسىنىڭ ناپاك بولۇشىنى ئېسىگە-ۇ ئېلىپ قويمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئېشەككە توقۇشقا بىر توقۇم تاپالماي بەش — ئالتە يىل ئۆتتى. ئېشەك باقىمەن دەپ تائەت — ئىبادىتىدىنمۇ قالدى. قەيەرگە بارسا يۆتىلەپ بېرىپ، يۆتىلەپ كېلەتتى. كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشانىڭكىگە باردى. پادىشا تالاغا چىقىپ كېتىۋېتىپ، ئىشىك ئالدىدا يالىڭاچ ھالەتتە تۇرغان ئېشەكنى كۆردى. پادىشا زاھىدتىن: «ئەي شەيخ! ئېشەكنىڭ توقۇمى قېنى؟» دەپ سورىدى.

زاھىد: «پادىشا ئالىلىرى، ئېشەكنى بەرگەنلىرى بىلەن توقۇم تاپالمىغاچقا مىنەلمىدىم»، — دېدى. پادىشا بۇ سۆزگە ھەيران قالدى: «ئېشەكنى بەرگىلى تۆت يىل بولدى، شۇڭغىچە مىنمىگەن بولسىڭىز، غەلىتە ئىش بوپتۇ» — دېدى-دە، زاھىد كېتەر ۋاقتىدا پادىشا ئۇنىڭغا بىر توقۇم بەردى. زاھىد توقۇمنى توقۇپ، ئېشەككە مىنمەكچى بولۇپ، دەرۋازا ئالدىغا چىققان ئىدى، ئېشىكى

بۆرىلەرگە يەمچۈلدى. ئۇ يۈزىنىڭ پەرياد، ۋاھ - ۋەيلا بىلەن: «ئىشەك تاپسام توقۇم يوق، توقۇم تاپسام ئىشەك يوق، مېنىڭ پىيادە يۈرۈشۈم سەرھۇش قەلەمدە پىشانەمگە پۈتۈلگەن ئىكەن» - دەپ توقۇمنى يۈدۈپ، كەينىگە كەتتى، دەپ ھىكايىسىنى ئاخىرلاشتۇردى.

— ئەي ئوغلۇم - دېدى پادىشا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ،- دۇنيا ئىشىغا مەغرۇر بولمىغىل، ئاخىرى ھالاكەتتۇر؛ دۇنيا يىغمىغىل، تۈگەتكۈسىز پالاكەتتۇر. تاپقىنىڭنى خۇدا يولىدا ئاتىغىل ئاتىغىنىڭنى شۇ زامات بەرگىل. ئەگەر ساقلىساڭ دەرت - مېھنەت كەلتۈرۈر، ئاتىغاننى بەرمەسەڭ ئىللەت كەلتۈرۈر. دەرۋىشتىن قەرزدار بولمىغىل، سېنى ھەم رەسۋا قىلۇر. بۇ دۇنيادا بىر تىيىن ھايان ئالساڭ، ئاخىرەتتە ھاياندىن يۈز مەرتىۋە زىيادە زىيان بىرۇرسەن، بۇ دۇنيادا تېرىساڭ، ئاخىرەتتە ئالۇرسەن. زىنھار- زىنھار ناجىنس نامەرتلەر بىلەن دوست بولما، بۇ دۇنيادىكى تامامى دوستلار تاماخور دوستلاردۇر، شۇڭا دوستلىرىڭدىن ھەرگىز ياخشىلىق تاما قىلما، كىشىدىن ۋاپا ئىزدىگەندىن كۆرە روزىگارىڭدىن ئىزدە، بۇ دۇنيانىڭ قىلچە ۋاپاسى يوقتۇر. ئەگەر ۋاپاسى بولسا ئىدى، ئادەم ئاتىمىز بىلەن ھاۋا ئانىمىزغا قىلماسمىدى؟ ھەرگىز، ھەرگىز كىشىگە دۈشمەنلىك قىلمىغىل، دۈشمەن كۆڭلىنى ئالغىل، دوست بولغىل. بۇ دۇنيادا پۇل تاپقان كىشىنى ئۇبدان، پۇل تاپالمىغان كىشىنى بولامسىز دەيدۇ. بۇ سۆزگە ئەسلا ئىشەنمەڭگىل. پۇلۇڭ بولسا دوست بولىدۇ. پۇلۇڭ تۈگىسە ھەممىسى تاشلايدۇ. ياش كىشىلەر بىلەن دوست بولما، ئۇ ناداندوستتۇر. قېرىلار بىلەن دوست بولغىل؛ تولا ئىشلارنى باشتىن كۆچۈرگەن، قېرىلىق مەيرىدىن ئاخىرەتنى كۆڭلىگە پۈككەن، دۇنيا غەۋغاسى دىلىدىن كەتكەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ ۋاپاسى بولۇر. نادان دوستتىن ئاقىل دۈشمەن خوپتۇر. ئۇ ھەرگىز دۈشمەنلىك قىلماس. ئەي پەرزەندىم! بۇ نەسىھەتلەرنى ئەسلا، ئەسلا يادىڭدىن چىقارما.

پادىشانىڭ رەنجى كۈندىن - كۈنگە زىيادە بولدى، ئاخىرى ھالى تەڭ بولدى. ئۇ شاھزادىگە: «ئەي ئوغلۇم پادىشالىق تەختىنى ساڭا تاپشۇردۇم. بەر قارار بولغىن: ئەگەر تەختىمنى ۋاز كەچمەكچى بولساڭ. سەلتەنەتنى تاغاڭغا تاپشۇرغىل» دەپ ۋەسىيەت قىلىپ، جان بەرھەق تەسلىم قىلدى. قالۇ ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن. (بىز ھەممىمىز شەكسىز خۇدانىڭ مەخلۇقاتى، بىزمۇ جەزمەن خۇدانىڭ ئالدىغا بارىمىز.)

ئەمدى شاھزادە رەنايى جاھاندار ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىدىن كېيىن تەختى سەلتەنەتتە بەر قارار بولدى. بۇ چاغدا شاھزادە 9 ياشقا كىرگەن ئىدى. قازارا بىر كۈنى بىر كىشى شاھزادىنىڭ ئالدىغا دات ئېيتىپ كەلدى. ئۇ ئېيتتىكىم: «مەن كەئبە زىيارىتىگە بارماقچى ئىدىم، بىراق بۇ كىشىدىن قەرزدار بولغانلىقىمدىن، كەئبىگە بېرىپ سودا قىلىپ يانغىنىمدىن كېيىن بېرەي دېسەم ئۇنىمايۋاتىدۇ»-دېدى، شاھزادە سودىگەرنىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتىپ، كەئبىدىن قايتقاندا ئۆتىنىشنى بېرىش شەرتى بىلەن خەزىنىدىن پۇل قەرز بەردى، ئۆزىمۇ ھەم بۇ كىشى بىلەن كەئبىگە بېرىش ئىشتىياقىغا چۈشۈپ تاجۇ - تەخت سەلتەنىتىنى تاغىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى. دەرھال سەپەر تەييارلىقلىرىغا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ تاغىسىنىڭ: «سىز كىچىك، كەئبىنى تاۋاپ قىلماق ھازىرچە سىزگە پەرز ئەمەس» دېگەن سۆزلىرىگىمۇ كۆنمەستىن، سەپەر تەييارلىقلىرىنى ھازىر قىلىپ، پەقىرلەرگە كۆپ نەزىرە-نوزرەت بېرىپ، يولغا چىقتى. تاغىسى بەش كۈنلۈك يولغىچە ئۇزۇتۇپ باردى. شاھزادە ئۇزاتقۇچىلار بىلەن خوشلىشىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نەچچە كۈنلەپ يول يۈرۈپ، بىر شەھەرگە يېتىپ باردى. بۇ شەھەرنى «شەھەرى ئاشال» دەپ ئاتايتتى، شەھەر پادىشاسىنىڭ ئىسمى شاھيار ئاشال بولۇپ بۇتپەرەست ئىدى، پادىشانىڭ «ئاپتاپ تاجى زەر» ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىدى. شاھزادە بۇ شەھەردە نەچچە كۈن تۇردى، ئاجايىپ - غارايىپلارنى كۆرۈپ، تاماشا بىلەن يۈردى. قازارابىر كۈنى ئۇل قىز جاھاننامىگە چىقىپ قارىدى، شاھزادە ھەم جاھاننامە ئالدىدىكى گۈرۈستانغا يېتىپ بارغان ئىدى. ناگاھ كۆزى جاھاننامىغا چۈشتى. ئۇنىڭدىن پىرماھى تەلئەت، مۇشتەرى سائادەت، غارەتى ئىمان تاراج، جان نۇرى جاھان، مۇركى جاھان سەرۇخارامان، ھۆسنى پاراۋان ئاپتابى مەشرۇق بىر جايدىن تەۋەللۇت قىلغاندەك بىر پەرىنى كۆردى. ئۇ گۆھەردەك كۆزلىرىدىن زەرلەر چېچىپ تاماشادا ئولتۇرغان ئىدى. شاھزادە كۆرۈپ بەھۇش بولدى، دەرھال ئۆزىنى توختۇتۇپ، ھۇشىغا كېلىپ بۇ بېيىتنى ئوقىدى:

كەلدىمكى ئاشال شەھەر پىرى پىكرى كۆردۇم،
جانىم ئالادۇر كۆزلىرىدە دىلبىرى كۆردۇم.
كۆرسەمكى تاماشادا تۇرۇپتۇر ئاچىلىپ گۈل،
مەشرىق ستەرىدىن مورغ يا مۇشتەرى كۆردۇم.
دەرياىي جاھان ئىچرە يۈرۈپ ھەر چەندە ئىزدەپ،
غەۋۋاس بولۇپ يوق يەنە بىر گۆھەرى كۆردۇم.
مۇنداقكى ئاجايىپ گۈل رەھنانى تاپالماي،
قەدىرۇ سەنۇبەر كەبى يار ئەر - ئەرنى كۆردۇم.
رەھنايى جاھاندار كېچە - كۈندۈز بولۇپ ئىردىم،
ھەيران شۇل مەخسۇدىمە خەترى كۆردۇم.

شاھزادە بۇ بېيىتنى ئوقۇپ بولۇپ جاھاننامىغا يەنە بىر قارىغان ئىدى. قىز ئاللىقاچان كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ «ۋاھ دەرىخ» دەپ سىنەلىرىگە مۇشلاپ يەنە بۇ بېيىتنى ئوقىدى:

بىر دىلبىرى جانىمنى كۆرۈپتىمەن ئالا قالدى،
جانىمغا ئەجەپ تەشۋىش ئوتلار سالا قالدى.
بۇ شەرھىنى ئېيتماققا تۇرۇپتىمەن خەبىرىم يوق،
غايىپ بولۇپتۇر يەنە كۆڭلۈم چالا قالدى.
ئىمە يار جامالىڭغا بولاي بەندە ئۇ ھەيران،
ئۇل كۆزۈڭگە جانىمە لايىغا پېتىپ قالدى.
بۇ كۆڭلۈم ئۇل ئەجدىرى غەم بىرلە تۈل شەيدا،
يار ئالدىڭدا ئۇل شەمشىرى غەممە جول قالدى.
رەھنايى جاھاندار جامالىڭغا ئېلىنىپتۇر،
بارماسەن ئۇ شۇل شەھەر قەدەنگە - ئاڭا قالدى.

(داۋامى بار)

# ئەقىللىق شاھزادە بىلەن گۆھەر مەلىكە

( چۆچەك )

ئۆتكەن زامانلارنىڭ زامانىسىدا بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ 41 خوتۇنى ۋە يالغۇز بىرلا ئوغلى بولۇپ، ئوغلىنى ئىلىم - بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ئۇستا ھۈنەرۋەن قىلىشنى ئويلايدىكەن.

ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پادىشانىڭ شەھرىگە ياقا يۇرتتىن كەلگەن بىر يولۇچى ئوردا ياساۋۇللىرىغا پادىشا ئۈچۈن ئاجايىپ قىممەتلىك سوغات ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، پادىشانىڭ ئالدىغا كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىپتۇ. پادىشا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كىرىشكە ئىجازەت بېرىپتۇ ھەمدە يولۇچى كىرىشىگىلا ئالدىراپ:

— قېنى، ئېلىپ كەلگەن سوغىتىڭنى كۆرسەت! - دەپتۇ ئاچكۆزلۈك بىلەن.

— ئالدىرىمىسىلا تەخسىر، - دەپتۇ يولۇچى بىر ساندۇقنى كۆرسىتىپ، - قىممەتلىك سوغات مانا بۇنىڭ ئىچىدە، سىلە ئاۋال ئوغۇللىرى بىلەن ۋەزىرلىرىنى بۇ يەردىن چىقىرىۋەتمىسىلە، ئۇنى سىلىگە كۆرسىتەلمەيمەن.

پادىشا ئۇنىڭ شەرتىگە ماقۇل بولۇپ، ئوغلى بىلەن ۋەزىرلىرىنى چىقىپ تۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. ئۇلار چىقىپ كېتىپ، پادىشا بىلەن يولۇچى يالغۇز قالغاندا، يولۇچى ھېلىقى كىچىك ساندۇقنى شۇنداق ئېچىپتىكەن، ئاجايىپ گۈزەل بىر قىزنىڭ رەسىمى چىقىپتىكى، پادىشا ئۇنىڭغا بىر قاراش بىلەن تەڭلا ئاشىق - بىقارار بولۇپ، ھوشىدىن كېتىشكە تاس قاپتۇ. ئۇ نومۇس كۈچىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ، شۇ كۈندىن ئېتىۋارەن كۈنسېرى رەڭگى سامانىدەك سارغىرىپ، ئەھۋالى خاراپلىشىشقا باشلاپتۇ ھەمدە ئۆز جېنىدىن ۋاقىتسىز جۇدا بولۇشقا كۆزى يېتىپ، قىزنىڭ رەسىمىنى ساندۇقچىغا سېلىپ ئىچكىرى ئامبارغا ئەپكىرىۋېتىشنى ئېيتىپتۇ. پادىشانىڭ خوتۇنلىرىمۇ بۇ ھالنى سېزىپ، ئۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشا ئالدىدىكى بىر - بىرىدىن قېلىشمىغىدەك خوتۇنلىرى ۋە كېنىزەكلىرىگە مەغۇل بولۇپ، ئۆزىنىڭ بىر پارچە جانسىز رەسىمگە شۇنچىلا قىلىپ كېتىشىنىڭ تولىمۇ كۈلكىلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بارا - بارا ساقىيىپتۇ، ئۆزىنى شۇنچىلا دەرتكە مۇپتىلا قىلغان، ئەرزىمەس نەرسىنى ئېلىپ كەلگەن يولۇچىنى زىندانغا تاشلاشقا بۇيرۇق قىپتۇ.

كىچىكىدىن تارتىپ ھەر قانداق ئىشنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە بىلىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغان زېرەك شاھزادە، دادىسىنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سېلىپ تۇرغان ئىكەن، ئۇ ئويان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ بۇ سىرنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، ئاخىرى بىر كۈنى "ئوردىغا قاراشلىق بارلىق ئامبارلارنى كۆرىمەن" دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇ، پادىشانىڭ ئارزۇلۇق ئوغلى بولغاچقا، ئىلاجىسىز ماقۇل بوپتۇ. پادىشا ئوردىسىنىڭ غەزىنىسىگە قاراشلىق 40 ئامبار بولۇپ، شاھزادە بىر - بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈپ، 40 - ئامبارغا كەلگەندە، غەزىنىچى كىرىشكە يول قويماپتۇ. ئەسلىدە ھېلىقى

رەسىم سىزىلغان ساندۇقچە مۇشۇ ئامبارغا قويۇلغان بولۇپ، پادىشا: بۇ ئامبارغا مەندىن باشقا ھەر قانداق كىشى كىرىشكە بولمايدۇ، دەپ موھۇرنى بېسىپ پېچەتلىۋەتكەن ئىكەن. بۇنى كۆرگەن شاھزادىنىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ، بۇ ئامبارنى كۆرۈش ئىستىكى تېخىمۇ ئېشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋاقتىنچە رايىدىن قايتقان بولۇپ، ئاخشىمى غەزىنىچىنى مېھمان قىلىش بانىسى بىلەن، مەس قىلىدىغان شارابنى راسا ئىچكۈزۈپ، ئاچقۇچىنى قولىغا چۈشۈرۈپ قۇلۇپنى ئېچىپ، پېچەتنى ئاستا سويۇۋېتىپ، ئامبارنى تەپسىلى كۆرۈپ بىر يەرگە كەلگەندە، كىچىككىنە بىر ساندۇق تۇرغىدەك، شاھزادە ھازىرغىچە مۇنداق ساندۇقچىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىكەن. شاھزادە ساندۇقنى ئېچىپ، قىزنىڭ رەسىمىنى كۆرۈش بىلەن يۈرىكىگە ئىشىق ئوتى تۇتۇشۇپ، ئارقا - ئارقىدىن بىر نەچچە قېتىم ھوشىدىن كېتىپتۇ ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ ئىشقى - پىراق دەردىدە دائىم "ئۇھ" تارتىدىغان، گېلىدىن غىزامۇ ئۆتمەيدىغان ھالغا كېلىپ، چىرايلىرى بارغانسېرى سارغىيىشقا باشلاپتۇ.

پادىشا بىردىن-بىر يالغۇز ئوغلىنىڭ ھالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، "غەزىنىدار چوقۇم ئاشۇ رەسىمنى ئەكىرىپ قويغان ئامبارنىمۇ ئېچىپ بېرىپتۇ" دەپ گۇمانلىنىپ، ئۇنى سوراق قىلىپ، قىيىن - قىستاققا ئاپتۇ. غەزىنىدار ئاقىۋەت ھەقىقى ئەھۋالنى ئېيتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىمۇ گۇناسىز ھېسابلاپ، رەسىم سالغان ساندۇقنى ئېلىپ كەلگەن يولۇچىنى زىنداندىن چىقىرىپ، ئۇنىڭغا:

— ھەي، نەدىكى يوقىلاڭ نەرسىلەرنى ئەكىلىپ بالا تېرىغۇچى قەلەندەر، مېنى ھالاك قىلغىلى تاس قالدىڭ، ئەمدى ئوغلۇم سەۋدايى بولۇپ قالدى. ئەگەر ئۇنى ساقايتالمايدىغان بولساڭ، كاللاڭنى ئالىمەن، — دەپ ۋاقىراپتۇ.

— خاتىرجەم بولسىلا، ئۇلۇغ شاھىم، — دەپتۇ يولۇچى مەيدىسىگە ئۇرۇپ، — ئوغۇللىرىنى ساقايتىشقا تامامەن كېپىللىك بېرىمەن.

يولۇچى شاھزادە بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياخشى سۆزلەر بىلەن تەسەللى ئېيتىپ، سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگىچە ھېچنېمىنى ئويلىماسلىققا كۆندۈرۈپتۇ، تولۇق ساقايغاندىن كېيىن رەسىمدىكى قىزنىڭ شەھىرىگە باشلاپ بېرىشكە ۋەدە قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ شاھزادە ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كېلىشكە باشلاپتۇ، تولۇق ساقايغاندىن كېيىن، دادىسىغا سەپەرگە چىقىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ ۋە سەپەر جەريانىدا ھېلىقى يولۇچىنىڭ باشتىن - ئاخىر ھەمرا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەسلىدە "يولۇچى" قىياپىتىدىكى بۇ كىشى دۇنيانىڭ كۆپ يەرلىرىنى كەزگەن، ھەممە ئىشتىن خەۋەردار، ئىلىم - بىلىم ۋە ھۈنەر - كەسىپتە كامالەتكە يەتكەن ئادەم ئىكەن. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پادىشا، ئوغلىنىڭ سەپەرگە چىقىشىغا ماقۇل بوپتۇ ۋە ئۇنى يالغۇز يولغا سېلىپ قويۇشقا كۆڭلى ئۇنىماي، بىر تۈركۈم لەشكەرلىرى بىلەن بىللە مېڭىشقا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

شاھزادە لەشكەرلەرنىڭ قوغداپ مېڭىشى ۋە "يولۇچى" ھەمرايىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، تالاي يۇرتلارنى كېسىپ، چۆللەردىن ئېشىپ، دەريالاردىن ئۆتۈپتۇ، كەچ بولغاندا يېتىپ، نۇرلۇق تاڭنىڭ ئېتىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپتۇ. ئەنە شۇنداق يول مېڭىپ، ماڭغاندىمۇ مول مېڭىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ناھايىتى چوڭ بىر دەرياغا دۇچ كەپتۇ، بۇ دەريادىن سالامەت ئۆتۈش ئۈچۈن لەشكەرلەرگە بىر نەچچە يۈز دانە قېيىق لازىم بولىدىكەن.

شۇڭا، ئۇلار بۇ چۆلدە ھېچ ئامال قىلالماي بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ قاپتۇ، دەل بەشىنچى كۈنى ئەتىگەندە، يول باشلىغۇچى شۇنداق مەسلىھەت ساپتۇ:

— ھۆرمەتلىك شاھزادەم، بىر نەچچە كۈندىن بېرى دەريادىن ئۆتەلمەي ئامالسىز تۇرۇپ قېلىۋاتىمىز، ئوزۇق - تۈلۈكلەر تۈگەۋاتىدۇ. شۇڭا، بىز لەشكەر تارتىپ بىر يەرگە ئۇرۇش قىلغىلى بارمىغاندىكىن، لەشكەرلەرنى مۇشۇ يەردىن قايتۇرۇۋېتىپ، ئىككىمىزلا ماڭساق؛ چۈنكى، قىز دىگەننى پەم بىلەن قولغا چۈشۈرگىلى بولىدۇ. قىز بار شەھەرنىڭ پادىشاسى بۇنچىلا لەشكەرنى كۆرسە شەھەر دەرۋازىسىنى تاقىۋېلىشىمۇ تۇرغان گەپ، قېنى بۇنى ئويلاپ باقسىلا.

شاھزادە ئويلىنىپ قارىسا، ئۇنىڭ گېپى خېلى ئورۇنلۇقتەك، لېكىن لەشكەرلەرنىڭ باشلىقى زادىلا ئۇنىماي „ قايتساقمۇ بىللە قايتىمىز، ماڭساقمۇ بىللە ماڭىمىز. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، پادىشاھىمىز: ئوغلۇمنى نەگە يوقاتتىڭ دەپ كاللامنى ئالامدۇ؟ „ دەپ تۇرۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، دانىشمەن يولۇچى بىلەن شاھزادە باشقىدىن خۇپىيانە مەسلىھەتلىشىپ، شۇ كۈنى كەچلىكى قالغان ئوزۇق-تۈلۈك ۋە ھاراق-شاراپلارنى لەشكەرلەرگە يىگۈزۈپ-ئىچكۈزۈپ مەس قىلغاندىن كېيىن: „ لەشكەرلەر قاچاندا ھوشىغا كەلسە، شەھرىمىزگە قايتىپ كەت، دادام مېنى سورىسا ئەھۋالنى ئېيتىپ، مۇشۇ خەتنى بەر „ دەپ بىر پارچە خەتنى لەشكەر باشلىقىنىڭ قوينىغا تىقىپ قويۇپ، دەريادىن ئۆتۈپ، ئىككىسى يولغا راۋان بوپتۇ.

ئۇلار چۆل - باياۋانلارنى كېزىپ، تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يۇرتقا يېقىن بىر دەريانىڭ بويىغا بېرىپ قاپتۇ. شاھزادە قارىسا، دەريانىڭ ئاياق تەرىپىدىكى قىرغىقىدا بىر ئادەم بېلىق تۇتۇپ ئولتۇرغىدەك، ئىككىيلەن يېقىنراق بارغىدەك بولسا، كېيىنىشلىرى پوسۇن، سىياقى بايۋەتچىدەك بىر يىگىت ئىكەن. شاھزادە بىلەن يولۇچى بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ھالدا، ئۇنىڭ شۇنچىلا سۆلىتى بىلەن بېلىق تۇتۇپ ئولتۇرغىنى نېمىسى دەپ ئويلاپ:

— ھەي يىگىت، ئۆزىڭىز شۇنداق كېلىشكەن يىگىت ئىكەنسىز، سىزنى بېلىق تۇتۇشقا نېمە مەجبۇر قىلدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

بېلىق تۇتۇۋاتقان يىگىت بېشىنى كۆتىرىپ، ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقان كىشىنىڭ باشقا شەھەردىن كەلگەن بىر شاھزادە ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ - دە، ئەدەپ بىلەن:

— ھەي شاھزادە، پەمىمچە، سىز باشقا شەھەردىن كەلگەن ئوخشايسىز، ئېيتقىنىڭىز دۇرۇست، دەرۋەقە مەن بېلىق تۇتۇپ جېنىمنى جان ئېتىدىغانلاردىن ئەمەس. بىلمىسىڭىز كېرەك، شەھرىمىزنىڭ پادىشاسىنىڭ بىر قىزى بولۇپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن شەھەرلەردىن ئەلچىلەر كېلىپ ئوردا-سارايلىرى توشۇپ كەتتى. پادىشا ئۆز مېھمانلىرىنى ھەر كۈنلىگى يېڭى بېلىق بىلەن مېھمان قىلىش ئۈچۈن، شەھەر خەلقىنىڭ ھەممىسىگە بېلىق تۇتۇشنى جاكالىدى، شۇڭا مەنمۇ بېلىق تۇتۇشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان شاھزادىنىڭ يۈرىگى ئىختىيارسىز دۈپۈلدەپ، ئىچىدە: „ مەن رەسىمىنى كۆرۈپ ئاشىق بولغان قىز شۇمۇ نېمە ؟ „ دەپ ئويلاپ، قويۇن يانچۇقىدىن ھېلىقى رەسىمنى چىقىرىپ:

— يىگىت، ئېيتىڭا، سىز دەۋاتقان قىز ماۋۇ رەسىمدىكى قىزدىنمۇ چىرايلىقمۇ؟ — دەپ سورىغان ئىكەن، يىگىت رەسىمنى قولىغا ئېلىپ سىنچىلاپ قاراپ:

— بۇ دەل شۇ قىزنىڭ رەسىمىدەك قىلىدۇ، بىراق بۇ، كېسەل بولۇپ قالغان ۋاقتىدا سىز-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



دۇرغان رەسىمى بولسا كېرەك. ھازىر بۇ قىز شۇنداق چىرايلىقكى، مەن ئۇنى تىل ئارقىلىق تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. ئەگەر دۇنيادا ئۇنىڭدەك كېلىشكەن ساھىپجامال قىز بىر بولسا، ئۆزى شۇ، مۇبادا ئىككى بولسا بىرى شۇ. ئۇ يۈزىگە نەچچە قەۋەت چۈمبەل ئارتىۋالسىمۇ رۇخسارىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى » گۆھەر مەلىكە « دەپ ئاتىشىدۇ. دىمىسىمۇ گۆھەر مەلىكە تۇرغان ئۆيگە كېچىسى چىراقنىڭ كېرىگى يوق، سۆزۈمگە ئىشەنمىسەڭلا،كۆرگەندە بىلىسىلەر، ــ دەپتۇ.

يىگىتنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان شاھزادىنىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ، بىتاقەت بولۇپ،توختىماي » ئۇھ « تارتقىلى تۇرۇپتۇ. شاھزادىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى سەزگەن » يولۇچى «، يىگىتكە قاراپ:

ــ ھەي ئېقىللىق يىگىت، بىز ئاشۇ قىزنى ئىزدەپ كەلگەن ئىدۇق، شاھزادىمىز ئۇنىڭ ئىشقى ــ پىراقىدا كۆيگىلى ئۇزۇن ۋاقىت بولدى. سىز بىزگە ياردەم قىلسىڭىز، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن يېقىنراق بىر جايغا ئورۇنلىشىۋالساق، ــ دەپ ئىلتىجا قىپتۇ. يىگىت ئۇلارنىڭ تەلىۋىگە ماقۇل بوپتۇ ۋە قىز تۇرۇشلۇق جايغا ياندىش بىر سارايغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. شاھزادە بىلەن » يولۇچى « ئارام ئېلىپ، ئەتىسى تاڭ ــ يورۇشى بىلەنلا ئورنىدىن تۇرۇپ كوچا ئايلىنىپتۇ. ئۇلار قارىغىدەك بولسا، شەھەر كۆچىلىرىدا تۈرلۈك ئىقلىملاردىن كەلگەن شاھزادىلەر ۋە ئاجايىپ سۆلەتلىك بايۋەتچىلەر مىغىلداپ، بىر ئىگىز راۋاققا كۆز تىكىشىپ تۇرغىدەك. ئەسلىدە بۇ، گۆھەر مەلىكە راۋاققا چىقىپ ئەلچىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرىدىغان كۈن ئىكەن. دىگەندەك، كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە ھەممەيلەن راۋاق تەرەپكە سىلجىپ، پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا دەسسىشىپ تەلمۈرۈپ قاراشقا باشلاپتۇ. شاھزادە بىلەن » يولۇچى « مۇ تىكىلىپ قارىسا، راۋاقنىڭ ئۈستىدە چىرايىدىن كۈندەك نۇر ياغدۇرۇپ بىر قىز تۇرۇپتۇ، يېنىدىكىلەرنىڭ گەپ ــ سۆزلىرىدىن مەلۇم بولىشىچە، تېخى ئۇ 7 قەۋەت چۈمبەلنىڭ ئىچىدە تۇرغان چېغى ئىكەن. شاھزادە ئىختىيارسىز » ئاھ « تارتىپ ئاران ــ ئاران دەسسەپ تۇرۇپتۇ. » يولۇچى « ئۇنىڭغا تەسەللى ئېيتىپ، قولتۇغىدىن يۆلەپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن قىز يۈزىدىكى چۈمبەلنى ئېلىۋەتكەن ئىكەن، گويا ئاسماندا يەنە بىر كۈن پەيدا بولغاندەك، قاراپ تۇرغانلارنىڭ تولىسى ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىشقا باشلاپتۇ. شاھزادە بولسا » يولۇچى « ھەمرايىنىڭ ياردىمى بىلەن تەستە ئۆرە تۇرۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا قىز ئەتراپقا نەزەر سالغان ئىكەن. ئۇنىڭ كۆزلىرى شاھزادىنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۆز ئارا تىكىلىشكىنىچە بىر پەس تۇرۇشۇپ قاپتۇ. جۈپ كۆزلەر قەلب سىرلىرىنى ئاشكارىلاپتۇ. ئىككىلىسى بىر-بىرلىرىگە تەلپۈنۈپ، يىگىت ئۆزىنىڭ قانداق ماڭغىنىنى ئۇقمايلا راۋاقنىڭ قېشىغا بېرىپ قاپتۇ. قىزمۇ 40 كېنىزىكىنىڭ ھەمرالىقىدا چاچلىرىنى كۆتەرتىپ راۋاقتىن چۈشۈپتۇ. كىشىلەر بۇ ئاجايىپ ھادىسىگە ھەيران بولۇشۇپ رەشىك ئوتلىرى يانغان كۆزلىرىنى تىكىشىپ قاپتۇ.

گۆھەر مەلىكە شۇنداق گۈزەل، ساھىپجامال بولۇش بىلەن بىللە ئاجايىپ ئېقىللىق ۋە چېچەن بولۇپ، ئادەمنىڭ چىرايىغا قاراپلا ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەن. شۇڭا ئۇ ئۆزى ئۈچۈن جاھاننىڭ ھەر قايسى ئىقلىملىرىدىن كەلگەن سانسىز شاھزادە ۋە سۆلەتلىك بايۋەتچىلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى ياراتماي كەلگەن ئىكەن. قىز بۇ يېڭى شاھزادىنى كۆرۈش بىلەنلا ئۆزى ئۇزۇندىن بېرى كۈتكەن، توي قىلىشقا مۇناسىپ يىگىت ئىكەنلىكىنى ھېس

قىپتۇ ـ دە، دەرھال: ”دادامغا ئەلچى كىرگۈزۈڭ، دادام ئۇنىمىسا، قالغان ئىشنى ئۆزۈم توغرىـ
لايمەن » دەپتۇ.

شاھزادە بىلەن ” يولۇچى » مەسلىھەتلىشىپ، ” يولۇچى » نى ئىبىل تون ـ سەرۇپايلار
بىلەن ياساپ ئەلچى قىلىپ كىرگۈزمەكچى بوپتۇ. ئۇلار مەسلىھەتلەشكىنى بويىچە تولۇق تەييارـ
لانغاندىن كېيىن، ” يولۇچى » پادىشانىڭ ئالدىغا ئەلچى بولۇپ كىرىپتۇ. ئەلچى پادىشانىڭ
ئالدىغا كىرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ پۈتۈن دانىشمەنلىكى ئاساسىدىكى سۆزمەنلىكى بىلەن پادىـ
شانى قايىل قىپتۇ. پادىشا ئىچىدە: ” ئالدىمغا نۇرغۇن ئەلچىلەر كەلگەن بولسىمۇ، كۆپلىرى مېنى
قايىل قىلالماي كېتىشكەن ئىدى، ھەتتا بەزىلىرى لەشكەر كۈچى بىلەن تەھدىت سالماقچىمۇ بوـ
لۇشتى. بۇ، چىرايلىق گەپلەر بىلەن مېنى قايىل قىلىپ قويدى، ئەمدى ”ياق» دېيىشكە ئامالسىز
قالدىم » دەپ ئويلاپ:

ــ قىزىمغا نۇرغۇن ئەلچىلەر كەلگەن بولسىمۇ تولىسىغا، ”ياق» دېگەن جاۋاپنى بەرگەن
ئىدىم. بەزىدە مەن ماقۇل دېگەنلىرىمگە قىزىم ئۇنىمىدى، مەن شۇڭا ھازىرلا ئالدىراپ ماقۇل
دەپ قويسام بولمىغىدەك، بۇنىڭ ئۈچۈن ئوردىدىكى ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ۋە شەھەر چوڭلىرى بىـ
لەن مەسلىھەت قىلىپ جاۋاپ بەرسەم، ـ دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ پادىشا شۇ كۈنى كەچتىلا مەسلىھەت ئۈچۈن يېقىنلىرىنى چاقىرىپتۇ. ئۇلارـ
نىڭ ھەممىسى دېگىدەك مەلىكىنىڭ ئىختىيارىغا قويۇشنى ئېيتىپتۇ. چۈنكى، گۆھەر مەلىكىنىڭ
ئېقىللىق قىز ئىكەنلىكىنى ھەممىسى تولۇق بىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن پادىشا مەلىكىنىڭ ئىختىياـ
رىغا قويۇپتۇ. مەلىكە رازىلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. توي كۈنى بېكىتىلىپ پۈتۈن شەھەرگە جاكارلىنىپتۇ.
توي 40 كېچە ـ كۈندۈز داغدۇغىلىق داۋاملىشىپ، 40 ـ كۈنى نىكا پاتىھەسى ئوقۇلۇشتىن بوـ
رۇن، گۆھەر مەلىكە ئۆز شەھىرىنىڭ دەرياسىدا ئاخىرقى قېتىم يۇيۇنۇۋېلىشنى ئىلتىماس قىپتۇ.
پادىشا قىزىنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، كېنىزەكلىرى بىلەن يولغا سالپتۇ. گۆھەر
مەلىكە تولۇن ئاي دەريادا چۆمۈلۈپ ئويىنىغاندەك، شوڭغۇپ
ئۈزۈپ يۇيۇنۇپ بولۇپ، قايتاي دەپ تۇرۇشىغا تۇساتتىن بىر
قارا قۇيۇن پەيدا بولۇپ، ئۆزى بىلەن قوشۇپ ئۇچۇرغان پېتى ئاسمانغا ئەپچىقىپ كېتىپتۇ.
كېنىزەكلەر بولسا قىيا ـ چىيا قىلىپ ۋاقىراشقىنىچە قاراپ قاپتۇ ـ دە، ئىلاجىسىز ھالدا بولغان
ئەھۋالنى پادىشاغا مەلۇم قىپتۇ. شاھزادە بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن جىددى سەپەر
تەييارلىقىنى قىلىپ، قانداق قىلىپ بولسىمۇ گۆھەر مەلىكىنى تېپىش ئۈچۈن ”يولۇچى» نىڭ
ھەمراھلىقىدا يەنە سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. باشقا شاھزادە ـ بايۋەچچىلەر بولسا: ”بەرمەسنىڭ ئېشى
پىشماس، پىشسىمۇ ئۇچاق بېشىدىن چۈشمەس» دېگەندەك، بۇ، پادىشانىڭ قىزىنى
بەرمەسلىكىنىڭ قازىنىنى ئېسىپ قىلغان ھىلىسى دەپ چۈشىنىپ،
كۆڭۈللىرىدە شاھزادىغا ھەسىداشلىق قىلىشىپ، پادىشادىن نارازى بولۇپتۇ. ئەمما، پادىشا
بولسا غەمگە چۆكۈپ، ھەسرەت چېكىپ، ئىچى دەرتكە تولۇپتۇ.

شاھزادە بىلەن ”يولۇچى» گۆھەر مەلىكىنى ئىزدەپ بىر نەچچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن،
قارىسا ئالدىدىكى يولنىڭ چېتىدە ناھايىتى زور بىر قۇش ھالسىزلىنىپ ياتقىدەك. ئۇلار قۇشـ
نىڭ باش ـ كۆز قانات ـ قۇيرۇقلىرىنى سىلاپ، ئازراق سۇ ئۇچۇرگەن ئىكەن، قۇش ئاستا ـ
ئاستا ماغدۇرغا كېلىپ، كۆزلىرىنى ئېچىپ سىلكىنىپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ ھالغا
كېلىپ قالغانلىقىنى سورىغان ئىكەن، قۇش بولغان ئەھۋالنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن،
گۆھەر مەلىكىنى دىۋىلەر ئېلىپ قاچقانلىقىنى، دىۋىلەر چىققارغان بوران بۇ قۇشنى سوقۇۋەتـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



كەڭلىكى ئۇچۇن مۇشۇ هالغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلىپتۇ . قۇش تولۇق ماغدۇرىغا كېلىشۋالغانـ
دىن كېيىن ئۇلارنى دىۋىلەر ماكانىغا يەتكۈزۈپ قويماقچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھزادە بىلەن
ئۇنىڭ "يولۇچى» ھەمرايى قۇشنى پەرۋىش قىلىپ ياخشى بېقىپتۇ . قۇش تامامەن ئەسلىگە كەلگەندە،
ئۇلار يېتەرلىك ئوزۇق - تۈلۈك ھازىرلاپ قۇشقا مىنىپ ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپ - ئۇچۇپ يەتتىنچى
كۈنى بولغاندا دىۋىلەر تۇرۇشلۇق جايغا يېتىپ كەپتۇ، قارىغۇدەك بولسا ئەتراپىدا لاۋۇلداپ
ئوت كۆيۈۋاتقان بىر قەسىر تۇرغىدەك. قۇش ئۇلارنى دالدىراق بىر يەرگە چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئۆ-
زى ئىشىنىڭ سىرىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئوت ئۈستىدىن ئۇچۇپ قەسىر تەرەپكە كېتىپتۇ. ئۇ
ئاستا بىر دەرەخنىڭ ئۈستىگە قونۇپ سەپسالسا، شىپاكىنىڭ پەللەمپىيىدە ئۆزى چىرايلىق، ئەمما
چىرايى سولغۇن بىر قىز ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگىدەك بىر دىۋىنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ
ئولتۇرغىدەك، دىۋە قاتتىق ئۇيقۇدا ئىكەن. قىز دەرەخ شېخىدا ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغان ئەر-
كىن قۇشنى كۆرۈپ ئىچ - ئىچىدىن ئۇھ تارتىپ، تارام - تارام ياش تۆكۈپتۇ. قۇش قىزنىڭ ھا-
لىغا ئېچىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ پۈتۈن سىرنى بىلىۋاپتۇ - دە، شاھزادىنىڭ قېشىغا كېلىپ:
— ھازىر دىۋىلەر قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، يەنە 2 كۈندىن كېيىن ئويغىنىدىكەن. سىلەر ئوتقا يې-
قىنداپ بارساڭلار بىر قىزىل خوراز چىقىدىكەن، ئۇنى ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈشۈڭلار ھا-
مان، ئوت دەرھال ئۆچىدىكەن، ئاندىن سىلەر قەسىرگە كىرىپ، مەن سۆزلەشكەن
قىز بىلەن سىلەر ئىزلەپ كەلگەن مەلىكىنى قۇتقۇزۇپ ، قەسىرگە
تەرەپ - تەرەپتىن ئوت قويۇۋېتىپ قايتىپ كېتىڭلار، مەن سىلەرنى ساقلاپ تۇرىمەن دەپ-
تۇ. ئۇلار قۇشنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە ئىككى مەلىكىنى قۇتقۇزۇپ، دۈشمەنلەرنىڭ ماكانى-
غا ئوت قويۇۋېتىپ قايتىپ كەپتۇ. قۇش تۆتەيلەننى ئۈستىگە مىندۈرۈپ، ئاۋال قۇش بىلەن سۆز-
لەشكەن مەلىكىنىڭ شەھىرىگە كەپتۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ دادىسىمۇ بىر شەھەرنىڭ پادىشاسى بولۇپ،
قىزى ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا يوقىلىپ كەتكەن ئىكەن. ئۇ قىزىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا ھۇشىدىن
كېتىشكە تاس قاپتۇ ۋە كاتتا زىياپەت بېرىپ ئۇلارنى كۈتۈۋاپتۇ. ئاخىرىدا قايتىدىغان چاغدا
قىزىنى شاھزادىگە بەرمەكچى بوپتۇ .شاھزادە ئۇنى بىللە كەلگەن يولۇچى ھەمرايىغا ئۆتۈنۈپ
بېرىپتۇ. پادىشامۇ ئۇنىڭ تەلىپىگە رازى بولۇپ، كاتتا توي-مەرىكىلەر ئۆتكۈزۈپ، شاھزادىنىڭ
ھەمرىيىنى كۈيئوغۇل قىلىۋاپتۇ ۋە ئۆز شەھرىدە تۇرۇپ قېلىشقا ئۈندەپتۇ. لېكىن ئۇ بىللە كەلگەن
شاھزادىنى ئۆز شەھىرىگىچە يەتكۈزۈپ قويمىسام بولمايدۇ دەپ تۇرىۋالغاچقا، پادىشا ئۇنىڭ تە-
لىۋىنى ماقۇل كۆرۈپتۇ - دە، يول تەييارلىقىنى قىلىپ ئات - ئۇلاقلار بىلەن ئۇلارنى يولغا سې-
لىپ قويۇپتۇ. ئۇلار مېڭىش ئالدىدا قۇشنىڭ ياخشىلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ئايرىلىپتۇ.
ئۇلار يولغا چىققاندىن كېيىن يول بويى بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى ئۆز - ئارا سۆزلىشىپ، قى-
زىق - قىزىق ئىشلارنى ئاڭلىغاندا ئىختىيارسىز كۈلۈشۈپ، زېرىكسە ناخشىلار توۋلاپ، بەزىدە بۆ-
رى - قاۋانلارنى ئوۋلاپ دېگەندەك، يولمۇ ئانچە ئۇزاق بىلىنمەي، توپ - توغرا 10 كۈن بولغاندا،
گۆھەر مەلىكىنىڭ شەھرىگە يېتىپ كەپتۇ. قارىغىدەك بولسا، شەھەرنىڭ ئىلگىرىكى ئاۋاتلىقىدىن
ئەسەرمۇ قالمىغان، خەلق ماتەمدار بولغاندەك روھى مىسكىن، چىرايى غەمكىن ھالدا كۆرۈنۈپتۇ.
نىمە بولغانلىقىنى سورىسا، پادىشانىڭ يوقالغان قىزىنىڭ دەردىدە كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى.
خانىشىنىڭ بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. گۆھەر
مەلىكە بۇنى ئاڭلاپ يامغۇردەك ياش تۆكۈپتۇ. قالغانلارمۇ قايغۇ ئىچىدە مۇسىبەتكە چۆكۈپتۇ.
پادىشا قىزىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاستا - ئاستا ساقىيىشقا يۈزلىنىپتۇ. گۆھەر مەلىكە يوقالغانـ
دىن كېيىنكى خانىشىنىڭ تارتقان - دەرت ئازاپلىرى بىر - بىرلەپ سۆزلىنىپتۇ. بارا - بارا تەقـ
دىرنىڭ قىسمەتلىرىگە كۆنەلمىگەن ئىلاج يوقلۇقىنى ھېس قىلىشىپ كۆڭۈللىرى تەسەللى تېپىپ،

(ئاخىرى 109 - بەتتە)



قىزىقارلىق ھىكايە

نەرگەس گۈلى (سۈرەتنى جورى قادىر تارتقان)





تېۋىپ (ماي بوياق رەسىم)   ئەبەيدۇللا سىزغان


قەشقەر ئەدەبىياتى (14- يىل نەشرى)

《喀什噶尔文学》（双月刊）

---

1985 - يىل 1 - سان (قوش ئايلىق ژورنال)

نەشر قىلغۇچى: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

تۈزگۈچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

جابلاردىكى پوچتىخانىلار ۋاكالىتەن تارقىتىدۇ

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى

ئىدارىسىنىڭ تىزىم نومۇرى: 0.41

---

ژورنال نومۇرى: 62 — 58

پارچە سېتىلىش باھاسى: 50 فۇڭ